تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى
ئۈچۈن مۇھىم قورال

# بىلىم جەۋھەرلىرى

تېز ئۆگىنىش، تېز ئىزدەش، تېز ئەستە ساقلاش قوللانمىسى

**ئۇيغۇر تىلى + ئاساسىي بىلىملەر + مۇھىم نۇقتا + قىيىن نۇقتا**

# تىل - ئەدەبىيات

ئالىي مەكتەپكە بارىدىغان تېز يول

تولۇق ئوتتۇرا 1 ـ 2 ـ 3 ـ يىللىقلار
ئۈچۈن بىردەك ماس كېلىدۇ

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن مۇھىم قورال

## بىلىم جەۋھەرلىرى

# تىل - ئەدەبىيات

تۈزگۈچى: ئەلى غوجاخۇن


مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە غوپۇر
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ بابەي مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2014 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2014 - يىل 9 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 787×1092 م م 32 /1 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 11.75
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5372 - 5878 - 4
باھاسى: 28.80 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2828206 (0991)
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 18999960141 پوچتا نومۇرى: 830001


بېسىش، تۈپلەشتە مەسىلە بولسا ئالماشتۇرۇپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب ئۇيغۇر تىلى** ............................. 1
تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........... 1
فونېتىكا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ................... 2
لېكسىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە .................... 16
گىراماتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ............. 28
مورفولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ............ 29
ئىسىم توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە .................. 36
سۈپەت توغرىسىدا چۈشەنچە ............................ 43
سان توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ..................... 45
مىقدارلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ................ 48
ئالماش توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە .................. 51
رەۋىش ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ..................... 55
پېئىل توغرىسىدا چۈشەنچە ............................. 58
تەقلىد سۆزلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........... 73
ئىملىق سۆزلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........... 76
ياردەمچى سۆزلەر ھەققىدە چۈشەنچە .................. 78
سىنتاكسىس ھەققىدە چۈشەنچە ........................ 80
جۈملىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى . 82
جۈملە بۆلەكلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە .............. 89

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى .................. 97
ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن بۆلۈنۈشى ..... 102
مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ...... 104
كۆچۈرمە جۈملە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ............ 110
تىنىش بەلگىلىرى ھەققىدە چۈشەنچە ............... 112
**ئىككىنچى باب ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر** ......... 120
ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر توغرىسىدا چۈشەنچە ........................................ 120
ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 132
**ئۈچىنچى باب شېئىرىي ئەسەرلەر** ................ 140
شېئىر توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ............... 140
شېئىرلارنىڭ شەكىل جەھەتتىن بۆلۈنۈشى ........ 141
شېئىرلارنىڭ تۈزۈلۈشى ............................ 146
ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى .... 150
**تۆتىنچى باب نەسرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش** ........................................ 154
**بەشىنچى باب سەھنە ئەسەرلىرىگە دائىر بىلىملەر** ........................................ 157
**ئالتىنچى باب پىروزا ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش** ........................................ 161
**يەتتىنچى باب ساياھەت ئەدەبىياتى، تەرجىمىھال ئەدەبىياتى، ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش** ............................. 167
**سەككىزىنچى باب قوللىنىش تىپىدىكى، پەننى**

**ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە، ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش** ...................... 173
پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر .. 173
مۇھاكىمە ماقالىسى توغرىسىدا ...................... 174
چۈشەندۈرۈش ماقالىسى توغرىسىدا .................. 178
ئەدەبىي ئوبزور توغرىسىدا .............................. 179
نۇتۇق توغرىسىدا ........................................ 182
**توققۇزىنچى باب ئىزدىنىشلىك ئۆگىنىش بىلىملىرىنى جۇغلاش ۋە بىرىكتۈرۈش** ...................... 186
فامىلە ۋە فامىلىنىڭ كېلىپچىقىشى .................. 186
ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ بايرام ئادەتلىرى ........... 188
ئۇيغۇر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى ........................ 189
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ...... 192
يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ............ 195
تۇتېم ھەققىدە چۈشەنچە ................................ 196
لوگىكا بىلىملىرى توغرىسىدا ........................ 196
مەدداھلىق سەنئىتى توغرىسىدا ...................... 203
كىنو ـ تېلېۋىزىيە ........................................ 205
فولكلور ھەققىدە .......................................... 208
ئېتىمولوگىيە ................................................ 212
سىلىشتۇرۇشتىن سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقىچە ..... 216
**ئونىنچى باب تېكىست ئۇچۇرلىرى** .............. 221
غەزەپ ۋە زار .............................................. 221
يىللارغا جاۋاب ............................................ 222
بوگۇن ۋە ئەتە .............................................. 223

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇلتۇزلار يۇرتى ........................................ 224
ئانا تىلىم ........................................ 224
نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى ........ 225
گۈل ناخشىسى ........................................ 226
بىر ئادەمگە نۇرغۇن زېمىن لازىممۇ ................ 227
ئاقچۇق سېپىدا («ئىز» رومانىدىن پارچە) .......... 228
كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش كالتىكى .................... 229
دېڭىز سەپىرى ........................................ 230
مېنىڭ بىر كۈنۈم ........................................ 231
ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا .................... 231
پارچىلار ........................................ 232
«ئات» بىلەن «ئات مىنگەن كىشى» .................... 233
ھاياتقا مۇھەببەت ........................................ 234
ئىنساب سودىگىرى ........................................ 235
مېنىڭ ئارزۇيۇم (نۇتۇق) ........................ 236
يېقىنقى زامان ئىلىم - پېنىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشى
ۋە كەلگۈسىگە نەزەر ........................................ 237
دولان ياشلىرى (ھېكايە) ........................ 238
شىراق (ھېكايە) ........................................ 239
غەزەل ........................................ 240
ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا ........................ 241
ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر ................ 242
ھايۋانلارنىڭ ئوينىشىدىكى سىرلار ................ 243
بىر فىزىكىنىڭ تەربىيەلىنىش جەريانى ................ 243
قۇشلار نېمىشقا ئۇچالايدۇ؟ ........................ 244

مۇقام ئۇستازى .................................. 245
گۈلدۈرماما ............................................ 246
كاشغەر (رادىپلىق غەزەل، رادىپ ــ كاشغەر) ... 248
كوللىيات مەسنەۋى خەراباتى (مەسنەۋى) ........... 248
ئانا (رادىپلىق غەزەل، رادىپ ــ قىلغان ئاتا) ...... 249
كىيىم ـ كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى
250 ..........................................................
ئەكېلىشپەرۋەرلىك ................................ 251
تىل ـ ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا ..................... 252
كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى ................................ 253
يۇرىكىم يىغلايدۇ ....................................... 254
ليەن پو ۋە لىن شياڭرۇ قىسسىسى .................. 255
ئوۋچى ئەسلىمىلىرى .................................... 256
ئالا ئىت قىياسى ........................................ 257
زۇلمەتلىك يىللاردىكى ئوت يۈرەك شائىر .......... 259
مۇھەممەت باغراش ئىمزەدەنمە ھېكايىلىرىنىڭ بەزى
ئالاھىدىلىكلىرى ......................................... 260
ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخى
«دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى ........... 261
كېلەچەككە تۇتاشقان رىشتە ............................ 261
ئوسۇتىسىمدا خەۋەر قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق ...... 262
جانلىقلار جەمئىيىتى .................................... 263
ئادەم بەدىنىنىڭ قورغىنى ــ تېرە .................. 264
يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا
كۆرسىتىدىغان تەسىرى ................................ 265

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئون بىرىنچى باب ئىجادىيەت ........................ 266
قوشۇمچە Ⅰ. زۆرزۆر دەرسلىكتىكى كىلاسسىك
ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىسى ۋە يەشمىسى .............. 303
قوشۇمچە Ⅱ. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىـ
ـرىدىن ئۆرنەكلەر ................................ 325
قوشۇمچە Ⅲ. مارجان سۆزلەر توپلىمى ........... 357

# بىرىنچى باب ئۇيغۇر تىلى

## تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. تىل تاۋۇشلىرى دېگەن نېمە؟

سۆزلەرنى شەكىللەندۈرگۈچى تاۋۇشلار تىل تاۋۇشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىدىن ئۆتۈشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان تاۋۇشلار تىل تاۋۇشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. تىل تاۋۇشلىرى تىلنى ئىپادە قىلغۇچى ئەڭ كىچىك بىرلىك. يەنى تىلنىڭ ماددىي پوستى ھېسابلىنىدۇ.

### 2. فونېما دېگەن نېمە؟ ۋارىيانت دېگەنچۇ؟

مەلۇم تىلدا سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىنى ۋە مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك فونېما دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تۆت — ئۆت ماڭ — تاڭ ئاچ — ئاش يوق — توق

سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە شەكلىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاساس بولالمايدىغان تىل تاۋۇشى ۋارىيانت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇرەك ــ ژۇرەك باج ــ باژ ئۇجمە ــ ئۇژمە
پەرق ــ فەرق
دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ژ»، «ف» تاۋۇشلىرى فونېما بولالمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا 32 تىل تاۋۇشى، 30 فونېما بار.

**3. تىلنىڭ ئۈچ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قايسىلار؟**

ھەرقانداق بىر تىل فونېتىكا ، لېكسىكا، گىراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم تەركىبىي قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

فونېتىكا ــ تىل تاۋۇشلىرى ۋە تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى، تىلدىكى فونېما، تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى، ئۆزگىرىشى، ماسلىشىشى، بوغۇم، ئۇرغۇ ۋە توغرا تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

لېكسىكا ــ بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى، ئۇ تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى، سۆز مەنىسى ۋە تۈرلىرى، سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش يوللىرى، تۇراقلىق تەركىبلەر، سۆز ۋە لۇغەت تەركىبى سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

گىراماتىكا ــ سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى، تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ۋە جۈملە تۈزۈش ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

# فونېتىكا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

## 1. فونېتىكا دېگەن نېمە؟

فونېتىكا — گىرېكچە «PHONE» (تاۋۇش، ئۈن) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۇ تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى سۈپىتىدە رۇس تىلى ئارقىلىق تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. ھازىر بۇ ئاتالغۇ «تىل تاۋۇشلىرى» ۋە «تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان» پەن مەنىلىرىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر تىلىدا قانچە تاۋۇش بار؟ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق تاۋۇشلار ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراش ياكى ئۇچرىماسلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن سوزۇق تاۋۇش ۋە ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەت ۋە شەكىللىرىگە ئاساسەن بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى:

| لەۋ ھالىتى بويىچە / تىل ئورنى بويىچە | لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش | لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش |
|---|---|---|
| تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش | ئۆ ئۈ | ئە |
| تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش | ئو ئۇ | ئا |
| تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش | | ئې ئى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈزۈك تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش ـ تىترىمەسلىكى جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

| تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش ـ تىترىمەسلىكى / تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى | جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار | جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار |
|---|---|---|
| پارتلىغۇچى تاۋۇشلار | ب د گ | پ ت ف ك |
| پارتلىغۇچى ـ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار | ج | چ |
| سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار | ۋ ز ژ ي غ | س ش خ ق ھ |
| دىماق تاۋۇشلىرى | م ن ڭ | |
| قوۋۇز تاۋۇشى | ل | |
| تىترىگۈچى تاۋۇش | ر | |

ئوقۇغۇچىلار جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنى تۆۋەندىكى جۈملە ئارقىلىق ئۆگىنىپ ئەستە ساقلىۋالسىمۇ بولىدۇ:

«فاك تاشقا پىچاق خاس» بۇ جۈملە تەركىبىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن ئىبارەت.

«گىجىڭ دەرۋازىۋەندىن ھەر يىلى باج ئالغىلى بولمايدۇ»

بۇ جۈملە تەركىبىدىكى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى جاراڭلىق ئۆزۈك تاۋۇشلاردىن ئىبارەت.

**3. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى، لەۋ ھالىتى ھەم تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش ياكى تىترىمەسلىك خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ. بۇنداق ماسلىشىش كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى بوغۇمى ھەم سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى قانداق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقانلىقىغا قاراپ سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ ئۆلىنىشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**4. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە خىل بولىدۇ؟ قايسىلار؟**

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىلدا پەيدا بولۇش ئورنى ۋە شۇ تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتىدىكى لەۋنىڭ ھالىتى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېيىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ بۇ خىل ماسلىشىش قانۇنىيىتى تۈپ سۆزلەردىلا كۆرۈلۈپ قالماستىن، بەلكى تۈپ سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى تاۋۇشلار بىلەن ئۇلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئارىسىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن: مەكتەپ ، بازار ، قوغۇن ...

مەكتەپ + تە، كۆزۈم + گە، بازار + دا، قوي + لار، قوغۇن + لۇق، كۆز + لۈك، باش + لار، ئېغىر + لىق، ياز + دا، قىش + تا، كۆر + سە، ئوقۇ + سا.

يۇقىرىقى مىساللاردا سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن، ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز بولۇش جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كەلگەن.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) تىل ئورنى جەھەتتىكى ماسلىشىش

تۈپ سۆزدىكى، شۇنىڭدەك تۈپ سۆزلەر بىلەن تۈپ سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

① تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى. مەسىلەن:

ئۈزۈم — ئۈزۈملەر، ئۈزۈمگە، ئۈزۈملۈك.

بىرىك — بىرىكتۈر، بىرىكتۈرمەك، بىرىككەن.

ئالاقە — ئالاقىلەر، ئالاقىگە، ئالاقىلەشمەك دېگەنلەرگە ئوخشاش.

② تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى. مەسىلەن:

قۇرۇل — قۇرۇلغان، قۇرۇلسا، قۇرۇلۇشلار.
قول — قوللار، قوللانماق، قوللانغان.
تەقسىمات — تەقسىماتقا، تەقسىماتتا.
(2) لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ماسلىشىش

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشى پەقەت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك.

لەۋ ھالىتى جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ:

① تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن:

يۈز — يۈزۈم، يۈزلۈك. سۆز — سۆزۈڭ، سۆزلۈك.
سۈزۈل — سۈزۈلدۈرۈپ. كەلتۈر — كەلتۈرۈپ.

② تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە، شۇنداقلا ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

يولۇق — يولۇقۇپ؛ قول — قولۇم، قوللۇق.
ئويۇنچۇق — ئويۇنچۇقۇم.

(3) ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئې» لارنىڭ باشقا سوزۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاۋۇشلار بىلەن ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىدە ئىككى خىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە ئۇلىنىدۇ:

ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئې» لار بىلەنلا تۈزۈلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ، «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولمىسا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىشىك + لەر = ئىشىكلەر ئېگىز + دە = ئېگىزدە

ئېتىز + دا = ئېتىزدا ئىسىم + لار = ئىسىملار.

لېكىن تەقلىد سۆزلەر بۇ قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن:

چىك + ىلدا = چىكىلدا گىژ + ىلدا = گىژىلدا

(4) ئاخىرقى بوغۇمى «چە» بولغان سۆزلەر ياكى «چە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا «چە» بوغۇمىنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

باغچە + لار= باغچىلار باغچە + غا = باغچىغا

باغچە + دا = باغچىدا

قەلەمچە + لەر = قەلەمچىلەر قەلەمچە + گە = قەلەمچىگە، ئۈنچە + لەر = ئۈنچىلەر.

لېكىن، «چە» بىلەن ئاياغلاشقان بارلىق ئالماشلارغا يەـ
نىلا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.
مەسىلەن:

بۇنچە + لىك = بۇنچىلىك    ئۇنچە + گە = ئۇنچىگە
شۇنچە + گە = شۇنچىگە

(5) «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق
ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلـ
گەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، شۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى
«ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى «ئى» ياكى «ئې» غا ئۆزگەرگەنـ
دىن كېيىن يەنە قوشۇمچە ئۇلاشقا توغرا كەلسە، شۇ سۆزـ
لەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بار ــ بېرىش، بېرىشقا، بېرىشتا، بېرىشقان
بەر ــ بېرىش، بېرىشكە، بېرىشتە، بېرىشكەن

**5. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېگەن نېمە؟**

سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ جاراڭلىق ياـ
كى جاراڭسىز بولۇشىغا قاراپ، قوشۇمچىلارنىڭ شۇنىڭغا
ماس شەكلىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ
ماسلىشىشى دېيىلىدۇ. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى
تۈپ سۆزلەردە كۆرۈلمەيدۇ، پەقەت سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى
ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن قوشۇمچە بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش
ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاش + قا = ئاشقا    ئاش + تىن = ئاشتىن
بازار + غا = بازارغا    بازار + دىن= بازاردىن

ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىدا قانداق ئالاھىدىلىكـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەر بار؟

(1) «د، ب» تاۋۇشلىرىدىن باشقا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان شەكلى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

باغ + دىن = باغدىن باغ + دا = باغدا

نان + دىن = ناندىن قورال + دىن = قورالدىن

كەپتەر + گە = كەپتەرگە

(2) «د، ب» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب + قا = كىتابقا كىتاب + تا = كىتابتا

ئەۋلاد + قا = ئەۋلادقا ئەۋلاد + تا = ئەۋلادتا

(3) ئاخىرى «غ، گ» ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقا سۆزلەرگە يەنە «غ، گ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، «ق، ك» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

باغ + قا = باغقا (باغغا ئەمەس) تۇغ + قان = تۇغقان (تۇغغان ئەمەس)

ئەگ + كەن = ئەگكەن (ئەگگەن ئەمەس)

چىگ + كەن = چىگكەن (چىگگەن ئەمەس)

### 6. بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى قانداق بولىدۇ؟

(1) «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې»

تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ ھەم شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئات + ى = ئېتى      باغ + ىم = بېغىم

مال + ىڭ = مېلىڭ      قان + ىم = قېنىم

(2) «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ ھەم شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

بەل + ى = بېلى      ئەت + ىپ = ئېتىپ

ئاتا + سى = ئاتىسى      تىلەك + ى = تىلىكى

(3) بەزى سۆزلەر تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە بولغاچقا، قوشۇمچە ئۇلانغاندا، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ ھەم ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

سان + ى = سانى      تەم + ى = تەمى

ئەخلاق + ى = ئەخلاقى      گۇناھ + ى = گۇناھى

**7. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇپ قېلىشى قانداق بولىدۇ؟**

(1) يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئى، ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

كۆڭۈل + ى = كۆڭلى («ۈ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان)

ئوغۇل + ۇم = ئوغلۇم («ۇ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان)

ئۆمۈر + ۈڭ = ئۆمرۈڭ («ئۈ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان)

(2) كىشىلىك ئالماشلاردىن «مەن»، «سەن» ئالماشلار ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تورلەنگەندە «ئە» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا «ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

مەن + نىڭ = مېنىڭ («ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان)

مەن + نى = مېنى («ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان)

سەن + نىڭ = سېنىڭ («ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان)

سەن + نى = سېنى («ن» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان)

بۇ مەزمۇنلارنى ئۆگەنگەندە ئوقۇغۇچىلار چۈشۈپ قالىدىغان سۆزلەرنى ئەستە ساقلاش ئارقىلىق ئۆگەنسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدىغان سۆزلەر:

① سىڭىل ② ئوغۇل ③ نەسىل ④ پەسىل ⑤ جىسىم ⑥ هۆكۈم ⑦ ئورۇن ⑧ ئۆمۈر ⑨ ئىلىم ⑩ زېهىن ⑪ ۋاقىت ⑫ قويۇن ⑬ پىكىر ⑭ بۇرۇن ⑮ ئەقىل ⑯ سېهىر ⑰ مېهىر ⑱ كۆڭۈل ⑲ ئۇنۇت ⑳ ئەجىر ㉑ قەدىر ㉒ شەكىل ㉓ ئاغىز ㉔ چېهىر ㉕ كەسىپ ㉖ جەبىر ㉗ زۇلۇم ㉘ هەجىم ㉙ مۇلۇك ㉚ رەهىم ㉛ رىزىق ㉜ ۋەزىن ㉝ پەخىر ㉞ قىسىم

قىسمەن سۆزلەردە «ن» دىن ئىبارەت ئۇزۇك تاۋۇش ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تورلەنگەندە چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

① مېنىڭ ② سېنىڭ ③ سېنى ④ مېنى.

(3) ئۈچۈق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان بەزى سۆزلەرگە بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ تەلەپپۇز

قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۇچۇن ئوخشاشلا «سى» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىملا + ىم = ئىملايىم («ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالدى)

ئىمزا + ى = ئىمزايى بىنا + ىڭ = بىنايىڭ

(4) بەزى ئوچۇق بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، قوشۇمچىلار ئالدىغا «ي» تاۋۇشى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

دە + ىش= دېيىش («ئە» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئالمىشىپ، ھەم «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالدى)

يە + ىش = يېيىش («ئە» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا ئالمىشىپ، ھەم «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالدى)

يۇ + ۇش = يۇيۇش («ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالدى)

ئارزۇ + ۇم = ئارزۇيۇم («ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالدى)

**8. ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ۋە نۆۋەتلىشىشى قانداق بولىدۇ؟**

ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشتا پەيدا بولىدىغان تەلەپپۇزدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يېزىقتا ئىپادە قىلىنمايدۇ.

(1) ئاخىرى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى ئېغىزدا «غ، گ، ۋ» تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ، ئەمما يېزىقتا «غ، گ، ۋ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگەرتىلمەي، «ق، ك، پ» بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوشاق ــ قوشىقى (قوشىغى ئەمەس)
تىلەك ــ تىلىكى (تىلىگى ئەمەس)
مەكتەپ ــ مەكتىپى (مەكتىۋى ئەمەس)
يۈرەك ــ يۈرىكى (يۈرىگى ئەمەس)

(2) ئاخىرى «غ» ۋە «گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە يەنە «غ» ۋە «گ» تاۋۇشلىرى بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئەپسىز بولغاچقا، «ق» ۋە «ك» بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ، بۇ چاغدا سۆز ئاخىرىدىكى «غ، گ» تاۋۇشلىرى «ق، ك» تەلەپ-پۇز قىلىنىسىمۇ، ئەمما يېزىقتا يەنىلا «غ، گ» بويىچە ئۆز-گەرتىلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

باغ + قا = باغقا (باققا ئەمەس)
تۇغ + قان = تۇغقان (تۇققان ئەمەس)
ئەگ + كەن = ئەگكەن (ئەككەن ئەمەس)
چىگ + كەن = چىگكەن (چىككەن ئەمەس)

(3) بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇش-لىرى تەلەپپۇزدا «ت، پ» ئېيتىلىسىمۇ، ئەمما شەخس قو-شۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، يەنىلا «د، ب» بولۇپ ئېيتىلسا، يې-زىقتا «د، ب» قىلىپ يېزىلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تەسىرى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى «ت، ۋ» بولۇپ ئېيتىلىسىمۇ، يېزىقتا يەنىلا «د، ب» بويىچە يېزىلىدۇ. مە-سىلەن:

مۇراد ــ مۇرادقا (مۇراتقا ئەمەس)
ئىقتىساد ــ ئىقتىسادقا (ئىقتىساتقا ئەمەس)
ھېساب ــ ھېسابقا (ھېساپقا ئەمەس)

كىتاب ــ كىتابقا (كىتاپقا ئەمەس)

(4) ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

| ئەدەبىي تىلدا (ئىملاسى) | ئۆزگىرىش ھادىسىسى | جانلىق تىلدا |
|---|---|---|
| پىچاق ــ پىچىقىم، پىچىقى | «ق» تاۋۇشىنىڭ «غ» تاۋۇ- شىغا ئۆزگىرىشى | پىچاق ــ پىچىغىم، پىچىغى |
| تىلەك ــ تىلىكىم، تىلىكى | «ك» تاۋۇشىنىڭ «گ» تا- ۋۇشىغا ئۆزگىرىشى | تىلەك ــ تىلىگىم، تىلىگى |
| مەكتەپ ــ مەكتىپى، مەكتىپىمىز | «پ» تاۋۇشىنىڭ «ۋ» تاۋۇ- شىغا ئۆزگىرىشى | مەكتەپ ــ مەكتە- ۋى، مەكتىۋىمىز |
| ئاچقۇچ ــ ئاچقۇچلۇق | «چ» تاۋۇشىنىڭ «ش» تا- ۋۇشىغا ئۆزگىرىشى | ئاچقۇچ ــ ئاشقۇچ- لۇق |
| ھېساب ــ ھېسابلار، ھې- سابقا | «ب» تاۋۇشىنىڭ «پ» تا- ۋۇشىغا ئۆزگىرىشى | ھېساپ ــ ھې- ساپلار، ھېساپقا |
| ئىقتىساد ــ ئىقتىسادتىن | «د» تاۋۇشىنىڭ «ت» تاۋۇ- شىغا ئۆزگىرىشى | ئىقتىسات ــ ئىق- تىساتتىن |

تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال ئاستىدا ئۆزگىرىش ھادىسىسى ھەم ئىملادا ھەم تەلەپ- پۇزدا ساقلىنىدۇ.

| ئەسلىسى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|
| قاقباش | قاقباش | قاقۋاش |
| بەلباغ | بەلباغ | بەلۋاغ |
| كاتتاباش | كاتتىباش | كاتتىۋاش |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## لېكسىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

### 1. لېكسىكا دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى نېمە؟

لېكسىكا تېخىمۇ توغرىسى لېكسىكولوگىيە دېگەن بۇ ئاتالغۇ گىرېك تىلىدىكى «lexikos» (سۆز) ۋە logos (تەلىمات، ئىلىم ـ پەن) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ، «سۆز ھەققىدىكى تەلىمات»، «لۇغەت تەركىبى ھەققىدىكى پەن» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. دېمەك، لېكسىكا تىلنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان سۆز ۋە لۇغەت تەركىبى سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

### 2. لۇغەت تەركىبى دېگەن نېمە؟

بىرەر تىلغا مەنسۇپ بولغان بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ.

لۇغەت تەركىبى بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقى ھېسابلىنىدۇ، ھەرقانداق تىلدىكى لۇغەت تەركىبىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن.

### 3. لۇغەت تەركىبى قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر قوللىنىلىش دائىرىسىگە قاراپ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 4. ئاساسىي لۇغەت تەركىبى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

لۇغەت تەركىبى ئىچىدىكى ئەڭ تۇراقلىق، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان ۋە يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدىغان سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبى دېيىلىدۇ.

ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان كەڭ قوللىنىلىدىغان سۆزلەردۇر. شۇڭا، ئۇ لۇغەت تەركىبىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

(2) ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر شۇ تىلدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۆزگەرمەي قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئامىباب سۆزلەردىن ئىبارەت.

(3) ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر تىلىمىزدا يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. تىلىمىزدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان.

دېمەك، ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئورتاق چۈشىنىشلىك بولىدۇ، قوللىنىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولىدۇ، تۇراقلىق بولىدۇ، تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدۇ، ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىتاب، باش، تاغ، كارىۋات، ماڭ ...

ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر كىرىدۇ:

(1) شەيئى ناملىرى: تاغ، سۇ، ئاي، ھاۋا، تاش، توپا، كۆن ...

(2) ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ناملىرى: باش، كۆز، قول، پۇت، بۇرۇن، قاش ...

(3) ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ناملىرى: ھارۋا، ئارا، كەتمەن، پالتا ...

(4) نەسىلداشلىق، تۇغقانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: دادا، ئاپا، ئاكا، ئۇكا، سىڭىل، بوۋا...

(5) تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ نامى: ئۆي، كىيىم، ئاش، گۆش، چىنە، پىچاق، ياستۇق، كارىۋات...

(6) ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە قۇش ناملىرى: دەرەخ، بۇغداي، پاختا، كەندىر، ئات، قوي، توخۇ، كەپتەر، يولۋاس...

(7) ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ئال، بەر، ماڭ، كەل، ئۇخلا، كۆر...

(8) شەيئى بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ياخشى، قىزىل، كەڭ، ئېگىز، ئورۇق...

(9) ۋاقىت ھەم ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: بۈگۈن، ئاخشام، ياز، قىش، ئاستى، ئۈستى، يۇقىرى، تۆۋەن...

(10) ساننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: بەش، ئون، يۈز، مىڭ، بەش يۈز، سەككىز مىڭ...

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۇرمۇشتا قوللىنىلىدىغان ئال-

ماشلار، ياردەمچى سۆزلەر، تەقلىد سۆزلەر، ئىملىق سۆزلەر قاتارلىقلارمۇ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ.

**5. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

تىلىمىزدىكى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە تەۋە بولغان سۆزلەردىن باشقا بارلىق سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلىرىگە ئوخشاشمايدۇ، يەنى ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئومۇمىي كىشىلەرگە بىردەك چۈشىنىشلىك بولمايدۇ. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئايرىم كەسىپلەردە، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر زىيالىيلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدۇ.

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى تۇراقسىز بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، پەن ـ تېخنىكىسى، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۈزۈكسىز راۋاجلىنىپ، بېيىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرگە قارىغاندا تېز ھەم زور بولىدۇ.

دېمەك، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر ئومۇمىي خەلق ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولمايدۇ، قوللىنىش دائىرىسى تار بولىدۇ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئانچە ئېھتىياجلىق بولمايدۇ، تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ خىل خاراكتېرى تېز ھەم زور بولىدۇ.

مەسىلەن:

ئىجتىمائىي، پەلسەپە، ئېكۋاتور...

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تۆۋەندىكى سۆزلەر كىرىدۇ:

(1) كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاز قوللىنىلىدىغان، ئومۇمىي خەلق بىر دەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان سۆزلەر: ئىجتىھات، تەلىمات، ئىدراك، تەپەككۇر...

(2) ئىلىم ـ پەن ئاتالغۇلىرى: ئاسترونومىيە، ماسسا، لوگارىفما، تەڭلىمە، ئېكۋاتور.

(3) يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر: سىنئالغۇ، مەنىۋى، زەربىدارلار، ھۆكۈمەتسىزلىك، سۈنئىي ھەمراھ، ئۈچار تەخسە، زامانىۋىلاشتۇرۇش، قاراڭغۇ بازار، ساپا مائارىپى ...

(4) باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر: مۇخبىر، نامزات، سولياۋ، كومپيۇتېر، پىلاستىنكا، پىرېۋوت، بوكس، كوماندا...

(5) ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسىپ ساھەسىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر: موكا، رەندە، بەلچە، بىگىز، موم، ئىسكىنە، سەندەل، ناھال، غول ئەستەر ، مانجات...

(6) يەرلىك شېۋىلەر: سەينا، نوگاي، ئايلا، چېتىك، دۆڭگەي، جۇجەم، ئاپقۇر، چامچا ...

(7) قوللىنىلىشتىن قېلىۋاتقان سۆزلەر: باخشى، قوشناچ، مۇپتى، مەدرىسە، خانىقا، ئەپسۇن...

## 6. چۈشەنچە دېگەن نېمە؟ سۆز دېگەنچۇ؟

چۈشەنچە ــ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشى چۈشەن-

چە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«قەلەم» دېگەن سۆز ئىپادىلەيدىغان مەنە، يەنى يېزىقچىـ ـلىقتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل قورال دېگىنى بۇ سۆزدە ئىپادىلىنىۋاتقان چۈشەنچە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۆز ــ بەلگىلىك بىر مەنىگە ئىگە، ئەركىن ئىشلىـ ـتىشكە بولىدىغان تىل بىرلىكى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىـ ـلەن: قەلەم، كۆمۈر، باغ، تاغ، ئات، ماڭ...

**7. چۈشەنچە بىلەن سۆز قانداق مۇناسىۋەتكە ئىـ ـگە؟**

(1) ھەرقانداق چۈشەنچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، لېكىن ياردەمچى سۆزلەر، ئىملىق سۆزلەر گەرچە سۆز ھېـ ـسابلانسىمۇ، ئەمما نەرسىلەر توغرىسىدا بىرەر چۈشەنچە ئۇـ ـقۇمىنى بىلدۈرەلمەيدۇ.

(2) چۈشەنچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر سۆز بىلەن ئىپاـ ـدىلىنىدۇ، بەزى چۈشەنچىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئاينۇر» ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرگەندە بۇ چۈشەنچە «ئاي» بىلەن «نۇر» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشى ئارـ ـقىلىق ئىپادىلەنگەن.

بەزىبىر خىل چۈشەنچىلەر بىرقانچە سۆز ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يۈز ــ چىراي، جامال، رۇخسارى، ھۆسن

(3) بەزىدە بىر سۆز ئارقىلىق بىرلا چۈشەنچىنى ئەمەس، بەلكى بىرقانچە چۈشەنچە ۋە مەنىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىـ ـدۇ. «ئاق رەخت»، «ئاق كۆڭلەك» دېسەك، «ئاق» سۆزى رەڭـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نى، ئوخشاشلىقىنى، سەممىيلىكنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. «ئەنشەك ئوچۇق»، «ھاۋا ئوچۇق»، «كۆڭلى ئوچۇق» دېسەك، «ئوچۇق» سۆزى ئۈچ خىل مەنىدىكى چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ.

**8. سۆز شەكلى ۋە سۆز مەنىسى توغرىسىدا**

سۆز تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ، سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ سانى ۋە بىرىكىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ.

سۆزلەر تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. سۆزلەرنىڭ تاۋۇشلۇق تۈزۈلۈشى ئۇنىڭ شەكلى بولىدۇ.

تاۋۇش سۆزنىڭ تاشقى پوستى، شەكىل سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى، مەنە سۆزنىڭ مەزمۇنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزدىكى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى مۇقەررەر بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر مەنە مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق سۆز تاۋۇش، شەكىل، مەنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ.

بىر تىلغا نىسبەتەن، سۆز شەكلى بىلەن سۆز مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تۇراقلىق بولىدۇ. سۆز شەكلى ئۆزگەرسە، سۆز مەنىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن سۆز مەنىسى دېيىلىدۇ.

**9. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى**

سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى — مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئېگىز تاغ، گۈزەل يېزا.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى — سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى

ئاساسىدا كېڭەيگەن مەنىلىرى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى بولىدۇ. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئەسلىي مەنە ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك باغلىنىش بولىدۇ. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى يېڭى ئۇقۇم، چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەلۇم بىر سۆزنىڭ كۆچمە مەنىدە كەلگەنلىكىنى سۆز يەككە تۇرغاندا بىلگىلى بولمايدۇ.

مەسىلەن: «كۆز» ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆزىنى ئىپادىلىسە ئەسلىي مەنىدە كېلىدۇ، مەسىلەن: «مېنىڭ كۆزۈم ئاغرىپ قالدى.» «بىرقىسىم ھايۋانلارنىڭ كۆزى قىزىل بولىدۇ» بۇ جۈملىلەردە ئەسلىي مەنىدە كەلگەن.

«بۇلاقنىڭ كۆزى» دېگەن بىرىكمىدە كۆچمە مەنىدە كەلگەن.

سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىدە كەلگەن ياكى كۆچمە مەنىدە كەلگەنلىكى سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىلەردە ئىپادىلىنىدۇ، سۆز يالغۇز تۇرغاندا ئىپادىلەنمەيدۇ.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى شەيئىلەرنىڭ ھەرخىل خۇسۇسىيەتلىرىنى جانلىق ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغاچقا، شېئىرلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

## 10. بىر مەنىلىك سۆزلەر ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

بىر مەنىلىك سۆزلەر — ئوبيېكتىپ شەيئى، ھادىسىلەر توغرىسىدا بىرلا ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر. بۇنداق سۆزلەر تىلىمىزدا ئاز، بىر مەنىلىك سۆزلەرگە كۆپىنچە پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، چەت تىلىدىن كىرگەن سۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەر، يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر ۋە خاس ئىسىملار كىرىدۇ.

مەسىلەن: قەشقەر، پېرسوناژ، سىنئالغۇ...

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر — بىر ئاساسىي مەنە ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان بىرقانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر تىلىمىزدا زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قانداق مەنىدە كەلگەنلىكىنى كونكرېت تىل شارائىتىدا بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ. مەسىلەن:

ئاچ، سال، تاش، ئىسسىق، تاتلىق...

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئەسلىي مەنىدە ۋە كۆچمە مەنىدە كېلەلەيدۇ.

### 11. مەنىداش سۆزلەر

مەنىداش سۆزلەر — شەكلى ھەر خىل، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاش ياكى بىر - بىرىگە يېقىن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلۇغ، بۈيۈك، يۈكسەك، يۈز، ھۆسن، جامال، چىراي...

مەنىداش سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، جۈملە ئىچىدە قوللانغاندا بەزى پەرقلەر بولىدۇ، يەنى بەزى مەنىداش سۆزلەرنى جۈملىدە ئالماشتۇرۇپ قوللانسىمۇ بولىدۇ، بەزى جۈملىلەردە ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

«ئانا ۋەتەن» دېگىلى بولغان بىلەن «ئاپا ۋەتەن» دېگىلى بولمايدۇ.

## 12. شەكىلداش سۆزلەر

شەكىلداش سۆزلەر ــ تەلەپپۇزى، يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

شەكىلداش سۆزلەرنى بىرنەچچە خىل مەنە بىلدۈرىدىغان ئوخشاش بىر سۆز دەپ قاراشقا بولمايدۇ، چۈنكى شەكىلداش سۆزلەر شەكلى ئوخشاش، مەنىلىرى باشقا ـ باشقا سۆزلەر ـ دىن ئىبارەت.

مەسىلەن: «سەن ئېتىمىزدىن ئوت تەرگىن»، «سەن ئوچاققا ئوت ياققىن» بۇ ئىككى جۈملىدىكى «ئوت» دېگەن سۆز شەـ كىلداش سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شەكىلداش سۆزلەر سۆز بولالايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن شەكىلداش بولۇپ كەلگەن سۆزلەر چوقۇم ئوخشىـ مىغان مەنىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە شارائىتىدا كېلىشى لازىم. مەسىلەن:

«سەن بۇ گەپكە قۇلاق سال»، «مەن ئات مىنىدىم» دېگەن جۈملىدىكى بىرىنچى جۈملە تەركىبىدىكى «سال» دېگەن سۆز، ئىككىنچى جۈملىدىكى «ئات» دېگەن سۆز شەكىلداش سۆزلەرنى ھاسىل قىلغان دېسە خاتا بولىدۇ.

«ئۇ ئاتقا مىنگىنىچە قولىدىكى ئوغلاقنى قارشى تەرەپكە ئاتتى» دېگەن جۈملىدىكى «ئات» دېگەن سۆز شەكىلداش سۆزنى ھاسىل قىلالايدۇ.

## 13. قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر ــ مەنىلىرى ئۆزئارا قاـ رىمۇقارشى بولغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاق ـ قارا، ئىگىز ـ پاكار، ئورۇق ـ سېمىز، ھەق ـ ناھەق...

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز بولۇش ئۈچۈن بىر سۆزگە قارشى ياكى زىت مەنىلىك يەنە بىر سۆز بولۇشى كېرەك.

تىلىمىزدىكى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر بىر ـ بىرىگە زىت سانسىز شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، شەكىللىرى، ھەرىكەتلىرى، ھالەتلىرى، ۋاقتى ۋە ئورنى قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈپ، روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ.

## 14. تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئىدىيوم، ماقال ـ تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تۇراقلىق ئىبارىلەر تىلدا ئۇزۇن مەزگىل قوللىنىش نەتىجىسىدە مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇقىملىشىپ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىغان بولىدۇ. تىلدىكى رولى بىر سۆزگە ئوخشاش بولىدۇ.

ئىدىيوم — تەركىبىدىكى سۆزلەر ئەسلىي مەنىدىن باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

ماقال ـ تەمسىل — تىلىمىزدىكى تۈزۈلۈشى پۇختا، چوڭقۇر مەنىلىك، مەسلىھەت، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق جۈملىلەردىن ئىبارەت. ئۇ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، ماقالدا ئوي ـ پىكىر ئۇدۇللا ئىپادىلىنىدۇ، تەمسىلدە ئەگىتمە يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ھېكمەتلىك سۆزلەر ــ مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئوتتۇ ـ رىغا قويۇلغان، چوڭقۇر ھېكمەت ۋە پەلسەپىۋى پىكىر ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان تۇراقلىق جۈملىلەردىن ئىبارەت.

قانداق قىلغاندا ئىدىيوم، تەمسىل، ماقال قاتارلىق تەر ـ كىبلەرنى ئاسانلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ؟

ئىدىيوم تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) ئىدىيوملار سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە كېلىدۇ. مە ـ سىلەن: بېشىنى تاشقا ئۇرماق، خورىكى ئۆسۈپ قالماق، مېغىزىنى چاقماق...

(2) ئىدىيوملار تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم تۇرغان ھالەتتىكى مەنىسىنى ئەمەس، بەلكى بىر پۈ ـ تۈن ھالەتتىكى مەنىسى بويىچە چۈشىنىش لازىم، يەنى تەر ـ كىبىدىكى سۆزلەر كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك» دېگەن ئىدىيوم ھەرگىز ئاغزى يوغىناپ قۇلىقىغا يەتكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بەك خۇشال بولغان ـ لىقىنى بىلدۈرىدۇ.

(3) ئىدىيوملارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى كۆپىنچە ھاللاردا «ماق، مەك» شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالماق، قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالماق.

(4) ئىدىيوملاردا كۆپىنچە ھاللاردا مۇبالىغە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوخشىتىش، كىنايە قاتار ـ لىقلارمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئوغىسى قايناش، قولى گال.

ماقال بىلەن تەمسىلنىڭ پەرقى:

ماقالدا خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى توغرىسىدا يە ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆنلەنگەن ئوي ـ پىكىرلىرى ئۆدۆللا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «بىلىكى كۆچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۆچلۈك مىڭنى يېڭەر.»

تەمسىلدە بولسا ئوي ـ پىكىرلەر ئۆدۆل ئەمەس، بەلكى باشقا شەيئىلەرنىڭ خىلمۇخىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋاستە قىلىپ، ئەگىتمە يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن.»

بەزىبىر بىر قىسىم تۇراقلىق تەركىبلەر بار، مەسىلەن: «بىلىم ئالمىغان ياش، تام تۈۋىدىكى تاش» بۇ تۇراقلىق تەركىبنىڭ ئالدىنقى جۈملىدە ئوي ـ پىكىر بىۋاستە، كېيىنكى جۈملىدە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىنگەن، بۇنداق شەكىلدە كەلگەن تۇراقلىق تەركىبلەرنى بىز ماقال تۇرىگە تەۋە دەپ قارىساق بولىدۇ. يەنى، بىر جۈملىسىدە ئوي ـ پىكىر بىۋاستە ئىپادىلەنگەن؛ يەنە بىر جۈملىسىدە ئوي ـ پىكىر ۋاستىلىك ئىپادىلەنگەن تەركىبلەر ماقالغا تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

«قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى.» (ماقال)

«تۆمۈرنى دات يەيدۇ، يۈرەكنى غەم.» (ماقال)

## گىراماتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

### 1. گىراماتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

گىراماتىكا ــ سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**2. گىراماتىكا تىۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە**

1) گىراماتىكا قائىدىلىرى ئومۇمىيلىققا ئىگە.
2) گىراماتىكا قائىدىلىرى سىستېمىلىققا ئىگە.
3) گىراماتىكا قائىدىلىرى تۇراقلىققا ئىگە.

**3. گىراماتىكىنىڭ تۈرى**

گىراماتىكا مەزمۇنىغا ئاساسەن مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

## مورفولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

**1. مورفولوگىيەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى**

سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسى مورفولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

**2. مورفېما دېگەن نېمە؟**

سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك مەنە بۆلىكى مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: «ياغاچ + چى + لىق» دېگەن سۆزدىكى «ياغاچ» دېگەن مورفېما مەلۇم بىر شەيئىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ، «چى» دېگەن مورفېمىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەلۇم بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە «لىق» مورفېمىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەسىپىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ھاسىل بولىدۇ.

دېمەك، «ياغاچ + چى + لىق = ياغاچچىلىق» دېگەن سۆز ئۈچ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، دەپ قارىساق بولىدۇ.

### 3. مورفېما قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

«ياغاچ + چى + لىق» دېگەن سۆزنىڭ مىسالىغا قارايدىغان بولساق، بۇ سۆزدە ئۈچ دانە مورفېما بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە «ياغاچ» دېگەن مورفېما مەلۇم بىر چۈشەنچىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن بىلەن «چى، لىق» دېگەن مورفېما مەلۇم بىر چۈشەنچىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن مورفېمىلار سۆزنى تەشكىل قىلىپ تۇرۇشتىكى رولىغا قاراپ، باش مەنىلىك (باش مورفېما) بۆلەك ۋە ئەگەشمە مەنىلىك (ئەگەشمە مورفېما) بۆلەك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 4. باش مورفېما دېگەن نېمە؟ ئەگەشمە مورفېما دېگەن نېمە؟

باش مورفېما — مۇستەقىل تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېما باش مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

نان، دەپتەر، ئالما، ياز

ئەگەشمە مورفېما — ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرۇپ بەلگىلىك لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، پەقەت باش مورفېمىلارغا قوشۇلۇپ، گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېما ئەگەشمە مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئوقۇغۇچىلارنىڭ» دېگەن سۆزدىكى «ئوقۇ» باش مورفېما ھېسابلانسا، «غۇچى، لار، نىڭ» دېگەنلەر ئەگەشمە مورفېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 5. ئەگەشمە مورفېمىنىڭ تۈرلىرى

ئەگەشمە مورفېما رولىغا قاراپ ياردەمچى سۆز ۋە قوشۇمچىلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ياردەمچى سۆز — ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدىغان، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان، سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش رولىنىلا ئوينايدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ياردەمچى سۆزلەرگە تىركەلمە، باغلىغۇچى، يۈكلىمە قاتارلىقلار كىرىدۇ. مەسىلەن:

تىركەلمە — ئۈچۈن، دائىر، قارىتا، كۆرە ...

باغلىغۇچى — ۋە، ھەم، لېكىن، بىراق ...

يۈكلىمە — غۇ، چۇ، دە، ھە ...

قوشۇمچىلار — ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرۇپ بەلگىلىك لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرمەيدىغان، سۆز يىلتىزىغا ئۇلىنىپ، مەلۇم لېكسىكىلىق مەنە ياكى گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان تىل تەركىبلىرى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ.

قوشۇمچىلار ئۆزىنىڭ رولىغا قاراپ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە — سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتىدىغان، يېڭى سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بولىدۇ، مەسىلەن:

«ئىش + چان = ئىشچان» دېگەن سۆزدىكى «چان» دېگەن قوشۇمچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىدۇر.

سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ــ سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ئۇ- نىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەي، ئۇنىڭغا مەلۇم گىراماتىكىلىق مەنە قوشىدىغان قوشۇمچە سۆز تۈرلىگۈ- چى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«كىتاب + لار + دىن» دېگەن سۆزدىكى «لار، دىن» دېگەن قوشۇمچە «كىتاب» دېگەن سۆزگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ لېك- سىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتەلمىدى، شۇڭا بۇ قوشۇمچىنى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتايمىز.

يۇقىرىقى مورفېمىنىڭ تۈرلىرىنى يىغىنچاقلىساق، تۆ- ۋەندىكىدەك بولىدۇ:




## 6. سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى: ① تۈپ سۆز: باش مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆز. (باش مورفېما ياكى باش مورفېما + تۈرلىگۈچى قوشۇمچە) مەسىلەن: ئادەم، ئادەملە- رىمىزنىڭ

② ياسالما سۆز: سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلانغان سۆز. مەسىلەن: ئىش + چى، بەخت + لىك.

③ بىرىككەن سۆز: ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سۆز. ئىپادىلىنىش شەكلى: (باش مورفېما + باش مورفېما) مەسىلەن: ئاش + كۆكى

④ جۈپ سۆز: ئىككى سۆزنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئېيتىز ـ ئېرىق، تاراق ـ تۈرۈق، نان ـ پان، مېۋە ـ چېۋە.

⑤ قىسقارتىلما سۆز: ھەربىر سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ياكى باش بوغۇمىنى ئېلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ب د ت، پارتكوم، ئا. ئۆتكۈر.

## 7. سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى

| نامى | ئىپادىلىنىشى | ئالاھىدىلىكى | مىسالى |
|---|---|---|---|
| تۈپ سۆز | بىرلا مۇستەقىل باش مورفېمىدىن تۈزۈلىدۇ ياكى باش مورفېمىلارغا تۈرلۈك سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ | مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجرىتىشقا بولمايدۇ | دۆلەت، ياخشى، ئوقۇ، دۆلەتنىڭ، مەكتەپلەرنىڭ، بەشتە |
| ياسالما سۆز | باش مورفېمىغا (تۈپ سۆزلەرگە) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ياسالما سۆزلەرگە يەنە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىقمۇ ياسالما سۆز ياسىلىدۇ | سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى تۈپ سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يېڭى بىر سۆز ياسىلىدۇ، ئەگەر ئەسلىدىكى سۆز بىلەن ھېچقانداق مەنە مۇناسىۋىتى بولمىسا بۇنداق سۆزلەرنى ياسالما سۆز دەپ قاراشقا بولمايدۇ | پىچ + اق = پىچاق<br>سورا + ق = سوراق<br>ئۇن + ۇم = ئۇنۇم<br>چاي + دان = چايدان<br>ئوقۇ + غۇچى = ئوقۇغۇچى |
| جۈپ سۆز | ئىككى سۆزنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلۈپ يېڭى ھەم كەڭ مەنە بىلدۈرىدۇ | جۈپ سۆزلەر تەڭداش ئىككى بۆلەكنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىكتۇر. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە كېلىدۇ | گېزىت - ژۇرنال<br>قورال - ياراغ<br>ئېتىز - ئېرىق<br>قوغۇن - تاۋۇز<br>نان - پان |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| بىرىككەن سۆز | ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بېقىنىش ـ بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بىرىكىشىدىن هاسىل بولىدۇ | بىرىككەن سۆزلەر قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ، بىرىككەن سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى هەربىر سۆز ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقىتىپ، بىر ئورتاق مەنىنى بىلدۈرىدۇ | ئاينۇر، قىزىلسۇ، كۆككەپتەر، قاراماي ئەتىرگۈل |
| قىسقارتىلما سۆز | شۇ سۆزلەرنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ باش هەرپى ياكى باش بوغۇمىنى ئېلىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ | ئادەم ئىسىملىرىنىڭ باش هەرپىدىن كېيىن چېكىت قويۇلۇپ، فامىلىسى يېزىلىدۇ. سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ باش هەرپىنى قىسقارتقاندا هەرپلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا هېچقانداق بەلگە كەلمەيدۇ | ل. مۇتەللىپ، ئا. ئۆتكۈر ج خ ب د ت پارتكوم |

## 8. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى:

- مۇستەقىل سۆزلەر: 1. ئىسىم 2. سۈپەت 3. پېئىل 4. سان 5. مىقدار 6. رەۋىش 7. ئالماش 8. تەقلىد سۆزلەر
- ياردەمچى سۆزلەر: 1. باغلىغۇچى 2. تىركەلمە 3. يۈكلىمە
- ئىملىق سۆزلەر: مۇستەقىل سۆزلەرگىمۇ، ياردەمچى سۆزلەرگىمۇ تەۋە ئەمەس.

## 9. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى:

| نامى | ئېنىقلىمىسى | تەۋە تۈرلەر | مىسالى |
|---|---|---|---|
| مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى | ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان، جۈملىدە مەلۇم بىر بۆلەك بولالايدىغان سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەردۇر | ئىسىم | كىتاب، سۇ، ئىرادە |
| | | سۈپەت | ياخشى، ئېگىز، يۇمىلاق |
| | | سان | بەش، ئون بىر، 60 |
| | | مىقدار | گىرام، چارەك، نەپەر |
| | | رەۋىش | ناھايىتى، بۈگۈن، قەستەن |
| | | ئالماش | مەن، قانداق، ئۆزۈم |
| | | پېئىل | ياز، ماڭ، تۇر |
| | | تەقلىد سۆز | تاڭ - تۇڭ، پال - پۇل، شىر - شىر |
| ياردەمچى سۆز | ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان، سۆز، جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدىغان سۆزلەر | تىركەلمە | ئۈچۈن، توغرۇلۇق، ئارقىلىق |
| | | باغلىغۇچى | ۋە، ياكى، ھەم، ھەمدە |
| | | يۈكلىمە | مۇ، چۇ، غۇ، زە، لا |
| ئىملىق سۆزلەر | مۇستەقىل سۆزلەرگىمۇ، ياردەمچى سۆزلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر سۆز تۈركۈمى | | پاھ، ۋايجان، ئاپلا، |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىسىم توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. ئىسىم دېگەن نېمە؟

شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇتقۇچى، كەپتەر، سىزغۇچ، يامغۇر، ئەخلاق.

### 2. ئىسىملارنىڭ مەنە ئىپادىلەش دائىرىسىگە قاراپ تۈرگە بۆلۈنۈشى

ئىسىملار مەنە ئىپادىلەش دائىرىسىگە قاراپ خاس ئىسىم ۋە ئومۇمىي ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

خاس ئىسىم — بىر تىپتىكى شەيئىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئايرىم شەيئىنىڭ ئۆزىگىلا قويۇلغان مەخسۇس ئىسىم خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تارىم دەرياسى، قەشقەر گېزىتى، هۆرىگۈل، قەشقەر.

ئومۇمىي ئىسىم — بىر تىپتىكى شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ئومۇمىي ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم، دەريا، گېزىت، گۈل، دۆلەت.

### دىققەت قىلىدىغان نۇقتا

مەلۇم بىر ئومۇمىي ئىسىم ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك تۈردىكى خاس ئىسىمغا نىسبەتەن ئومۇمىي ئىسىم ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم بىر خاس ئىسىم ئۆزىدىن يەنىمۇ كىچىك تۈردىكى ئىسىمغا نىسبەتەن ئومۇمىي ئىسىم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

«دەرەخ» دېگەن ئىسىم «قارىغاي، چىنار، سۆگەت» دېگەن

سۆزلەرگە نىسبەتەن ئومۇمىي ئىسىم ھېسابلانسا، «تېرەك» دېگەن ئىسىم «دەرەخ» دېگەن ئىسىمغا نىسبەتەن خاس ئىسىم ھېسابلانسىمۇ، «سۇۋادان تېرەك، قاپاق تېرەك» دېگەن ئىسىملارغا نىسبەتەن ئومۇمىي ئىسىم ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ئىسىملارنىڭ سان بىلەن تۈرلىنىشى

ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا «ـلار، ـلەر» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇش ـقوشۇلماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئىسىملارنىڭ بىرلىك شەكلى — ئوقۇغۇچى، دەپتەر، سىنىپ، سايمان، كۆچەت

ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى — ئوقۇغۇچىلار، دەپتەرلەر، سىنىپلار، سايمانلار، كۆچەتلەر.

ئىسىملارنىڭ بۇ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئۇلىنىدۇ. يەنى ئىسىملارنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار بولسا «ـلار» ئۇلىنىدۇ. تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بولسا «ـلەر» ئۇلىنىدۇ.

مەسىلەن: يولداش + لار= يولداشلار.

ئۆي + لەر = ئۆيلەر.

### دىققەت قىلىدىغان نۇقتا

1. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى «ـلار، ـلەر» گەرچە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولسىمۇ، ئەمما تۆۋەندىكىدەك قىسمەن ئەھۋاللاردا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىنىمۇ ئوينايدۇ:

(1) 10 دىن 90 غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاددىي تەرتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سانلار بىلەن ئىپىقلانغان «يىل» سۆزىگە قوشۇلسا، شۇ سان يەللىسى ئىچىدىكى ئون يىلنى ئىپادىلەيدىغان ۋاقىت ئىسمى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

30 ـ يىللار، 40 ـ يىللار، 90 ـ يىللار.

(2) بىر، ئون، يۈز، مىڭ، ئونمىڭ، يۈزمىڭ، مىليون قاتارلىق سانلارغا قوشۇلسا، خانا ئىسىملىكى ياسىلىدۇ.

بىرلەر، ئونلار، يۈزلەر، مىڭلار.

(3) بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلسا، شۇ خىل سۈپەتكە ئىگە بولغان ئادەملەرنىڭ ئومۇمىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كونىلار، چوڭلار، پىشقەدەملەر، ئۇلۇغلار.

2. تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇشقا بولمايدۇ:

(1) ئىسىملار ساناق سان، مۆلچەر سان ۋە سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى تەرىپىدىن ئىپىقلانغان ئەھۋالدا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

ئوتتۇز ئوقۇغۇچى (ئوتتۇز ئوقۇغۇچىلار ئەمەس)، يىگىرمىدەك قوي (يىگىرمىدەك قويلار ئەمەس)، بىر قوتان ئۆچكە (بىر قوتان ئۆچكىلەر ئەمەس)

بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشماسلىقنىڭ سەۋەب ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى شۇ ئىسىملارغا قوشۇلسا بىردىن ئارتۇق شەيئىنى بىلدۈرۈش، شۇ شەيئىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، ساناق سان، مۆلچەر سان ۋە سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى بىلەن بىر ئىپىقلىنىپ

كەلگەن شەيئىلەرنىڭ ئۆزى شۇ شەيئىنىڭ كۆپ ئىكەنلىـ. كىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، يەنە كۆپلۈكنى ئىپادىلەيدىـ. غان قوشۇمچىلارنى قوشۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

**4. ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى**

ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ شەخسلەرگە بۆلۈـ. نۈشىنى تۆۋەندىكى جەدۋەل ئارقىلىق ئېنىق كۆرگىلى بوـ. لىدۇ:

| تۈرى | | قوشۇمچىلار | مىساللار |
|---|---|---|---|
| بىرىنچى شەخس | بىرلىك تۈرى | ـ م، ـ ىم، ـ ۇم، ـ ۈم | ئانام، كىتابىم، ئۆيۈم، ئوغلۇم |
| | كۆپلۈك تۈرى | ـ مىز، ـ ىمىز | ئانىمىز، كىتابىمىز |
| ئىككىنچى شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | ـ ڭ، ـ ىڭ، ـ ۇڭ، ـ ۈڭ | ئاناڭ، ئۆيۈڭ، ئوغلۇڭ |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | ـ ڭلار، ـ ىڭلار، ـ ۇڭلار، ـ ۈڭلار | ئاناڭلار، ئۆيۈڭلار، ئوغـ. لۇڭلار |
| | سىپايە تۈرى | ـ ڭىز، ـ ىڭىز | ئانىڭىز، ئۆيىڭىز، ئوغـ. لىڭىز |
| | ھۆرمەت تۈرى | ـ لىرى | ئانىلىرى، ئۆيلىرى، ئوغۇللىرى |
| ئۈچىنچى شەخس | | ـ سى، ـ ى | ئانىسى، ئۆيى، ئوغلى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.c



## 5. ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى

1) ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ مەنىسى:

ئىسىمنى جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن باغلايدىغان، ئىسىمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان قوشۇمچىلار كېلىش قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

2) كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسى

| NO | نامى | قوشۇمچىسى | جۈملىدىكى ۋەزىپىسى | مىسالى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | باش كې- لىش | | ئىگە، ئېنىقلىغۇ- چى، خەۋەر، قاراتما سۆز | قار ياغدى. (ئىگە)، ياغاچ قوشۇقنى ئېلىۋەت. (ئېنىقلى- غۇچى)، بىزنىڭ قوشنىمىز دوختۇر (خەۋەر)، نۇرنىسا، بۇياققا قارا. (قاراتما سۆز) |
| 2 | ئىگىلىك كېلىش | - نىڭ | ئېنىقلىغۇچى، خە- ۋەر | مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتتى. (ئېنىق- لىغۇچى)، بۇ كىتاب ئەمەتنىڭ. (خەۋەر) |
| 3 | چۈشۈم كېلىش | - نى | تولدۇرغۇچى | مەن كىتابنى ئالدىم. (تولدۇرغۇچى) |
| 4 | يۆنىلىش كېلىش | - غا، - قا، - گە، - كە | هالەت | ئەمەت مەيدانغا كەتتى. (هالەت) |
| 5 | چىقىش كېلىش | - دىن، تىن | هالەت | مەن دەرستىن چىقتىم. (هالەت) |
| 6 | ئورۇن - پەيت كې- لىش | - دا، - دە، - تا، - تە | هالەت، خەۋەر | مەن كۆزدە بارىمەن. (هالەت) مېنىڭ ئۆيۈم قەشقەردە. (خەۋەر) |

### دىققەت قىلىدىغان نۇقتا

(1) ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى، چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى بەزى سۆز بىرىكمىلىرىدە ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زىچلاشقان ئەھۋال ئاستىدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو خەلقى، خەلق ھۆكۈمىتى، خوتەن گىلىمى، ئوقۇتۇش پىلانى

خەت يېزىش، كىتاب ئېلىش، كىر يۇيۇش، ئوت ئوتاش، سۇ سېپىش

(2) بىر ئىسىمغا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك، كېلىش قوشۇمچىلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن كۆپلۈك، ئۇنىڭدىن كېيىن تەۋەلىك، ئاخىردا كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. يەنە:

ئىسىم + كۆپلۈك + تەۋەلىك + كېلىش

مەكتەپ + لەر + ىمىز + نىڭ = مەكتەپلىرىمىزنىڭ

### 6. ئىسىملارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1) ئىسىملار ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە.

چى — ياغاچچى، تۆمۈرچى، قوغۇنچى، تەنتەربىيەچى.

داش — يولداش، قېرىنداش، ئاھاڭداش، سەپەرداش.

لىق، لىك، لۇق، لۈك — تۇرپانلىق، تىرىشچانلىق، ئاشپەزلىك، كۆمۈرچىلىك، قوغۇنلۇق، ئۈزۈملۈك.

2) ئىسىملار جۈملىدە سان، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىنىڭ ھەرقانداق بىر بۆلىكى بولالايدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىنارە ياخشى ئوقۇغۇچى. (ئىگە)
يالقۇننىڭ دادىسى ئوقۇتقۇچى. (ئېنىقلىغۇچى)
بىلىمنى ئۆزىمىزگە ئوزۇق قىلىشىمىز كېرەك. (تولدۇرغۇچى)
مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار قالمىدى. (ھالەت)
ئاۋۇ كۆرۈنگەن بىزنىڭ مەكتەپ. (خەۋەر)

3) ئىسىملار جۈملىدە ئىسىم، سۈپەت، سان ـ مىقدار بىرىكمىسى ۋە سۈپەتداشلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن تۆمۈر ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. («ئورۇندۇق» دېگەن ئىسىم «تۆمۈر» دېگەن ئىسىم تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەن.)

ئۇ چوڭ شەھەردە خىزمەت قىلىدۇ. («شەھەر» دېگەن ئىسىم «چوڭ» دېگەن سۈپەت تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەن.)

بىزدە بىر دانە قەلەم بار. («قەلەم» دېگەن ئىسىم «بىر دانە» دېگەن سان ـ مىقدار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەن.)

ئۇ پىشقان قوغۇننى ئۈزۈپ كەلدى. («قوغۇن» دېگەن ئىسىم «پىشقان» دېگەن سان ـ مىقدار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەن.)

4) بىر قىسىم ئىسىملارغا «مۇ» باغلىغۇچىسى قوشۇلۇپ تەكرارلانسا، رەۋىشلىشىدۇ. مەسىلەن:

يۈزمۇيۈز، قولمۇقول، ئۆيمۇئۆي، ئايمۇئاي، سۆزمۇسۆز.

5) ئىسىملار جۈملىدە تىركەلمىلەر ۋە ياردەمچى پې-

ئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:
خەلق ئۈچۈن، مۇسابىقە توغرۇلۇق، قەلەم بىلەن.

## سۈپەت توغرىسىدا چۈشەنچە

### 1. سۈپەت دېگەن نېمە؟

شەيئىلەرنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:
ئاق، قىزىل، ئاچچىق، تۈز، ئەگرى، ئازادە، چوڭقۇر، ئامراق.

### 2. سۈپەتنىڭ دەرىجە شەكلى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

شەيئىلەردىكى بەلگە، خۇسۇسىيەتلەرنىڭ دەرىجە جەھەتتىن پەرقلىنىشى سۈپەت دەرىجىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.
سۈپەت دەرىجىلىرىنىڭ تۈرلىرى:

| NO | نامى | قوشۇمچىسى | مىسال |
|---|---|---|---|
| 1 | ئەسلىي دەرىجە | | ياخشى، ساغلام، سېمىز |
| 2 | كېمەيتمە دەرىجە | - ۋش، - غۇچ، - متۇل، | ئاقۇچ، كۆكۈچ، قىزغۇچ |
| 3 | سېلىشتۇرما دەرىجە | - راق، - رەك | ياخشىراق، سۆزۈكرەك |
| 4 | ئاشۇرما دەرىجە | ئاۋۋال سۈپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا «پ» تاۋۇشنى قوشۇپ ئېيتىپ، ئاندىن سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ بىر قىسىم رەۋىشلەر قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ | سۇپسۈزۈك، تىپتىنچ، تولىمۇ ياخشى، بەك چىرايلىق |
| 5 | ئەركىلەتمە دەرىجە | - غىنا، - قىنا، - گىنە، - كىنە | ئاددىيغىنا، يۇمىلاقىنا، يەڭگىلگىنە، نازۇككىنا |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### دىققەت قىلىدىغان نۇقتا

(1) سۈپەت تۈركۈمىگە تەۋە بولغان بارلىق سۈپەتلەرنى ئۇقىرىقى دەرىجە شەكىللىرى بويىچە تولۇق تۈرلىنىدۇ دې-گىلى بولمايدۇ، يەنى ياسالما سۈپەتلەر دەرىجە بويىچە ئاسا-سەن تۈرلەنمەيدۇ. بىرقىسىم سۈپەتلەر تۆت دەرىجە بويىچە تۈرلەنسە، بىر قىسىم سۈپەتلەر ئۈچ دەرىجە بويىچە تۈرلى-نىدۇ.

### 3. سۈپەتنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

(1) سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئى-گە. مەسىلەن:

- لىق، - لىك، - لۇق، - لۈك — ئەخلاقلىق، قىش-لىق، كۆلكىلىك، بولۇشلۇق، ئۈنۈملۈك

(2) سۈپەتلەر بىر قىسىم دەرىجە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

قارا، قارامتۇل، قارىراق، قاپقارا، قارىغىنا

(3) سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئې-نىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە، پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بېشىغا چىرايلىق بادام دوپپا كىيىپتۇ. (ئېنىقلىغۇ-چى)

نۇسرەت خەتنى چىرايلىق يازىدۇ. (ھالەت)

(4) سۈپەتلەر جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرى-كىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى ئىكەن، ساغلام ئىكەن، قىزىل چىققتى.

(5) بىر قىسىم سۈپەتلەر ئىسىمنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك

ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى قىلغان ئىشى بىلەن ياخشى.

دۇنيادا ئەخمەقلەر بولمىسا، ئاقىللار زېرىكىپ قالىدۇ.

ياخشىنى ماختىسا يارىشىدۇ، يامانىنى ماختىسا ئادىشىدۇ.

## سان توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. سان دېگەن نېمە؟

شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالتە، ئون ئىككى، 110، 1985

### 2. سانلارنىڭ تۈرلىرى

1) سانلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن بۆلۈنۈشى

سانلار تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كونكرېت ئىپادىسى:

سانلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى:

① ئاددىي سان: بىرلا تۈپ سان بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سان. مەسىلەن: بىر، ئون، يۈز، مىڭ، مىليون.

② مۇرەككەپ سان: ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي ساننىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئون بىر، بەش يۈز.

2) سانلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| NO | نامى | بىلدۈرىدىغان مەنىسى | قوشۇمچىسى ۋە ئىپادىلىنىشى | مىسال |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ساناق سان | شەيئىلەرنىڭ ئېنىق سانىنى بىلدۈرىدۇ | | بەش، ئالتە، ئون |
| 2 | مۆلچەر سان | شەيئىلەرنىڭ سانىنى تەخمىنەن كۆرسىتىدۇ | ساناق سانلارغا + ـ چە، ـ دەك، ـ تەك، ـ لىغان، ـ لىگەن، ـ لار، ـ لەر قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ ھەمدە ئەتراپىدا، تەخمىنەن دېگەندەك سۆزلەر ئارقىلىقمۇ، ئىككى ساننى جۈپلەش يولى بىلەنمۇ ياسىلىدۇ | ئالتىدەك، مىڭلىغان، تەخمىنەن 10 ئەتراپىدا، 12~13 ياشلار چامىسىدىكى |
| 3 | تەرتىپ سان | شەيئىلەرنىڭ رەت تەرتىپى، دەرىجىسى، نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ | ساناق سانلارغا + ـ نچى، ـ ىنچى، ياكى ساناق سانلارنىڭ ئالدىرىغا سىزىقچە قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ | ئونىنچى، بەشىنچى، 2ـ، 28 ـ |
| 4 | كەسىر سان | پۈتۈنلۈكنى تەڭ تەشكىل قىلىغان شەيئىلەرنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆرسىتىدۇ | مەخرەج چىقىش كېلىشتە، سۈرەت باشقا كېلىشلەردە كېلىدۇ | ئىككىدىن بىر، ئۈچتىن ئىككى |
| 5 | تەقسىم سان | مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان بويىچە بۆلۈنۈشىنى كۆرسىتىدۇ | ساناق سان + ـدىن، ـ تىن<br>ساناق سان + ـدىن/ساناق سان + ـدىن<br>ساناق سان+ ـتىن/ساناق سان+ ـدىن | ئىككىدىن ـ ئۈچتىن<br>بىردىن ـ ئىككىدىن<br>بەشتىن ـ ئالتىدىن |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 6 | رەۋىش سان | كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇ سان كۆپلۈكى بويىچە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ | ساناق سانلار ياكى بەزى مۆلچەر سانلار + -لاپ، -لەپ | يىگىرمىلەپ -ئوتتۇزلاپ يۈزلەپ - ئىككى يۈزلەپ |
| 7 | كىشىلىك سان | مەلۇم سان كۆپلۈكىدىكى ئادەمنى بىلدۈرىدۇ | ساناق سانلار ياكى بەزى مۆلچەر سانلار + - يەلەن، - ەيلەن | ئۈچەيلەن، ئىككىيلەن |
| 8 | ئالماش سان | مەلۇم ئومۇمىيەتنىڭ بىرنىگە ياكى بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەلۇم شەخستىكى ئېنىق سانلىق ئادەمنى بىلدۈرىدۇ | ساناق سان، مۆلچەر سان، كەسىر سان ۋە تەرتىپ سانلار + تەۋەلىك قوشۇمچىسى ياكى ساناق سان، مۆلچەر سان، كەسىر سان ۋە تەرتىپ سانلار + تەۋەلىك قوشۇمچىسى + -لار، -لەر | ئۆتىمىز، ئۆتىڭلار، بەشىڭ، بەشىڭلار، بەشى، |

## 3. سانلارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

(1) سانلار جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ساياھەتچىلەرنىڭ بەشى قايتىپ كەلدى. (ئىگە)

بۈگۈن 12 - ئايغا 24 (خەۋەر)

بىزنىڭ سىنىپتا يەتتە ئوقۇغۇچى دەرىجىگە ئېرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(ئېنىقلىغۇچى)

بەشنى بەشكە كۆپەيتسەك 25 بولىدۇ. (تولدۇرغۇچى)

ئۇلار بەشتە كۆرۈشىدۇ. (ھالەت)

(2) سانلار جۈملىدە «تەخمىنەن، ئەتراپىدا، ساق، تولۇپ-توغرا» قاتارلىق سۆزلەرنى ۋە «بىر كەم، ئىككى كەم، سەل كەم» قاتارلىق بىرىكمىلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىغىنغا تەخمىنەن 100 ئادەم قاتناشتى.

بوۋام بىر كەم توقسانغا كىردىم دەيدۇ.

500 ئەتراپىدا تەكلىپنامە تارقاتتۇق.

(3) سانلار جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

قويلارنىڭ سانى 44 ئىكەن، مۇسابىقىگە تىزىملاتقانلار 150 بولدى.

(4) ئۇيغۇر تىلىدا باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلۇپ سان ياسايدىغان قوشۇمچە يوق. تىلىمىزدىكى ساناق سانلارغا «- ىنچى، ىنچى، - چە، - دەك، - تەك، - بەيلەن، -يلەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن دەرىجە سان، مۆلچەر سان ۋە كىشىلىك سانلار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى، ئالتىنچى، ئونچە، ئوتتۇزدەك، ئۇچتىن ئىككى.

## مىقدارلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. مىقدار دېگەن نېمە؟

شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى

بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى مىقدار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

نەپەر، قېتىم، چارەك، توپ، گىرام.

## 2. مىقدارلارنىڭ تۈرلىرى

| تۈرگە بۆلۈش ئۆلچىمى | نامى | تۈر تەۋەلىكى | مىسالى | جۈملىدىكى ئورنى ۋە ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|
| كېلىش مەنبەسى ۋە قوللىنىش دائىرىسىگە قاراپ | خاس مىقدار | ئۆزۈنلۈق، ئېغىرلىق، ھەجىم، ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار | مېتىر، كىلو، كالورىيە، نەپەر، گەز | ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ |
| | كۆچمە مىقدار | سان + ئىسىمنىڭ بىرىكىش يولى بىلەن ھاسىل بولغان مىقدارلار | بىر ساندۇق كىتاب، ئۈچ ئېغىز ئۆي | |
| مەنىسى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىغا قاراپ | شەيئى مىقدارى | سان + مىقدار + ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ شەيئىلەرنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار | بىر توپ ئالما، ئىككى دانە قوتا، بىر يۈرۈش دەرسلىك | شەيئى مىقدارى كۆپىنچە ھاللاردا ئىسىملارغا بېقىنىپ كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ |
| | ھەرىكەت مىقدارى | سان + مىقدار + پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار | بىر قېتىم بارماق، ئالتە يىل ئوقۇماق، ئىككى يىل دەم ئالماق | ھەرىكەت مىقدارى كۆپىنچە ھاللاردا پېئىللارغا بېقىنىپ كېلىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### 3. مىقدارلارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

(1) مىقدارلار ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتە سان ـ مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى دانە قەلەم، ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى، بەش مېتىر رەخت.

(2) سانلار ـ مىقدارلارنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولسا، پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئىسىمغا خاس قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۈچ دانە قەلەم سېتىۋالدىم. (ئېنىقلىغۇچى)

مەن مەيداننى ئون قېتىم ئايلاندىم . (ھالەت)

كۆمۈرنىڭ بىر توننىسى قانچە پۇل؟ (ئىگە)

ماڭا ئىككى دانىسىنى قايتۇرۇپ بەرگىن. (تولدۇرغۇچى)

مەكتەپ بىلەن ئۆيۈمنىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىر. (خەۋەر)

(3) بەزى سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرىگە «ـ چە، ـ دەك، ـ تەك» قاتارلىق قوشۇمچىلار ۋە «يېقىن، ئارتۇق، ئەتراپىدا» دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۆلچەر ئىپادىلىنىدۇ.

يىرىم جىڭچە ياغ، 15 پارچىدەك كىتاب، 500 پارچە ئەتراپىدا ھەرخىل سۈرەت.

(4) بىر قىسىم مىقدارلار «لاپ، لەپ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەۋىشكە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

جىڭلاپ، سەرلەپ، مىسقاللاپ، كىلولاپ

(5) سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بەش توننا ئىكەن، 20 ئىمىش

## ئالماش توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. ئالماش دېگەن نېمە؟

ئۆزىدىن باشقا مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ.

### 2. ئالماشلارنىڭ تۈرلىرى

| NO | ئالماشلار ـ نىڭ تۈرى | بىلدۈرگەن مەنىسى | ئىپادىلىنىش يولى | مىسالى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | شەخس ئالماش | شەيئىلەر سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭ ـ لىغۇچى تەرىپىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلىنىدۇ | ئۈچ شەخس | مەن، بىز، سەن، سىز، سىلى، ئۆزلىرى، سىلەر، ھەرقايسىلىرى، ھەربىر ـ لىرى، سەنلە، ھەرقاي ـ سىڭ، ئۇ، ئۇلار |
| 2 | كۆرسە ـ تىش ئال ـ ماش | شەيئىلەرنى ياكى شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك بەلگە ـ ھالەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ | شەخس ۋە شەيئىلەرنى كۆرسىتىدىغان، شەيئىلەر ـ نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان، شەيئىلەر ـ نىڭ سانى ـ مىقدارىنى كۆرسىتىدىغان ئالماش | بۇ، شۇ، مۇشۇ، مۇنۇ، ئۇنداق، بۇنداق (مۇنداق)، شۇنداق، ئانداق، ئانچە، مۇنچە، شۇنچە |

www.uyghurkitap.com



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 3 | سوئال ئالماش | ئادەم، شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، سانى، مىقدارى، ئورنى، ۋاقتى ھەققىدىكى سوئالنى ئىپادىلەيدىغان ئالماش | سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماش | كىم؟، قەيەر؟ (نە؟)، قانچە؟ (نەچچە؟)، قانچىلىك؟ (نەچچىلىك؟) قانداق؟ قايسى؟ قاچان؟ قېنى؟ نېمىشقا؟ |
| 4 | ئۆزلۈك ئالماش | شەخس ۋە شەيئىلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماش | ئۆز + ئىسىمنىڭ نەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ | ئۆزۈم، ئۆزىمىز، ئۆزىنىڭ، ئۆزىدىن |
| 5 | بەلگىلەش ئالماش | مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە، سان، مىقدار، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى (ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى) بىلدۈرىدىغان ئالماش | ھەممە، پۈتۈن، جىمى، پۈتكۈل، بارلىق، بارچە دېگەندەك سۆزلەر كېلىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىپلا قالماي، يەنە «ھەر + سوئال ئالمىشى، ھەر + ئىسىم» شەكلىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ | ھەممە، پۈتۈن، جىمى، پۈتكۈل، بارلىق، بارچە، ھەر يەر، ھەر جاي |
| 6 | ئېنىقسىزلىق ئالماش | شەيئى، بەلگە، خۇسۇسىيەت، سان، مىقدار ھەققىدىكى ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالماش | ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرىنىڭ بەزىلىرى سوئال ئالماشلىرىغا «-دۇ، -تۇ» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. | كىمدۇر، قانداقتۇر، ئاللىقانداق |
| 7 | بولۇشسىز ئالماش | شەيئى، بەلگە، خۇسۇسىيەت، سان، مىقدار ھەققىدىكى ئىنكارنى (يوقلۇقنى) بىلدۈرىدىغان ئالماش | «ھېچ» دېگەن سۆزگە سوئال ئالماشلىرى ۋە «نەرسە، گەپ، ئىش، يەر، بىر» دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ | ھېچكىم، ھېچيەرگە، ھېچقانچە |

### دىققەت قىلىدىغان نۇقتا

(1) «مەن، سەن، ئۇ» ئالماشلىرى بەزى كېلىش قوشۇم-چىلىرى بىلەن بىرىككەندە قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگى-رىشلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

مەن + نىڭ ـ مېنىڭ، مەن + نى = مېنى. («ن» چۈشۈپ قالىدۇ)

مەن + گە (غا) ـ ماڭا. («ئـە» «ئا» غا، «گ» «ڭ» غا ئۆز-گىرىدۇ)

«ئۇ» ئالمىشىغا «ـ غا، ـ دا، ـ دىن» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشتا «ـ غا، ـ دىن، ـ دا» دىن بۇرۇن «ـ نىڭ» قو-شۇلىدۇ. مەسىلەن:

1 ـ شەخس: مەن، مېنىڭ، مېنى، مەندىن، مەندە، ماڭا

2 ـ شەخس: سەن، سېنىڭ، سېنى، سەندىن، سەندە، ساڭا

3 ـ شەخس: ئۇ، ئۇنىڭ، ئۇنى، ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭغا، ئۇ-نىڭدا

(2) «ئۆز» دېگەن ئالماشقا بەزى تىل تەركىبلىرى قوشۇ-لۇش ئارقىلىق ئاز ساندىكى بىر قىسىم سۆزلەر ياسىلىدۇ، بۇنداق سۆزلەر ئالماش بولماستىن، باشقا سۆز تۈركۈملى-رىگە تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزئارا، ئۆزلۈكىدىن (رەۋىش)، ئۆزگىچىلىك (ئىسىم)، ئۆزگە، ئۆزۈمچىل (سۈپەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 3. ئالماشلارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

(1) ئالماشلارنىڭ مەنىسى ئابستراكت بولۇپ، ئايرىم تۇرغاندا قانداق مەنە ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس.

مەسىلەن: «قىزىل، كۆك، سېمىز، ناچار، دەريا، كىتاب، مەكتەپ» دېگەن سۆپەت ۋە ئىسىملاردىن كونكرېت مەنە ئىپادىلىنىسە، «بىز، ئۇ، شۇ، قانداق، ھەركىم» دېگەن ئالماشلار شەيئى ياكى خۇسۇسىيەت ھەققىدە كونكرېت ئۇقۇم ئىپادىلىمەيدۇ. مانا بۇ — ئالماشلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى.

(2) ئالماشلار يىغىنچاقلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئەنۋەر، ئالىمجان، گۈلنارلار بىزنىڭ فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوتسېنت.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى.

(3) ئالماشلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى يوق، ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشى باشقا مۇستەقىل سۆزلەردەك سىستېمىلىق ئەمەس، بىر قىسىم ئالماشلار جۈملىدە بەزى ۋەزىپىدە كەلسىمۇ، بەزى ۋەزىپىلەردە كەلمەيدۇ (ئېنىقسىز ئالماشلار جۈملىنىڭ خەۋىرى بولالمايدۇ).

(4) ئالماشلار جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ ئۆيدە ئولتۇرىمەن. (ئىگە)

بۇ ئىشنى قىلغان سەن. (خەۋەر)

ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

سىز ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈشىڭىز كېرەك. (تولدۇرغۇچى)
قەھرىمانلارنىڭ نامى ھەرقاچان يادلىنىدۇ. (ھالەت)
(5) ئالماشلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە ئەمەس، يەنى ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە ئەمەس. لېكىن ئالماشلارغا «- لا، - لە، - لىق، - لىك، - لۇق، - لۈك، -چى» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ بولغان ئاساندىكى سۆزلەرنى ياساشقا بولىدۇ. مەسىلەن:
مەن - مەنلە، سىز - سىزلە، مەن - مەنمەنلىك، ئۆز - ئۆزلۈك، ئۇنداق - ئۇنداقچى، مۇنداق - مۇنداقچى
(6) ئالماشلار ياردەمچى پېئىللار ۋە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
مەن ئىدىم، ئۇ ئىمىش، مەن توغرۇلۇق، ئۇلارغا ئائىت.

**رەۋىش ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە**

**1. رەۋىش دېگەن نېمە؟**

شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.
رەۋىشلەرگە قانداق، قانداق قىلىپ، قانداقچە، قاچان، قاچانغىچە، قاچاندىن بېرى، قەيەردە، قەيەرگىچە، قەيەردىن، دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
بۈگۈن، ھازىر، ئالدى، چاپسان، پۈتۈنلەي، قەستەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 2. رەۋىشلەرنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

| NO | نامى | ئېنىقلىمىسى | مىسالى |
|---|---|---|---|
| 1 | ۋاقىت رەۋىشى | شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر | بۇگۈن، ئەتە، ھازىر، بۇلتۇر، قىشىچە، مەڭ-گۈ، دائىم، كەچكىچە |
| 2 | ئورۇن رەۋىشى | شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر | نېرى، بېرى، ئالدى، سىرت، كەينى، يۇقى-رى، تۆۋەن، ئىچكىرى |
| 3 | ھالەت رەۋىشى | شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ تۈرلۈك ھا-لەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر | تېز، چاپسان، مەردانە، بىمەردەك، ئۇچقاندەك، ۋاللىدە |
| 4 | دەرىجە رەۋىشى | شەيئىلەر ھەرىكىتىنى ۋە شەيئىلەر سۈپىتىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدى-غان رەۋىشلەر | تازا، پۈتۈنلەي، ئاسا-سەن، ئۇزۇل - كې-سىل، راسا، دەل، ناھا-يىتى |
| 5 | سەۋەب - مەق-سەت رەۋىشى | شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى ياكى مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر | ئەتەي، قەستەن، ئامال-سىزلىقتىن، دۈشمەن-لىك بىلەن |

### دىققەت قىلىدىغان نۇقتا

ئورۇن رەۋىشى بىلەن ئىسىملارنىڭ ئورۇن - پەيت كې-لىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش لازىم. كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار

ئىسىملارنىڭ ئورۇن ـ پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەرنى، مەسىلەن: «مەكتەپتە، ئۆيدە، ھويلىدا» دېگەن سۆلەرنى ئورۇن رەۋىشى دەپ ئايرىپ قويىدىغان ئەھۋاللار بار، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئىسىم ۋە ئىسىمنىڭ ئورۇن ـ پەيت قوشۇمچىسىغا دىققەت قىلىپ ئايرىشى لازىم. ئورۇن رەۋىشلىرىدە شۇ سۆز تۈپ سۆز ھالىتىدە ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئالدى، يۇقىرى، تېشى، ئىچى، تەرەپ ـ تەرەپتىن»

### 3. رەۋىشلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى

(1) رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىل، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرگە بېقىنىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز بۈگۈن كەلدۇق. (پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن)

بىز قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشىمىز لازىم. (سۈپەتكە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن)

(2) رەۋىشلەر ئىسىم ۋە سۈپەتكە خاس قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىدۇ، لېكىن بۇ خىل تۈرلىنىش شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش سىستېمىلىق بولمايدۇ. مەسىلەن:

ئەتىمىز پارلاق. كېيىنرەك كەلمەك.

(3) بەزى دەرىجە رەۋىشلىرى ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمايدۇ. مەسىلەن: ناھايىتى، قەۋەت، ئىنتايىن

(4) رەۋىشلەر ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. مەسىلەن:

ـ لارچە = قەھرىمانلارچە، ـ چىلاپ = پاقىچىلاپ،

ـ دە = جىمجىمدە، ـ ئى = يازلىقى، ـ ئەن = جاۋابەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## پېئىل توغرىسىدا چۈشەنچە

### 1. پېئىل دېگەن نېمە؟

شەيئىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، ھالىتى، ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ماڭ، ياز، ئوقۇ، سۆي، زېرىكىلداش، گۈللەن، قىزار، جاراڭلاش...

### 2. شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار

تىلىمىزدىكى پېئىللار مەلۇم شەخسكە تەۋە ھەرىكەتنى ئىپادىلەش ياكى ئىپادىلىمەسلىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) شەخسلىك پېئىللار

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلاندۇغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان، باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىدا كېلەلمەيدىغان پېئىللار شەخسلىك پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىم، ئالدۇق، ئالدىڭ، ئالدىڭلار، ئالدى، ئالىمدۇ، ئېلىۋاتىمەن، ئالاي، ئالايلى، ئالغىن، ئالسۇن، ئالسام، ئالساڭ، ئالسا، ئالساق، ئالساڭلار، ئالماقچىمەن دېگەنگە ئوخشاش. بۇ پېئىل شەكىللىرىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ شەخسنىڭ مەلۇم بىرى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

2) شەخسسىز پېئىللار

ئايرىم تۇرغاندا، مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىش ـ ھەرىكەتنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان، شەخس بىلەن تۈرلىنەلمەيدىغان، باش-

قا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئېلىپ، شۇ سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كېلىدىغان پېئىللار شەخسسىز پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق پېئىل تۈرىگە ھەرىكەت ناملىرى، سۈپەتداش ۋە رەۋىشداشلار كىرىدۇ. مەسىلەن:

ئېلىش، ئالماق، كېلىش، كەلمەك، كۆرۈش، كۆرمەك، تۇرۇش، تۇرماق، ئالغان، باققان، كۆرگەن، كەتكەن، ئېلىپ، كۆرۈپ، ئىشلەپ، تۇرۇپ دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**شەخسسىز پېئىللارنىڭ تۈرى**

| NO | تۈرى | تەبىرى | قوشۇمچىلىرى | مىسالى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | سۈپەتداش | پېئىلغا ھەم سۈپەتكە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان، جۈملىدە سۈپەتكە ئوخشاش رول ئويناپ، ھەرىكەتنى بەلگە سۈپىتىدە ئىپادىلەيدىغان شەخسسىز پېئىل تۈرى سۈپەتداش دېيىلىدۇ | - غان، - قان ، - گەن، - كەن، - ئار، - ئەر، - ماس، - مەس، - دىغان، - يدىغان | ياز + غان = يازغان، كۆر + گەن = كۆرگەن. يات + قان = ياتقان، كەت + كەن = كەتكەن. ياز + ار = يازار كۆر + ەر = كۆرەر، بار + ماس = بارماس، كەل + مەس = كەلمەس |
| 2 | ئىسىمداش | پېئىلغا ھەم ئىسىمغا ئوخشاش خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش رول ئويناپ كېلەلەيدىغان شەخسسىز پېئىل | - ش، - ئىش، - ئۇش، - ئۈش، - ماق، - مەك، - غۇ، - قۇ، - گۈ، - كۈ | ئىشلە + ش = ئىشلەش، ياز + ئىش = يېزىش، قۇر + ۇش = قۇرۇش، كۆر + ۈش= كۆرۈش، ياز + ماق = يازماق، كۆر + مەك = كۆرمەك، ياز + غۇ = يازغۇ، يات + قۇ = ياتقۇ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 3 | رەۋىشداش | پېئىلغا ھەم رەۋىشكە ئوخشاش خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان، جۈملىدە رەۋىشكە ئوخشاش رول ئويناپ كېلىدىغان شەخسسىز پېئىل | -پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ -غىچە، -قىچە، -گىچە، -كىچە -غىلى، -قىلى، -گىلى، -كىلى -غاچقا، -قاچقا، -گەچكە، -كەچكە -غاچ، -قاچ، -گەچ، -كەچ -غانسېرى، -گەنسېرى، -قانسېرى، -كەنسېرى | ئىشلە + پ = ئىشلەپ، كۆر + ۈپ = كۆرۈپ، ياز + غىچە = يازغىچە، كۆز + گىچە = كۆزگىچە، ياز + غىلى = يازغىلى، يات + قىلى = ياتقىلى، ياز + غاچقا = يازغاچقا، يات + قاچقا = ياتقاچقا |

## 3. پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز شەكىللىرى

پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق شەكلى — پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ بولغانلىقى، بولۇۋاتقانلىقى، بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل.

بۇ كاتېگورىيە پېئىل ئۆزىگە «- ما // - مە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

«- ما // - مە» قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان پېئىللار پېئىلنىڭ بولۇشلۇق شەكلى ھېسابلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«مالڭ، ياز، كۆر، ئۇخلا، كەل» دېگەنگە ئوخشاش؛

پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلى - پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ بولمىغانلىقى، بولمايۋاتقانلىقى، بولمايدىغانلى-

قىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل.

«- ما // - مە» قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللار پېئىل-نىڭ بولۇشسىز شەكلى ھېسابلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ماڭما، يازما، كۆرمە، ئۇخلىما، كەلمە» دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان سۈپەتداش شەك-لىنى بولۇشسىز ھۆكۈم «ئەمەس» بىلەن بىرىكتۈرۈش ياكى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ئىسىملاشقان سۈپەتداش شەكلىنى «يوق» سۆزى بىلەن ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋىتىدە بىرىكتۈ-رۈش يولى بىلەنمۇ ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەش مۇمكىن. مەسىلەن: «بارغان ئەمەس»، «كۆرگەن ئەمەسمەن»، «بارغىنىم يوق»، «كۆرگىنىم يوق» دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن، بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىر خىل سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، پەقەت بەلگى-لىك شارائىتتىلا قوللىنىلىدۇ.

## 4. پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇ-ناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە پې-ئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت ھەر دائىم ئۈچ لوگىكى-لىق زاماننىڭ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇنىڭ بىرىدە ئە-مەلگە ئاشىدۇ. پېئىللارنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئۇلارنى باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگىلىرى-نىڭ بىرى.

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل بولىدۇ:

1) ھازىرقى زامان

ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامان شەكلى ھازىرقى زامان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەۋاتىمەن، يېزىۋاتىسەن، كۆرۈۋاتىدۇ.

ئىشلىمەيۋاتىمەن، يازمايۋاتىمەن، كۆرمەيۋاتىدۇ.

2) ئۆتكەن زامان

ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامان شەكلى ئۆتكەن زامان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

يازدىم، يازدىڭ، كۆرگەن، ئىشلىدىم، يازمىدىم، يازمىدىڭ، ئىشلىمىدىم، كۆرمىگەن.

3) كېلىدىغان زامان

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامان شەكلى كېلىدىغان زامان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەيمەن، يازىسەن، كۆرىدۇ، ئىشلىمەيمەن، يازمايسەن، كۆرمەيدۇ...

پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيەسى چوڭ جەھەتتىن يۇقىرىدىكىدەك ئۈچ لوگىكىلىق زامان بويىچە ئىپادىلىنىسىمۇ يەنە ھەربىر زاماننىڭ كونكرېت زامان شەكىللىرى بار، پېئىلنىڭ بۇ خىل زامان شەكىللىرى ئەمەلىيەتتە پېئىلنىڭ خەۋەر رايى بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلىنى خەۋەر رايى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ با-

يان قىلىمىز.

## 5. پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى

1) ئېنىقلىمىسى

پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتكە نىسبەتەن سۆزلىگۈچى-نىڭ قانداق پوزىتسىيەدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئەخمەت كىتاب ئوقۇدى» دېگەن جۈملىدە، ھەرىكەتنىڭ سۆزلىگۈچى سۆزى بىۋاسىتە بىلگەن ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

«تىرىشىپ ئۆگەنمىسەك، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيمىز» دې-گەن جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ھەرىكەتكە شەرت قىلىپ ئېيتىلغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

«ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار» دېگەن جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ بۇيرۇق تەرىقىسىدە ئېيتىلغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

2) ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى تۆۋەن-دىكىچە:

(1) خەۋەر رايى

سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھە-رىكەت توغرىسىدىكى بايانىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى پې-ئىلنىڭ رايى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يىل دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى.

ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى باشلان-دى.

بۈگۈن كەچ سىنىپ يىغىنى ئېچىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(2) شەرت رايى

مەلۇم بىر ھەرىكەتكە قارىتا ئىككىنچى بىر ھەرىكەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى پېئىلنىڭ شەرت رايى دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ شەرت رايى شەكىللىرى مۇرەككەپ جۈملىلەردە (بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەردە) قوللىنىلىدۇ. پې-ئىلنىڭ شەرت رايى شەكىللىرى پېئىل ئۆزىكىگە «-سا، -سە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

سەن ھېيتلاپ كەلمىسەڭ، مەنمۇ بارمايمەن.
يامغۇر ياغمىسا، سۇغا چۆمۈلگىلى بارىمىز.
تىرىشىپ ئۆگەنمىسەڭ، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسەن.

(3) بۇيرۇق راي

ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ياكى ئورۇندالماسلىقىغا نىس-بەتەن سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇقىنى، خاھىشىنى، تەلىپىنى، ئىلتىماسىنى، ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل رايى پې-ئىلنىڭ بۇيرۇق رايى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

رۇخسەت قىلىڭ، مەن باراي.
ماقۇل، سىز بېرىڭ.
كەلسىلە، يۇقىرى چىقسىلا، چاپانلىرىنى سېلىۋەتسىلە.
ياشىسۇن كوممۇنىستىك پارتىيە!
كېيىملىرىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن.

پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك ئىپا-دىلىنىدۇ:

1) بۇيرۇق رايىنىڭ I شەخس بىرلىكى پېئىل ئۆزىكى-

گە «ـ ياي، ـ يەي، ـ ي» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىللەر سۆزلىگۈچىنىڭ خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ. Ⅰ شەخس كۆپلۈك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «ـ ايلى، ـ يەيلى، ـ يلى» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىللەر دەۋەت، چاقىرىق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قارا ـ قارايلى، قارا ـ قاراي، تۇر ـ تۇراي، كۆر ـ كۆرەي، بار ـ بارايلى، كۆر ـ كۆرەيلى، يىغلا ـ يىغلايلى، تۇر ـ تۇرايلى، ئىشلە ـ ئىشلەيلى....

2) بۇيرۇق رايىنىڭ Ⅱ شەخس شەكلى پېئىلنىڭ تومۇرىنى، مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا يەنە «ـ غىن، ـ قىن، ـ گىن، ـ كىن، ـ ڭ، ـ ىڭ، ـ ۇڭ، ـ ۈڭ، ـ ڭلار، ـ ىڭلار، ـ ۇڭلار، ـ ۈڭلار؛ ر، ـ سىلا، ـ سىلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

قارا، تۇر، سۆزلە، ئىشلە، قارات، تۇرغۇز، سۆزلەت، كىرگۈز، ساتقۇز، قاراڭ، قاراڭلار، قارىغىن، تۇرغىن، سۆزلىگىن، ئىشلىگىن، كىرگۈزگىن، ساتقىن، سۆزلەڭ، سۆزلەڭلار، ئىشلەڭ، ئىشلەڭلار، تۇرۇڭ، تۇرۇڭلار، كىرگۈزۈڭ، كىرگۈزۈڭلار، سىتىڭ، سىتىڭلار

3) بۇيرۇق رايىنىڭ Ⅲ شەخس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «ـ سۇن، ـ غاي، ـ قاي، ـ گەي، ـ كەي» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يازسۇن، بارسۇن، ئىشلىسۇن.

يازغاي، بارغاي، ئىشلىگەي، كەتكەي، ياتقاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 6. پېئىللارنىڭ دەرىجە شەكىللىرى

1) ئېنىقلىمىسى

پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگە بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) گۈلقىز كىر يۇدى.

(2) گۈلقىز يۇيۇندى.

(3) قاچا ـ قۇچىلار يۇيۇلدى.

(4) ئەخمەت گۈلقىزغا كىر يۇغۇزدى.

(5) ئۇلار كىر يۇيۇشتى.

2) ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەسلىي دەرىجە

پېئىلنىڭ باشقا دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلماي تۇرغاندىكى شەكلى ئارقىلىق ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق سۇبيېكتىنىڭ ئەمەلىيەتتە جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە ئەسلىي دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئايشەم كىر يۇيدى.

مەن خەت يازدىم.

بىز كىنو كۆردۇق.

پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى باشقا دەرىجە شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ.

(2) ئۆزلۈك دەرىجە

ھەرىكەتنىڭ جۈملە ئىگىسى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى ۋە ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىگە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ياكى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىغۇچىغا ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆزلۈك دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى پېئىل ئۆزىكىگە (ئەسلىي دەرىجىدىكى پېئىللارغا) «- ن، - ىن، - ۇن، - ۈن، - ل، ىل، - ۇل، - ۈل» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يۇ + يۇن = يۇيۇن

ماختا + ن = ماختان

كۆر + ۈن = كۆرۈن

قوش + ۇل = قوشۇل

بەر + ىل = بېرىل

ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىللار بەزىدە مەجھۇل دەرىجىدىكى پېئىللار بىلەن شەكىلداش بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ مەنىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

گۈللەر ئېچىلدى. (ئۆزلۈك دەرىجە)

يىغىن بۈگۈن رەسمىي ئېچىلدى. (مەجھۇل)

بېلىق قارماققا ئىلىندى. (ئۆزلۈك)

كىيىم ئىلغۇچقا ئىلىندى. (مەجھۇل)

تىلىمىزدىكى «شادلاندى، ئىككىلەندى، خۇشاللاندى» پېئىللىرى ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىللارغا شەكىل جەھەتتىن ئوخشايدۇ ھەم ئۆزلۈك دەرىجە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆتۈملۈك شەكلى ئاساسىدا ياسالغان بولماستىن، بەلكى سۈپەت ياكى سانغا بىۋاستە «- لان، - لەن» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزلۈك دەرىجە شەكلىدىكى پېئىل ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

(3) مەجھۇل دەرىجە

پېئىلدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ جۈملە ئىگىسى تەرىپىدىن ئورۇندالماي، نامەلۇم شەيئى ياكى شەخس تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجە مەجھۇل دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجە شەكلى ئاخىرقى بوغۇمدا «- ل» تاۋۇشى بولغان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «- ىن - / - ن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى، باشقا پېئىل ئۆزەكلىرىگە «- ل، - ىل، - ۇل، - ۈل» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئون پارچە ماقالە يېزىلدى. (ياز + ىل + دى)

بۇ ماقالە ئىككى قېتىم كۆرۈلدى. (كۆر + ۈل + دى)

ئويۇن باشلاندى. (باشلا + ن + دى)

ئەخمەت سىنىپ باشلىقلىقىغا سايلاندى. (سايلا +ن + دى)

(4) مەجبۇرىي دەرىجە

ھەرىكەتنى جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى ئورۇندىماي باشقا بىر شەخسنى مەجبۇرلاش ئاساسىدا ئورۇنداتقۇزغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى مەجبۇرىي دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بوۋامغا ھېكايە ئېيتقۇزدۇم.

ئەخمەت ئاچىسىغا كىر يۇغۇزدى.
ئۇلار مېنى كىرگۈزمىدى.
سائىتىمنى سائەتچىگە ياسانقۇزدۇم.

ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىگە كىرەلەيدۇ. ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىگە كىرىشى ئۇلارنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلانغانلىقى بولۇپ، بۇ چاغدا ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى (ئىجراچىسى) گىرامماتىكىلىق تولدۇرغۇچى بولۇپ چۈشۈم كېلىشتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئانا بالىنى يۇيۇندۇردى.
شوپۇر ماشىنىنى كەينىگە ياندۇردى.
ئۇلار چىراغنى ئۆچۈردى.

پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

① ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ـ دۇر، ـ دۈر، ـ تۇر، ـ تۈر» ياكى «ـ غۇز، ـ دۇز، گۈز، ـ گۈز» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازدۇر، ماڭدۇر، ئەمدۈر، تاپتۇر، كەتتۈر، يازغۇر، ماڭغۇز، ئەمگۈز، تاپقۇز، كەتكۈز، يېدۈر، يۇدۇر

② «ئار»، «ئەر»، «ئاي»، «ئەي» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ـ ت» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئاقار + ت = ئاقارت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆتەر + ت = كۆتەرت

ئازاي + ت = ئازايت

③ سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ـ ت» ياكى «ـ تقۇز، ـ تكۈز» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينا + ت = ئوينات

سەكرە + ت = سەكرەت

ئوينا + تقۇز

سۆزلە + تكۈز

④ «چ» ياكى «ش» بىلەن ئاخىرلاشقان ئايرىم بىر بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ـ ار، ەر» ياكى «ـ ۇر، ـ ۈر» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇچى + ار = ئۇچار، ئۇچى + ۇر = ئۇچۇر

چۈشى + ەر = چۈشەر، چۈشى + ۈر - چۈشۈر

ئىچى + ەر = ئىچەر، ئىچى + ۈر = ئىچۈر

(5) ئۆملۈك دەرىجە

ئىككىدىن ئارتۇق گىراماتىكىلىق ئىگىنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتنى بىر - بىرىنى ئوبيېكت قىلغان ھالدا، بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ئىلىپ بارغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆملۈك دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى.

مەن ئەخمەت بىلەن يۈگۈرۈشتۈم.

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «ـ ش، ـ ىش، ۇش» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينا + ش = ئويناش، ئۇر + ۇش = ئۇرۇش،
كۆر + ۈش = كۆرۈش، كىر + ىش = كىرىش

## 7. مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىللار

پېئىللار ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىش ـ كېلەلمەسلىكىگە قاراپ مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) مۇستەقىل پېئىل

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغان پېئىللار مۇستەقىل پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

گۈللەر ئېچىلدى. تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك.
گۈللەنگەن شىنجاڭ.

يۇقىرىقى جۈملىلەردە «ئېچىلدى» دېگەن پېئىل جۈملىنىڭ خەۋىرى، «تىرىشىپ» دېگەن پېئىل جۈملىنىڭ ھالىتى، «گۈللەن» دېگەن پېئىل شۇ بىرىكمىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن.

2) ياردەمچى پېئىل

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گىرامماتىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىللار ياردەمچى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «مەن ئۆتكەن يىلى ئۇ يەرگە بارغانىدىم» دېگەن جۈملىدە «ئىدىم» پېئىلى «بارغان» دېگەن سۆزپەتداشقا قوشۇلۇپ خەۋەر بولۇپ كېلىپ، ئۆتكەن زامان، I شەخس بىرلىك قاتارلىق گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

«ھاۋا ئىسسىپ كەتتى»، «سائەت توشۇپ قالدى»، «باللار ئويناپ يۈرىدۇ» دېگەن جۈملىلەردە «كەت»، «قال»، «يۈر»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پېئىللىرى پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، كۆچەيگەنلىك، تويۇقسىزلىق، ئىزچىللىق قاتارلىق تۈس مەنىلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. مانا مۇشۇ «ئىدىم»، «كەت»، «قال»، «يۈر» پېئىللىرى ياردەمچى پېئىل ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار تۆۋەندىكىچە:

(1) «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» قاتارلىق پېئىللار ئايرىم قوللىنىلمايدۇ ھەم مۇستەقىل مەنە ئاڭلاتمايدۇ. پەقەت جۈملىدە باشقا پېئىللار بىلەن ياندىشىپ كېلىپ، قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

زەمبىرە يېزىغا بارغانىدى. (بارغان ئىدى) ئۇ يەردە سىزنى كۆرگەنىكەن. (كۆرگەن ئىكەن) ئۇلارمۇ يازدا كېلەرئىمىش. (كېلەر ئىمىش) ئۇ باغقا بارغانىكەن. (بارغان ئىكەن) ساۋاقداشلار بىزنى ساقلاپ تۇرماقچىدى. (تۇرماقچى ئىدى) سەبىرە تېزرەك كەلسىكەن (كەلسە ئىكەن) ئۇ ناخشىغا ئۇستىمىش. (ئۇستا ئىمىش)

(2) «بول، ئەت، كەت، قىل، تۇر، ئال، بەر» قاتارلىق پېئىللار ئايرىم قوللىنىلغاندا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەنە ئاڭلىتىپ جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلىسىمۇ، لېكىن رەۋىشداشلار بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىلىرىنى تامامەن ياكى قىسمەن يوقىتىپ، ياندىشىپ كەلگەن ھەر خىل تۈس مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھاۋا ئىسسىپ كەتتى. سائەت توختاپ قالدى. بالىلار ئويناپ يۈرىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلىدىم. تۇرسۇن ئاغرىپ قالدى. تاپشۇرۇقنى يېزىپ بولدۇق.

## 8. پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

1) پېئىللار ئۆزىگە خاس شەخس ـ سان، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق، زامان، راي ۋە دەرىجە شەكىللىرىگە ئىگە ۋە سۇپەتداش، ئىسىمداش، رەۋىشداش قاتارلىق شەخسسىز شەكىللىرىگە ئىگە.

2) ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدە ئۆزئارا ئۆتۈشۈش ئەھۋالى كۆرۈلسىمۇ، پېئىللار بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرى ئۆتۈشمەيدۇ، يەنى بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق ئۇقۇمى، زامان ئۇقۇمى ۋە راي ئۇقۇمى پېئىلنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ.

3) پېئىللار باشقا سۆزلەرنى تەشكىللەپ، خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، جۈملىنى جۈملىلىك سالاھىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

4) ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ئىسىم خاراكتېرىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ. ئۇ خىل قۇرۇلمىلار جۈملىدە پېئىل ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ياۋاش ئادەم ئىكەن. سادىر ياخشى ئادەم بولدى.

5) پېئىللار ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە.

## تەقلىد سۆزلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. تەقلىد سۆز دېگەن نېمە؟

كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: تاراق ـ تۇرۇق ئەمدى بېسىلدى.

بۇ ئىمىر ـ چىمىر خەتلەرنى ھەرگىز ئوقۇغىلى بولـ ـمايدۇ.

بېشىم زىڭ ـ زىڭ قىلىپ ئاغرىۋاتىدۇ.

## 2. تەقلىد سۆزلەرنىڭ تۈرى

| تۈرى | ئېنىقلىمىسى | مىسالى |
| --- | --- | --- |
| ئاۋاز تەقلىدـ لىرى | كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش سېزىمىگە تەقـ لىد قىلىنغان تەقلىد سۆزلەرنى ئاۋاز تەقلىدلىرى دەپ ئاتايمىز | تاڭ ـ تاڭ، جاراڭ ـ جۇـ رۇڭ، جىرىڭ ـ جىرىڭ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، تاراق ـ تۇرۇق، شار ـ شار، شىلدىر ـ شىلدىر |
| ھالەت تەقلىدـ لىرى | شەكىل تەقلىدلىرى كىشىلەرنىڭ كۆرۈش ئورگانلىرىنىڭ سېزىمى ئارقىـ لىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە پەيدا بولغان ئىنكاسىنى ئىپاـ دىلەيدىغان سۆزلەردۇر | ۋال ـ ۋۇل، پار ـ پۇر، پىل ـ پىل، غال ـ غال، لىك ـ لىك، لىڭ ـ لىڭ، ئىمىر ـ چىمىر، پار ـ پار، لەپ ـ لەپ، لۆم ـ لۆم، غىپ ـ غىپ |
| ھېسسىيات تەقلىدلىرى | كىشىلەرنىڭ ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان تەقلىد سۆزلەرنى ھېسسىيات تەقلىدلىرى دەپ ئاتايمىز. ھېسسىيات تەقلىدلىرى كىشىلەرنىڭ سېزىش ئورگانلىرىنىڭ سېزىمى ئارقىـ لىق كىشىلەر مېڭىسىدە پەيدا بولغان ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر | لوق ـ لوق، زىڭ ـ زىڭ، چىم ـ چىم، جىغ ـ جىغ |

## 3. تەقلىد سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇ ـ سىيەتلىرى

(1) تەقلىد سۆزلەر ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتې ـ گورىيەگە ئىگە ئەمەس، لېكىن بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەر ئىسىم، سۇپەت، رەۋىشلەرنىڭ رولىدا كېلىپ، ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ ۋە جۈملىدە شۇ خىل سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش ۋەزىپە ئاتقۇزىدۇ. مەسىلەن:

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئەمدى بېسىلدى. (ئىگە)

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى توختىتىڭلار. (تولدۇرغۇچى)

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدا ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. (ھا ـ لەت)

تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال. (خەۋەر)

شىلدىر ـ شىلدىر قىلغان سۇنىڭ ئاۋازى. (ئېنىقلىغۇ ـ چى)

(2) تەقلىد سۆزلەر «قىل» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ قوشما پېئىل ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

تارس قىلغان، شىر ـ شىر قىلىپ، غىچ قىلىپ.

(3) تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇم ـ چىلىرى بولمايدۇ. بىراق بىر بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەرگە « ـ ىلدا، ـ ىلدە، ـ ۇلدا، ـ ۈلدە» ۋە «ـ لا، ـ لە، ـ قىرا، ـ كىرە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن پې ـ ئىللار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىك + ىلدا = چېكىلدا، دىر + ىلدە = دىرىلدە، پۇش + ۇلدا = پۇشۇلدا، گۇر + ۇلدە = گۇرۇلدە، جاراڭ + لا = جاراڭلا، شىلدىر + لا = شىلدىرلا، جار + قىرا = جارقىرا، گۇر + كىرە = گۇركىرە

(4) بىر قىسىم تاق تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تەكرارلىنىپ «ـ ىدە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەۋىشكە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

پاق + قى + ىدە = پاققىدە، پوك + كى + ىدە پوككىدە، شار + ر + ىدە = شاررىدە، غاچ + چى + ىدە = غاچچىدە

(5) بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئىسىم ۋە سۈپەت ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

تاك + تاك + چى = تاكتاكچى،

جاراڭ + لىق = جاراڭلىق.

## ئىملىق سۆزلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. ئىملىق سۆزلەر دېگەن نېمە؟

ھېس ـ تۇيغۇ، خاھىش، بۇيرۇق، چاقىرىق قاتارلىقلارغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ئىملىق سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇھ، بەللى ـ بەللى، ھەي، ئەستا.

## 2. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرى

| تۈرلىرى | ئېنىقلىمىسى | مىسالى |
| --- | --- | --- |
| ھېس ـ تۇيغۇ ئىملىقلىرى | كىشىلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار | ئاپلا، خەپ، پاھ، ئوخخوي، بەللى ـ بەللى، ئىسىت، ئۇشتە، ۋىيەي |
| قاراتما ئىملىقلىرى | كىشىلەرنى قارىتىش، دىققىتىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە قوللىنىلغان ئىملىقلار | هاي، هەي، هوي، ئەي، هۆي |
| بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقلىرى | ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە ياكى هايۋانلارغا قىلغان تۈرلۈك خىتابلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىملىقلار | تىنىچ، بەس، جىم، تاخ، چۆھ |

## 3. ئىملىق سۆزلەرنىڭ گىراممatikىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

(1) ئىملىق سۆزلەر جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ، ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ، قىسمەن ئىملىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ. مەسىلەن:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،

ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى. (ئىگە)

(2) ئىملىق سۆزلەر ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ، بەزى ئىملىق سۆزلەر ئوخشىمىغان تىل شارائىتىدا ئوخشىمىغان ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(3) بەزى ئىملىق سۆزلەرنى يېزىق بىلەن ئىپادىلەپ يازغىلى بولمايدۇ.

(4) ئىملىق سۆزلەر ئاساسەن تۈرلەنمەيدۇ.

## ياردەمچى سۆزلەر ھەققىدە چۈشەنچە

### 1. ياردەمچى سۆزلەر دېگەن نېمە؟

تىلىمىزدا ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ياردەمچى سۆزلەر دېيىلىدۇ.

ياردەمچى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنى باشقا سۆزلەردىن ئايرىپ ئالاھىدە قوللانغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ۋە جۈملىلەر بىللە كېلىپ، شۇ سۆزلەرنىڭ ياكى جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنى تولۇقلاش، روشەنلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. سۆزلەرنى ۋە جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم تۇغۇلىدۇ ھەم ئۆلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ.

بىز ئۇنىڭ بىلەن سىز توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق.

كىشى ھامان ئۆلىدۇ، لېكىن ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ.

### 2. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرى

| مىسالى | رولى | تۈرى |
|---|---|---|
| ھەققىدە، ئائىت، قارىتا، توغرۇلۇق، ئىبارەت، قاتارلىق، كۆرە، ئىبتىبارەن، ئۇچۇن، قارىغاندا، قەدەر، كەبى، ئوخشاش | ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەرخىل مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ | تىركەلمىلەر |
| بىرىكتۈركۈچى باغلىغۇچىلار ــ ۋە، ھەم، بىلەن، ھەمدە، يەنە | سۆزلەرنى، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ | باغلىغۇچىلار |
| قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار ــ ئەمما، لېكىن، بىراق، ئەكسىچە، دېگەن بىلەن، ۋاھالەنكى، ئەپسۇسكى، ئۇ، يۇ | | |
| كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچى ــ ھەتتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەلكى، بولۇپمۇ، خۇسۇسەن | | |
| تاللا ـ ئايرىش باغلىغۇچى ــ يا، ياكى، گاھى | | |
| سەۋەب ـ نەتىجە باغلىغۇچىلىرى ــ چۈنكى، شۇڭا، سەۋەبى، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا | | |
| سوراق مەنىسى ــ دۇ، غۇ، چۇ، ما، مە | سۆزلەرگە، سۆز بىرىكمىلىرىگە ۋە جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مەنە ئاڭلىتىدىغان ياردەمچى سۆزلەر | يۈكلىمىلەر |
| كۈچەيتىش، تەكىتلەش مەنىسى ــ غۇ، قۇ، لا | | |
| تەنە، نارازىلىق مەنىسى ــ زە | | |
| ئۆتۈنۈش مەنىسى ــ ئا، ئە، چۇ | | |
| ئەجەبلىنىش مەنىسى ــ دە، تە | | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### 3. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى

(1) ياردەمچى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدۇ، گىراماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدۇ، جۈملە بۆلىكى بولمايدۇ، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ مەنىسى كونكرېت تىل شارائىتىدا روشەنلىشىدۇ.

(2) ياردەمچى سۆزلەر تۈرلەنمەيدۇ.

(3) بىر قىسىم ياردەمچى سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن قوشۇمچىغا ئوخشايدۇ، ئەمما تەلەپپۇزدا ئۇرغۇ ئارقىلىق، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق قوشۇمچىلاردىن پەرقلىنىدۇ.

(4) «دە، تە، ھە» يۈكلىمىلىرى ئالدىدىكى سۆزدىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ.

## سىنتاكسىس ھەققىدە چۈشەنچە

### 1. سىنتاكسىس دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى نېمە؟

سىنتاكسىس تىلىمىزغا گىرېك تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر دېگەندىن ئىبارەت.

سىنتاكسىس — تىل ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ سۆزلەرنى تەشكىللەپ، تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە مۇناسىۋەتلىرى، ئاددىي جۈملىنىڭ

مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن تۈرگە بۆلۈنۈشى، جۈملە- نىڭ بۆلەكلىرى، مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەمدە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

## 2. جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدە- لىكى بار

جۈملە — سۆزلىگۈچىنىڭ تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان تىل بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) جۈملە ئاياغلاشقان مەلۇم ئوي - پىكرنى ئىپادىلەي- دۇ، جۈملە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۆزئارا سىنتاك- سىسلىق مۇناسىۋىتىدىن تۈزۈلگەن، جۈملە ئوي - پىكرنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم تىل بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ.

(2) جۈملە خەۋەر بىلەن ئىگىنىڭ سىنتاكسىسلىق باغ- لىنىشىدىن ھاسىل بولغان بايانىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەي- دۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت بولمىغان شارائىتتا جۈملىمۇ بول- مايدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بەزىدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ مەنىسىدىن بۇنداق بايانىي مۇنا- سىۋەت يوشۇرۇن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

تاڭ سەھەر، قاتتىق سوغۇق، ئەھمەت تېخىچە يولدا ئاس- تا كېتىپ باراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇقىرىقى مىسالدا ئۈچ جۈملە بار دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ تەركىبىدىكى 1-، 2 - جۈملىنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ كونتېكىستىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى «ۋاقىت تاڭ سەھەر ئىدى»، «ھاۋا قاتتىق سوغۇق ئىدى» دەپ چۈشىنىمىز. شۇڭا بۇلاردىمۇ بايانىي مۇناسىۋەت بار دەپ قاراپ، ئۇلارنىمۇ جۈملە ھېسابلاشقا بولىدۇ.

(3) ھەرقانداق جۈملە ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ. جۈملە مەيلى بىر سۆزدىن ياكى بىرقانچە سۆزدىن ۋە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان بولسۇن، تاۋۇش رىتىمى جەھەتتىن پۈتۈن بىر بىرلىك ھاسىل قىلىپ، ئەتراپىدىكى باشقا جۈملىلەردىن پائۇزا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. يېزىقتا ھەر خىل تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

## جۈملىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

جۈملىلەر مەزمۇنى ۋە ئېيتىلىش ئاھاڭىغا قاراپ بايان جۈملە، سوئال جۈملە، ئۈندەش جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. بايان جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

بايان جۈملە — مەلۇم شەيئى، ئىش - ھەرىكەت ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئوي - پىكىرنى خەۋەر تەرىقىسىدە ئىپا-

دىلەيدىغان جۈملە بايان جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بايان جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) بايان جۈملىلەر ئېغىزدا خەۋەر ئاھاڭى (ئىنتوناتسىيە) بىلەن ئېيتىلىدۇ، يەنى بايان جۈملە ئادەتتىكى ئاھاڭدا ئېيتىلىپ، ئاخىرى پەسىيىپ توختايدۇ. يېزىقتا بايان جۈملىدىن كېيىن ئاددىي جۈملە بولسا چېكىت، مۇرەككەپ جۈملە بولسا ئەھۋالغا قاراپ ئاخىرىغا پەش ياكى چېكىتلىك پەش، ئاخىرقى جۈملىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. ئۇندەش بەلگىسى ياكى سوئال بەلگىسى قويۇلىدىغان بايان جۈملە مەۋجۇت ئەمەس. مەسىلەن:

مەن خەت يازدىم. ئۇ بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئوينىدى.

(2) بايان جۈملە سۆزلىگۈچىنىڭ تىڭشىغۇچىغا بايان قىلماقچى بولغان ئوي ـ پىكرىنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش مەزمۇنى قىلىدۇ.

(3) بايان جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى كۆپرەك پېئىللارنىڭ خەۋەر رايىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**2. سوئال جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق ئالاـ ھىدىلىكى بار؟**

سوئال جۈملە ــ بىرەر نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ياكى بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكرىنى سوئال تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملە سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇ. سوئال جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى كېلىدۇ.

سوئال جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) سوئال جۈملىلەر ئادەتتە سوئال ئالماشلىرى (كىم، نېمە، قانداق، قانچە، نەچچە، قانچىنچى، نەچچىنچى، قايسى، قەيەردە، نەدە، قاچان، قېنى، نەگە) بىلەن سوئال مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇلانمىلار (ـ مۇ، ـ ما، ـ چۇ، ھە...) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

مېنى چاقىرغان كىم؟ سىزنىڭ ئۆيىڭىز قەيەردە؟ (سوئال ئالماشلىرى)؛ بۇ سىزنىڭ كىتابىڭىزمۇ؟ مەن بارىمەن، سىزچۇ؟ (سوئال ئۇلانمىلىرى)

(2) بەزىدە ئۇلارنىڭ ياردىمىسىزمۇ ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق سوئال مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى ھاللاردا شەكىل جەھەتتىن سوئال جۈملە، ئەمما مەنە جەھەتتىن سوئال ئۇقۇمىنى ئىپادىلىمەيدىغان، يەنى جاۋاب تەلەپ قىلمايدىغان جۈملىلەرمۇ بار، بۇنداق جۈملىلەر بەزىدە مەزمۇنىغا ھېسسىي تۈس قوشۇلۇپ، قەتئىي رەۋىشتە ئىپادىلەنگەن ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەت ئوقۇتقۇچى. ئەھمەت ئوقۇتقۇچى؟ (ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق سوئال مەنىسىنى بىلدۈردى)

بۇ ئىشقا بۇنچىۋالا كايىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ (جاۋاب كۈتمەيدۇ). بۇ ئىشقا بۇنچىۋالا كايىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

## 3. ئۈندەش جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۈنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

ئۈندەش جۈملە — سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېس - ھاياجىنىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن چوقۇم ئۈندەش بەلگىسى كېلىشى لازىم.

ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇندىكى ئۈندەش جۈملىلەر. بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئادەتتە شەرت رايى ۋە خەۋەر رايىدىكى پېئىللاردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىسھاق، سەنمۇ شۇ يەردە بولغان بولساڭ بەك ياخشى بولاتتى!

(2) كىشىلەرنىڭ خۇشال - خۇراملىق ۋە قانائەتلەنگەنلىك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۈندەش جۈملىلەر. بۇنداق ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدە كۆپىنچە ئۈندەش سۆزلەر بولىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي - ۋۇي، ئەجەب چىرايلىقساندۇق ئىكەنغۇ بۇ!

پاھ - پاھ، بۇ گەپ ئەجەب جايىدا بولدى!

بۇ تازىمۇ ئوبدان بالا ئىكەن - ھە!

(3) كىشىلەرنىڭ غەزەپلىنىش، خاپا بولۇش، پۇشايمان قىلىشتەك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۈندەش جۈملىلەر. بۇنداق ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى ھەر خىل بولىدۇ، بەزىلىرىدە ئۈلانمىلار بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاپلا، مەن بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بولسام بوپتىكەن!

خەپ توختاپتۇر، يەنە بىر قېتىم كەلگەندە تازا ئەدىپىڭىنى بەرمىسەم!

(4) بىر قىسىم ئۇندەش جۈملىلەر كىشىلەرنىڭ بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئىشقا ئەجەبلىنىش، زوقلىنىش ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ۋاي - ۋۇي، ئەجەب چىرايلىق قىزكىنابۇ!

ئىخ، ئانا، سەن نېمىدېگەن سۆيۈملۈك، نېمىدېگەن مېھرىبان - ھە!

بۇ يەر ئەسلىدە ئەجەب ياخشى يەركىنا!

**4. بۇيرۇق جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟**

بۇيرۇق جۈملە ــ كىشىلەرنىڭ بۇيرۇق - تەلەپ، ئىلتىماس - ئۆتۈنۈش، شوئار - چاقىرىق ۋە ئۈمىد - ئارزۇ مەزمۇنىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇيرۇق، شوئار، چاقىرىقنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق جۈملىلەر كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بالىلىرىم، غەيرەت قىلىپ ئىشلەڭلار! ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭنى تېرىشىپ گۈللەندۈرەيلى!

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئاڭلىق ھالدا قوغدايلى!

تىلەك، مەسلىھەت، ئۈمىد مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان

بۇيرۇق جۈملىلەر پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

سىز ھازىرلا چىقىپ مۇئەللىمدىن سوراپ بېقىڭ.

ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ باقسىڭىز.

## 5. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى

| باغلىنىش تۈرى | ئېنىقلىمىسى | ئىپادىسى | مىسالى |
| --- | --- | --- | --- |
| تەڭداش باغلىنىش. | جۈملىدىكى ئوخشاش ۋەزىپىدە كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ياكى باغلىغۇچىلارسىز باغلىنىپ كېلىشى | جۈملە تەركىبىدە تەڭداش باغلىنىشتىكى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى رولى تەڭ بولىدۇ، بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ، جۈملىدىكى بىر قانچە سۆزنىڭ تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كېلىشتىن ھاسىل بولىدۇ | بىز قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگە بارغان مەن خەنزۇچە يېزىشنى، ئوقۇشنى، سۆزلەشنى بىلىمەن |
| ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتى | جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت | ئىگە ـ خەۋەرلىك قۇرۇلمىلاردا خەۋەر بېقىندۇرغۇچى ئورۇندا، ئىگە بېقىندۇرغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىگە خەۋەرگە بېقىنىدۇ، ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس ھەم سان جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ | مەن يازدىم بىز يازدۇق سىلەر يازدىڭلار ئۇلار يازدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | چىرمىشىش مۇناسىۋىتى | جۈملىنىڭ ئىگىلىك كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچىسى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت | ئىككى سۆز ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «نىڭ» ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ | رابىيەمنىڭ ئۆيى<br>خوتەن گىلىمى<br>يېزا بالىلىرى |
| بېقىندى باغلىنىش | باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى | چۈشۈم كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن - پەيت كېلىشلەرنىڭ بىرىدە كەلگەن ياكى تىركەلمىلەر بىلەن كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى خەۋەر بۆلىكى بىلەن بولغان باغلىنىشى | بۇ قۇرۇلمىلاردىكى خەۋەر بۆلەك بېقىندۇرغۇچى ھېسابلىنىدۇ | ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇق<br>ئۆيگە قايتىمىز<br>قەشقەردىن كەلدۇق<br>ئىمتىھان توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق |
| | يانداش باغلىنىش | بېقىنغۇچى سۆز بىلەن بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ باغلىغۇچى ئارقىلىق ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن - تەرتىپى ئارقىلىق ئۆزئارا ياندىشىش يولى بىلەن بىر - بىرىگە باغلىنىپ كېلىشى | مەلۇم ئىككى سۆزنىڭ شۇ جۈملىدىكى ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقىلى بولمايدىغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ | قىزىل ئالما، لاي سۇ، تاراققىدە قىلغان ئاۋاز، ئىككى پارچە سۈرەت، ياقۇت مۇنچاق |

## جۈملە بۆلەكلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە

### 1. جۈملە بۆلىكى دېگەن نېمە؟

جۈملە بۆلىكى ــ جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىپ، بەلگىلىك سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان ۋە ئاددىي جۈملىنى شەكىللەندۈرىدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدۇر.

### 2. جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تۈرى

1) باش بۆلەك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى:

باش بۆلەك ــ جۈملە تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولىدىغان، پىكىرنى ئىپادىلەشتە باش رول ئوينايدىغان بۆلەك.

باش بۆلەكنىڭ تۈرى:

(1) ئىگە

ئىگە ــ جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باش بۆلەك. ئىگە جۈملىدىكى بايان قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت، ئىگە جۈملىدە باش كېلىشتە كېلىپ جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن تەۋەلىك ۋە سان جەھەتتە ماسلىشىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

<u>ئالىم</u> كەلدى (ئىسىم)

مائارىپ <u>خىزمەتچىلىرى</u> مۇكاپاتلاندى. (ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆز)

<u>ياخشى</u> ئىشى بىلەن ياخشى. (سۈپەت)

<u>ئىككىسى</u> ئايال ئىكەن. (سان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەن كەلدىم. (ئالماش)
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆچەيدى. (تەقلىد سۆزلەر)
بىر جىڭى ئون يۈەن. (سان ـ مىقدار بىرىكمىسى)
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. (سۈپەتداش)
ھۆرۈننىڭ ئەتىسى تۈگىمەيدۇ. (رەۋىش)
كەلگىنى كەتكىنىدىن كۆپ. (پېئىل)
(2) خەۋەر

خەۋەر — جۈملىدە ئىگىنىڭ ھەرىكىتىنى بايان قىلىش رولىدا كېلىدىغان باش بۆلەك.

خەۋەر بىر پۈتۈن جۈملىنى تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ ۋە جۈملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بولمىسىمۇ، جۈملىگە زور تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، لېكىن خەۋەر بولمىسا، جۈملە تەشكىللەنمەيدۇ، يەنى خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار ئاساسەن خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، بەزى ئەھۋال ئاستىدا ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرى جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

مېنى ماختىغىنى ئالىم. (ئىسىم)
ئولتۇرۇپ سۆزلىگەن ياخشى. (سۈپەت)
بۈگۈن يىغىنغا قاتناشقان ئادەم ئون. (سان)
بۇ ئىشنى قىلغان مەن ئىدىم. (ئالماش)
بۇ ئىشنى قىلىدىغان كۈن بۈگۈن ئىدى. (رەۋىش)
ئۇ يەردە قالغان ئادەم سانى بىر نەپەر. (سان ـ مىقدار)

ئۇ سۆزلىدى. (پېئىل)

ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ. (تەقلىد سۆزلەر)

ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى:

ئادەتتە كۆپىنچە ھاللاردا ئىگە خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ، لېكىن قىسمەن ئەھۋاللاردا يەنى شېئىرىي ئەسەرلەردە، شوئار، چاقىرىق، خىتاب، ئۇندەش مەنىسىدە ئېيتىلغان جۈملىلەردە، ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ياكى ئاخىرىسىدا كېلىدىغان ئەھۋاللاردا ئىگە خەۋەردىن بۇرۇن كېلىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

مەرد يىگىتكە ياغىدۇ ئالقىش،
نامەردلەرنى كۆمىدۇ قارغىش.

ياشىسۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى! «بىلمىگەننى پەقەت بىلدىم دېمەڭلار، بىلمىسەڭلارمۇ مەن بىلىمەن دەپ ئۆزۈڭلارنى چوڭ تۇتماڭلار، ھەردائىم كەمتەر بولۇڭلار» دەپ تەلىم بېرىدۇ مۇئەللىم.

يۇقىرىقى مىسالدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، بۇ ئىگە خەۋەردىن كېيىن كەلگەن.

2) ئەگەشمە بۆلەك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئەگەشمە بۆلەك ــ باش بۆلەكلەرگە ئەگىشىپ، باش بۆلەكلەرنى ياكى بىر ـ بىرىنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان جۈملە بۆلەكلىرىدۇر.

ئەگەشمە بۆلەكنىڭ تۈرى:

(1) ئېنىقلىغۇچى

ئېنىقلىغۇچى ــ جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە ئىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋە ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەگەشمە بۆلەك.

ئېنىقلىغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىسى — «نىڭ»، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تىلىمىزدىكى «دىكى، تىكى، دەك، تەك» قوشۇلغان قۇرۇلمىلارمۇ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

جۈملىدە ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر باش كېلىش ۋە ياكى ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە كېلىپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

پاتىگۈلنىڭ خېتى چىرايلىق.

ياغاچ قوشۇق بىلەن ئاش ئىچتىم.

تۈنۈگۈنكىدەك ئىشنى ھەرگىز قىلما.

مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى رېمونت قىلىندى. (ئىسىم)

ياخشى سۆز كىشىنى قايىل قىلىدۇ. (سۈپەت)

بەش ئادەم كەلدى. (سان)

مېنىڭ ئىسمىم ئالىم. (ئالماش)

بۈگۈننىڭ ئۆزىدە قىلىشىمىز لازىم. (رەۋىش)

بىر نەپەر ئوقۇغۇچى كەلدى. (سان - مىقدار)

سۆزلەشنىڭ ئۆزى بىلگەنلىك ئەمەس. (پېئىل)

تاراق - تۇرۇقنىڭ دەستىدە ئۇخلىيالمىدىم. (تەقلىد سۆزلەر)

(2) تولدۇرغۇچى

تولدۇرغۇچى — جۈملىدە ئۆتۈملۈك پېئىل ياكى ئۆتۈملۈك پېئىل بىرىكمىسىگە بېقىنىپ، ھەرىكەتنى قوبۇل

قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك.

تولدۇرغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىسى «نى».

مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

كىتابنى ماڭا بەرگىن. (ئىسىم)

چوڭلارنى ھۆرمەتلەيمىز. (سۈپەت)

بەشەيلەننى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. (سان)

سىزنى كۆپ ئىزدەپ كەتتىم. (ئالماش)

بۈگۈننى چىڭ تۇتۇش لازىم. (رەۋىش)

كۆمۈرنىڭ ئىككى تونىسىنى مەن ئالاي. (سان ـ مىقدار)

يېڭى كەلگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق. (پېئىل)

تاراق ـ تۇرۇقلارنى توختاتساڭلارچۇ؟ (تەقلىد سۆزلەر)

(3) ھالەت

ھالەت ــ جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا بولغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئورۇندىلىشى بىلەن باغلىق بولغان ئورۇننى، ئىشاننى، ۋاقىتنى، مەقسەت ۋە سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك.

جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدىغان ئاساسىي سۆز تۈركۈمى رەۋىش ۋە رەۋىشداشلاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش شەكلىدە كەلگەن ۋە تىركەلمىلەر بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر، بەزى پېئىل ۋە پېئىل بىرىكمىسىگە بېقىنىپ كەلگەن سۈپەت ۋە سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرىمۇ جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھالەتنىڭ تۈرى:

ھالەت جۈملىدە ھەر خىل مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بىلدۈرىدىغان مەنىسىگە قاراپ، سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى، ئورۇن ـ نىشان ھالىتى، سەۋەب ھالىتى، مەقسەت ھالىتى ۋە ۋاقىت ھالىتى دېگەن بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

① سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سۈپىتىنى، قانداق يول ۋە ئۇسۇل بىلەن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى «قانداق؟ نېمە قىلىپ» دې-گەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. سۈپەت ـ ھەرىكەت ھالىتى ئاساسەن ھالەت رەۋىشلىرى، مىقدار رە-ۋىشلىرى، رەۋىشداشلار، سان ـ مىقدار ۋە بەزى سۈپەت-لەردىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ دەۋا ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل بولدى.

دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار.)

مۇدىر مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈپ قويدى.

بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشى ئىكەن، مەن يەنە بىر قېتىم كۆرمەكچى.

② ئورۇن ھالىتى

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى ۋە نىشانى (يۆنىلىشى) نى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت ئورۇن ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئورۇن ھالىتى «قەيەرگە؟ نەگە؟ كىمگە؟ نېمىگە؟ قەيەر-

دە؟ نەدە؟ كىمدە؟ نېمىدە؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟ كىمدىن؟ نې-مىدىن؟ قەيەرگىچە؟ نەگىچە؟ قاياقىقا؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

ئورۇن ھالىتى ئاساسەن ئورۇن رەۋىشلىرى ۋە ئورۇن كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چىقىش كېلىش شەكلىدە كەل-گەن ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ كىتابنى كۇتۇپخانىدىن ئالدىم.

ئۇ مۇشۇ بىنادا ئولتۇرىدۇ.

ئۆيدىن مەكتەپكىچە بىر چاقىرىم كېلىدۇ.

③ ۋاقىت ھالىتى

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھا-لەت ۋاقىت ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋاقىت ھالىتى «قاچان؟ قاچاندىن بېرى؟ قاچانغىچە؟ قانچىلىك؟ قانچىدە؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

ۋاقىت ھالىتى ۋاقىت رەۋىشلىرى، ئىسىم ۋە ئىسىم رو-لىدا كەلگەن سۆزلەر ھەم بەزى سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈ-لىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بۈگۈن كەلدى.

ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن بەدەن چېنىقتۇرىدۇ.

ئۇلار بۈگۈن كەچكىچە ئىشلەيدۇ.

پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



④ سەۋەب ھالىتى

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت سەۋەب ھالىتى دېيىلىدۇ.

سەۋەب ھالىتى «نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەبتىن؟ نېمىشقا؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

سەۋەب ھالىتى ئاساسەن چىقىش كېلىش شەكلىدىكى بىر قىسىم ئىسىمداشلار، «ئۈچۈن» تىركەلمىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىمداشلار ۋە بەزى رەۋىشداشلاردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن تەقدىرلەندى.

ئۇ ئاغرىپ قېلىپ دەرسكە كېلەلمىدى.

⑤ مەقسەت ھالىتى

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ھالەت مەقسەت ھالىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەقسەت ھالىتى «نېمە ئۈچۈن؟ نېمىشقا؟ نېمە مەقسەت بىلەن؟ نېمە قىلغىلى؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

مەقسەت ھالىتى بىر قىسىم رەۋىشداشلاردىن، «ئۈچۈن» تىركەلمىسى ۋە يۆنىلىش كېلىشتە تۈرلەنگەن ھەرىكەتنامىلەردىن ۋە بىر قىسىم مەقسەت رەۋىشلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قەشقەرنى كۆرگىلى كەپتۇ.

بىز ئوقۇش ئۈچۈن كەلدۇق.

## جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى

جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ــ جۈملىدە ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە ۋە ئوخشاش سىنتاكسىسلىق تۇ-زۇلۇشتە كەلگەن بۆلەكلەر.

جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە بې-قىنمايدۇ. ئۇلار ئۆزئارا بىرىكتۇرگۇچى، قارىمۇقارشى، ئاي-رىغۇچى باغلىغۇچىلار، ئۇلانمىلار ئارقىلىق باغلىنىشى مۇمكىن. جۈملىنىڭ تەڭداش (بىر خىل) بۆلەكلىرى ساناش ئىنتوناتسىيەسى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئا-ياللار، باللار، ياشلار، قېرىلار چەكسىز خۇشاللىقتا چۆم-دى. ئۇلار چىرايلىق ۋە ساغلام باللاردۇر.

جۈملىنىڭ ھەرقايسى بۆلىكى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە كېلىپ تەڭداش بۆلەكنى ھاسىل قىلىدۇ.

1. تەڭداش ئىگە

ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىپ، بىر ـ بىرىگە بې-قىنمايدىغان، ئەكسىچە بىر خەۋەرگە ئورتاق باغلىنىپ كې-لىدىغان بىرقانچە ئىگە تەڭداش ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭداش ئىگە شەخس ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، ھەرقايسىسى ئايرىم ـ ئايرىم تۈرلىنىشىمۇ ياكى ھەممىگە ئورتاق ھالدا ئاخىرقى بىرى تۈرلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئا-ساسەن، شۇ تەڭداش ئىگىنىڭ تەكىتلىنىشى ياكى تەكىت-لەنمەسلىكىگە، سۆزلىگۈچى ياكى يازغۇچىنىڭ سۆزلەش ھەم يېزىش ئۇسلۇبىغا باغلىق. مەسىلەن: ئادەم بەدىنىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆپكە، يۇرەك، جىگەر، بۆرەك، ئاشقازان ئىچكى ئەزا دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ كىيىنىشى، چىرايى، تەلەپپۇزى جۇڭگولۇقنىڭ ئۆزى.

2. تەگداش خەۋەر

ئۇلار كۆپىنچە پېئىل بىلەن ئىپادىلىنىپ، ئىش – ھەرىكەتنىڭ كەينى – كەينىدىن ياكى مەلۇم بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئورۇندىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۆيدە ئاش ئېتىدۇ، نان ياقىدۇ، بالا باقىدۇ.

مەن ئۇنى ئاڭلاپ كۈلدۈم، ھاياجانلاندىم، سەكرىدىم.

يۇقىرىدىكى پېئىللار بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەر بىردەك زامان فورمىسىدا كەلگەن، بۇلاردىن سىرت يەنە ھەر خىل زامان فورمىسىدىكى پېئىللار بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. بەزىدە بىر خىل خەۋەرلەرنىڭ بىرى ھال پېئىلىنىڭ «– ىپ، – پ» فورمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئىككىنچىسى پېئىلنىڭ شەخس شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ يەرگە تېخى بارمىدىم، لېكىن چوقۇم بارىمەن.

ئەكبەر بىلەن خەلچەم بۇگۈن كۆرۈشۈپ، يىغلىشىپ كەتتى.

بۇنداق تەگداش بۆلەكلەر بەزىدە جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن ئومۇمىي ياردەمچى پېئىلغا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: ھەممىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ ياتىمەن. بۇ جۈملىدىكى، «ياتىمەن» ياردەمچى پېئىلى «ئاڭلاپ، كۆرۈپ» شەكلىدىكى تەگداش بۆلەكلەرگە ئورتاق (يەنى ئاڭلاپ ياتىمەن، كۆرۈپ

ياتىمەن).

بىر خىل خەۋەرلەر پىئىللار بىلەنلا ئىپادىلەنمەي، بەلكى باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەر بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى قانداق خاراكتېردىكى سۆزلەردىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ، پېئىل خاراكتېرلىك تەڭداش خەۋەرلەر ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك تەڭداش خەۋەرلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىمىز.

خەۋەر جۈملىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى ۋە ئىگە خەۋەرلىك بايانىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، تەڭداش خەۋەرلەرنىڭ ھەربىرى جۈملە خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ.

3. تەڭداش تولدۇرغۇچى

جۈملىدە ئۆزئارا بېقىنماي، بىر تولدۇرغۇچىغا ئورتاق باغلىنىپ كېلىدىغان بىرقانچە تولدۇرغۇچى تەڭداش تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭداش تولدۇرغۇچىلارغا ئۇلىنىدىغان كېلىش قوشۇمچىلىرى جۈملىدىكى ھەربىر تولدۇرغۇچىغا ئايرىم ـ ئايرىم ئۇلىنىدىغان ياكى ئاخىرقى بىرىگە ئۇلىنىدىغان ئەھۋال بار. بۇلارنىڭ قانداق ئۇلىنىشى تەڭداش تولدۇرغۇچىنىڭ تەكىتلىنىش ـ تەكىتلەنمەسلىكىگە، سۆزلىگۈچى ۋە يازغۇچىنىڭ سۆزلەش ۋە يېزىش ئۇسلۇبىغا باغلىق. مەسىلەن: بىز ۋەتەننى، خەلقنى، پەننى ۋە ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز.

4. تەڭداش ھالەت

جۈملىدە ئۆزئارا بېقىنماي، ئورتاق ھالدا بىر بېقىندۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غۇچىغا ياندىشىش يولى بىلەن بېقىنىپ كېلىدىغان بىرقانچە ھالەت تەڭداش ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭداش ھالەتلەر پېئىل ۋە پېئىل خاراكتېرلىك بۆلەكلەرگە باغلىنىپ كېلىپ، شۇ بۆلەكتىن ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىز مەكتەپتە، كوچىدا ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا ئەدەپلىك بولۇشىمىز كېرەك.

5. تەڭداش ئېنىقلىغۇچى

جۈملىدە ئۆزئارا بېقىنماي، بىر ئېنىقلانغۇچىنى تەڭ دەرىجىدە ئېنىقلاپ كېلىدىغان بىرقانچە ئېنىقلىغۇچى تەڭداش ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭداش ئېنىقلىغۇچىلار ئېنىقلانغۇچىغا ئورتاق ھالدا بېقىنىپ، ياندىشىش ياكى كېلىشىش يولى بىلەن باغلىنىدۇ. ئۆزى باغلانغان بۆلەك ئىپادىلىگەن شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئېنىقلايدۇ. ئېنىقلانغۇچىغا كېلىشىش يولى بىلەن باغلىنىدىغان تەڭداش ئېنىقلانغۇچىلارغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئايرىم - ئايرىم ئۇلىنىشىمۇ ياكى ئاخىرقى بىرىگىلا ئۇلىنىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق بولۇشى شۇ تەڭداش ئېنىقلىغۇچىنىڭ ھەربىرىنىڭ تەكىتلىنىش - تەكىتلەنمەسلىكىگە باغلىق. مەسىلەن: ئانامنىڭ، دادامنىڭ گېپىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. شىمال، شەرق، غەربلەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىدا چوڭ پەرقلەر بار.

## جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى

# يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر

| تۈرى | ئېنىقلىمىسى | ئىپادىسى | مىسالى |
|---|---|---|---|
| قاراتما سۆز | جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنىڭ كىمگە، نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى | بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ. قاراتما سۆزلەر كۆپ ھاللاردا جۈملىنىڭ بېشىدا، ئاخىرىدا كېلىدۇ، قىسمەن ئەھۋاللاردا جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە قاراتما سۆزلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا كەلسە قاراتما سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ، قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىغا كەلسە قاراتما سۆزدىن بۇرۇن پەش قويۇلىدۇ | ئالىم، قەيەرگە ماڭدىڭ؟ نەگە ماڭدىڭىز، ئالىم؟ خاتىرجەم بولۇڭ، دادا، مەن چوقۇم يېڭىمەن |
| قىستۇرما سۆز | سۆزلىگۈچىنىڭ ئېيتىلىۋاتقان پىكىرگە بولغان پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەيدىغان، جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن باغلانمىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدۇر | بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە، يەنە بەزىدە بولسا جۈملە شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا كېلىدۇ. قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە قىستۇرما سۆزلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا كەلسە قىستۇرما سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ، قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىغا كەلسە قىستۇرما سۆزدىن بۇرۇن پەش قويۇلىدۇ | راست، ئۇ بەكلا ھورۇن. ئۇ ئەتە كېلىپ قالارمىكىن، ئەتىمالىم مەن سىنى ئالاھازەل، بىر سائەت ساقلىدىم |

www.uyghurkitap.com



| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىملىق سۆز | جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ تۇرلۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز | بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىملىق سۆزلەر جۈملىگە خۇشاللىق، ئەجەبلىنىش، زوقلىنىش، ماختاش تۇيغۇلىرىنى قوشۇپ پىكىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئىملىق سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە ئىملىق سۆزلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا كەلسە ئىملىق سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ، ئىملىق سۆزلەر ھاياجانلىق ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ | پاھ - پاھ، ئاجايىپ گۈزەل جايكىنا - بۇ؟! ۋاي - ۋۇي، نېمانچە كايىيسىز؟ ئېھە، گۈزەل ۋەتىنىم، سەن نېمىدېگەن گۈزەل - ھە؟! |
| ئىزاھلىغۇچى سۆز | جۈملىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش، روشەنلەشتۈرۈش رولىدا كېلىدىغان، جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان سۆز | بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىزاھلىغۇچى سۆز جۈملىدە ئىزاھلانغۇچى سۆزدىن كېيىن كېلىشى لازىم. ئىزاھلىغۇچى سۆز تىرناق ياكى سىزىق ئارقىلىق ئىزاھلانغۇچىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ | ۋەتىنىمىز پايتەختى (بېيجىڭ) ئىنتايىن گۈزەل شەھەر پۇرقەت قوشنىمىزنىڭ ئوغلى رەسىم سىزىشقا ئامراق |

## ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن بۆلۈنۈشى

### 1. ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟

بىرلا مۇستەقىل ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈم-

لىلەر ئاددىي جۈملىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

زەمىرە تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىدىن كەلدى. سەبىرە مەكتەپتە تىرىشىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ.

## 2. ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تۈرلىرى

| شەرتى | تۈرى | ئېنىقلىمىسى | مىسالى |
|---|---|---|---|
| باش بۆلەك ياكى ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەنلىكىگە ئاساسەن | يىغىق ئاددىي جۈملە | باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملە | بوران كۈچەيدى. مەن كەلدىم |
| | يېيىق ئاددىي جۈملە | تەركىبىدە باش بۆلەكمۇ، ئەگەشمە بۆلەكلەرمۇ بولغان ئاددىي جۈملە | بوران بۈگۈن كۈچەيدى، مەن تېز كەلدىم |
| ئىگىسى بار ياكى يوقلۇقىغا ئاساسەن | ئىگىلىك ئاددىي جۈملە | ئىگىسى بار ياكى ئىگىسى ئېنىق ئېيتىلمىسىمۇ، خەۋىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي جۈملە | كىتاب بىلىم بۇلىقى<br>تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار |
| | ئىگىسىز ئاددىي جۈملە | گىراماتىكىلىق ئىگىسى يوق ئاددىي جۈملە | سىزگە ئارىيەت بېرىشكە بولىدۇ |
| شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەرنىڭ تولۇق ئېيتىلغان ياكى ئېيتىلمىغانلىقىغا ئاساسەن | تولۇق ئاددىي جۈملە | شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر تولۇق ئېيتىلغان ئاددىي جۈملە | قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر |
| | تولۇقسىز ئاددىي جۈملە | شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر تولۇق ئېيتىلمىغان ئاددىي جۈملە. بۇ جۈملىلەر بەدىئىي ئەسەرلەردە، دىيالوگلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ | كېچە، ئەتراپ جىمجىت<br>— قاچان كەلدىڭىز؟<br>— تۈنۈگۈن |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تورى



## مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. مۇرەككەپ جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

مۇرەككەپ جۈملە — مەنە جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە.

1) مۇرەككەپ جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىلەرنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇشى، مەزمۇن جەھەتتىن يەككە ئوي - پىكىرنى ئەمەس، قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا مەنتىقىي باغلىنىشقا ئىگە بولغان بولۇشى لازىم.

2) مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ھەربىر ئاددىي جۈملە جانلىق تىلدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا ئۆزىگە خاس تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق پەرقلەنگەن بولۇشى كېرەك.

3) بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ، بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ، يەنە بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداش ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

4) قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ياكى بىر ئىگە بىر قانچە ئاددىي جۈملىگە ئورتاق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## 2. مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ تۈرى

ئۇيغۇر تىلىدا مۇرەككەپ جۈملىلەرنى تۈرگە بۆلۈشتە مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان ياكى قالمىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق يول بىلەن باغلانغانلىقىنى پىرىنسىپ قىلىپ، شۇ ئۆلچەم بويىچە تۈرگە بۆلۈش كېرەك. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە، ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنى تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە، بېقىندىلىق مۇرەككەپ ۋە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان قوشما ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بىرىكمىسى تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭداش باغلانغان مۇرەككەپ جۈملىلەر مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) بۇ خىل جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن تەڭ ھوقۇقلۇق. ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(2) بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئېغىزدا بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ياكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

2) تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ تۈرى

تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قانداق سىنتاكسىسلىق ۋاستە ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەنلىكىگە قاراپ باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە ۋە باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە

مەلۇم باغلىغۇچى ئارقىلىق ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كەلگەن ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ ئىشنى قوللايمەن، شۇنىڭدەك ئۆزۈممۇ بۇ ئىشقا قاتنىشىمەن. ئۇ كېلىدۇ، بىراق ئۇزۇن تۇرمايدۇ.

ۋەتەن ئۇچۇن تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك، لېكىن سالامەتلىكنى ئاسرىمىسا بولمايدۇ. بۇ دورا بەك ياخشى، چۈنكى ئۇ نۇرغۇن كېسەللەرنى يىلتىزىدىن ساقايتتى.

(2) باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە

ھېچقانداق باغلىغۇچىنىڭ ياردىمىسىز ئۆزئارا تەڭ دەرىجە باغلىنىپ كەلگەن ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز باغلانغان

تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتىن ئىنتايىن زىچ باغلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق، تەلەپپۇزدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت يەنىلا تەڭداش مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

ئەلاچى ئوقۇغۇچى تىرىشىپ ئوقۇيدۇ، ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزمەيدۇ.

ئەمگەكچان ئادەم جاپاغا چىدايدۇ، هامان تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئەمگەك قىلىدۇ.

3) بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە — ئۆزئارا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن باغلانغان بىر نەچچە ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن ۋە قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان مۇرەككەپ جۈملە بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش يولى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىرى باش جۈملە، يەنە بىرى بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

باش جۈملە: بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئىككىنچى بىر ئاددىي جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن جۈملە باش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېقىندى جۈملە: بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى باش جۈملىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بىرەر بۆلىكىنى ياكى پۈتۈن جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، ئىنىقلاپ كەلگەن ئاددىي جۈملە بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر «كى، سەۋەب، چۈنكى» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كەلگەندە، باش جۈملە ئاۋۋال، بېقىندى جۈملە كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر ياغقاندا (بېقىندى جۈملىسى)، بۇ كىيىم ئەسقاتىدۇ. (باش جۈملىسى)

شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى (باش جۈملىسى)، مەن سېنى ئۇزۇن كۈتەلمەيمەن. (بېقىندى جۈملىسى)

ئۇ ئەمگەككە قاتنىشالمىدى (باش جۈملىسى)، سەۋەبى ئۇ ئاغرىپ قالغان. (بېقىندى جۈملىسى)

ئۇ ئىنتايىن خۇشال (باش جۈملىسى)، چۈنكى ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنىدى. (بېقىندى جۈملىسى)

4) بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈرى:

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇشتىن ئىبارەت سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن ياكى شەكىللەندۈرمىگەنلىكىگە، شۇنىڭدەك بېقىنغۇچى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىنى قانداق سىنتاكسىسلىق ۋاستە ئارقىلىق باغلىغانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) «كى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

بۇ خىل جۈملىنىڭ باش جۈملىسى ئالدىدا «كى» باغلىغۇچىسى بىلەن كېلىدۇ. بېقىندى جۈملە تۇزۇلۇش جەھەتتىن تولۇق ئاياغلاشقان شەكىلدە كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە روشەنكى، بىزنىڭ نىشانىمىز ئىمتىھاندىن تولۇق ئۆتۈش.

ئۇنىڭ ئەقىللىكلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ بىر قېتىم ئوقۇغان ھەرقانداق تېكىستنى ئۆز پېتىچە ئېسىگە ئېلىۋالىدۇ.

(2) قوشۇمچىلار، باغلىغۇچىلار ۋە ئۇلانمىلار بىلەن باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

بۇ گەپنى سىزدىن ئاڭلىمىغان بولسامزە، بۇگۇن ئۇنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالىدىكەنمەن. مېنىڭ مۇشۇ يەردە ئۆيۈم بولسا ئىدى، قانچە خۇشال بولغان بولاتتىم ـ ھە!

گەرچە ئۇ مېنىڭ بالام بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆز بالامدەك كۆرىمەن. بالا دېگەن ھەرقانچە چوڭ بولۇپ كەتكەندىمۇ، يەنىلا ئاتا ـ ئانىغا تايىنىۋالىدىكەن.

تىرىشىپ ئوقۇمىغاندا، ياخشى نەتىجىمۇ بولمايدۇ.

ئۇ ئۇخلاپ قېلىپ، بۇ يەرگە كېچىكىپ قالدىم.

5) ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە، بەزىلىرى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە دېيىلىدۇ. ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىلەر ئىككىدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەقسەت ئېنىق بولسا، ئەستايىدىل ئىزدىنىش روھى بولسا، كۆزلىگەن نىشانغا هامان يەتكىلى بولىدۇ.

تۇمان تارقالسا، هاۋا ئېچىلىدۇ؛ هەممە بىر نىيەتكە كەلسە، يىمىرىلمەس كۈچ هاسىل بولىدۇ.

## كۆچۈرمە جۈملە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملە

### 1. كۆچۈرمە جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ شەكىللىرى قانداق؟

كۆچۈرمە جۈملە: ئاپتور ئۆز گېپى ئىچىدە ئەينەن ئىشلەتكەن باشقا كىشىلەرنىڭ گەپلىرى كۆچۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆچۈرمە جۈملىنىڭ شەكلى ۋە ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىدەك:

1) بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كېلىدۇ، بۇنداق ئەهۋالدا ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

تەۋايى مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنساننىڭ ئەڭ مۇهىم پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئاتا ـ ئانىنى هۆرمەت قىلىش.»

2) بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن بۇرۇن كېلىدۇ، بۇنداق ئەهۋالدا، «كېلىپ، دەپ، دېدى، دېگەن» قاتارلىق تەركىبلەر قوش تىرناق يېپىلغاندىن كېيىن كەلسە، بۇ تەركىبلەردىن كېيىن هېچقانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

«ئۇستازلارنى ۋە چوڭلارنى هۆرمەتلەش كېرەك» دەيدۇ

بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز.

3) بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئالدىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

گوركىي: «تىل — ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى» دېگەنىدى.

4) قىسمەن ئەھۋالدا ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدا تىنىش بەلگىلىرى كەلسە، كۆچۈرمە جۈملىدىن كېيىن شۇ خىل بەلگە قويۇلۇپ، ئاندىن كېيىن سىزىق قويۇلىدۇ، ئاپتور سۆزىدىن كېيىن پەش، سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

«سىز ئۆمۈرنى قەدىرلەمسىز؟ — دېگەنىدى فىرانكلىن، — ئۇنداقتا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭ.»

**2. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ شەكىللىرى قانداق؟**

ئۆزلەشتۈرمە جۈملە: شەكلىنى ئۆزگەرتىپ مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغان باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەردە ئاپتور باشقىلارنىڭ گېپىنى ئۆز گېپى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئىشلىتىدۇ، يېزىقتا ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن مەلۇم بەلگە ئارقىلىق ئايرىلمايدۇ. ئوتتۇقتا ئاپتور سۆزى بىلەن بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

پىلاتون: «ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىك قوش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلىمسىزلىكتۇر» دېگەندى. بۇ كۆچۈرمە جۈملىنى ئۆز-لەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرساق مۇنداق بولىدۇ:

پىلاتون ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىكىنىڭ قوش بىلىمسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. (ئۆز-لەشتۈرمە جۈملە)

## تىنىش بەلگىلىرى ھەققىدە چۈشەنچە

### 1. تىنىش بەلگىلىرىنىڭ تۈرى

(1) چېكىت (.) (2) سوئال بەلگىسى (؟) (3) ئۈندەش بەلگىسى (!) (4) پەش (،) (5) چېكىتلىك پەش (؛) (6) قوش چېكىت (:) (7) قوش تىرناق (« ») (8) يالاڭ تىرناق (‹ ›) (9) تىرناق ( ( ) ) (10) سىزىقچە (-) (11) سىزىق ( — ) (12) كۆپ چېكىت ( ... )

### 2. ھەرقايسى تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى

1) چېكىت (.)

(1) ئاددىي ۋە مۇرەككەپ شەكىلدىكى بايان جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تاڭ سۈزۈلدى. ھاۋا گۈلدۈرلىدى، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

(2) ئۆتۈنۈش، تىلەك، مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

دوستۇم، ماڭا قارىغىنا. دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ.

(3) قىسقارتىپ يېزىلغان خاس ئىسىملاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ز. قادىر (زۇنۇن قادىر) ئا. ئۇيغۇر (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر)

(4) پىكىرنىڭ رەت ـ تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

1. سوئال سوراش 2. جاۋاب بېرىش

2) سوئال بەلگىسى (؟)

سوئال مەنىسىدىكى ئاددىي ۋە مۇرەككەپ جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تىل دېگەن نېمە؟ ئەدەبىيات قانداق پەن؟ ئۇ قانداق قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

3) ئۈندەش جۈملە (!)

(1) ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ۋە شوئار، چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئەي ئانا يۇرتۇم! سېنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن! ياشىسۇن خەلق قەھرىمانلىرى!

(2) كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلغان ئىملىق سۆز ۋە قاراتما سۆزلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ۋايجان ! ئادەم بارمۇ؟! ھەي ئاكا ! توختاپ تۇرۇڭ !

(3) بەزى جۈملىلەردە ئۈندەش ھەم سوئال مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ھەر ئىككى بەلگە قاتار قويۇلىدۇ، قايسى مەزمۇن كۈچلۈك بولسا، شۇ خاراكتېرنى ئىپادىلىگۈچى بەلگە بۇرۇن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

نېمىدېگەن مەنزىرىلىك جاي بۇ !؟ (ئۈندەش جۈملە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەم بارمۇ؟! (سوئال جۈملە)

4) پەش ( ، )

(1) مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرىدۇ.

(2) جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

شائىر شېئىردا سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ.

(3) جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى باشقا بۆلەكلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئەھمەت، قەيەرگە ماڭدىڭىز؟

(4) تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار، سەۋەب باغلىغۇچىلىرى، كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار بىلەن باغلانغان ھەمدە «ھەم» باغلىغۇچىسى تەكرارلانغاندا، ئالدىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆيىمىز شەھەرگە يىراق، ئەمما قاتناش شارائىتىمىز ياخشى.

5) چېكىتلىك پەش ( ؛ )

ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى مۇرەككەپ جۈمـ-

لە بىلەن ئاددىي جۈملىنى ياكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن چېكىتلىك پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھاياتلىق بولمىسا، ئۆلۈم بولمايدۇ؛ ئۆلۈم بولمىسا، ھاياتلىق بولمايدۇ.

6) قوش چېكىت (:)

(1) كۆچۈرمە جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەن ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مۇئەللىم بىزگە: «ئۆزۈڭلاردىن چوڭلارغا سالام قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار» دېگەنىدى.

(2) ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز ۋە جۈملىلەردىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تېببىي ئىلىم ئىككى نەرسىنى مەقسەت قىلىدۇ: بىرى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ يەنە بىرى، كېسەللىكنى داۋالاش.

(3) ئەدەبىي ئەسەرلەردە دىيالوگدىن بۇرۇن كەلگەن ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مەمەتكە قاراپ:

— ساناپ كۆردىڭمۇ، قانچە ئىكەن؟ — دېدى.

7) قوش تىرناق (« »)

(1) ماقالە ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە سۆز ۋە كۆچۈرمە جۈملىلەر ھەمدە كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئىنتايىن بىئارام بولغان ھالدا: «مېنىڭ كۆڭلۈم بىر ئاز ئىلىشىۋاتىدۇ» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(2) ئەسلىي مەنىسىنىڭ ئەكسىچە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئەقىللىق» باينىڭ ئېسىگە «ئەخمەقلەر» نىڭ يەنە قانداق كارامەتلىرىنىڭ بارلىقى كەلمەپتۇ.

8) يالاڭ تىرناق ( ‹ › )

قوش تىرناق ئىچىدە كەلگەن كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋە ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى ھەمدە كۆچۈرمە جۈملە ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە سۆز ۋە جۈملىلەر يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

گېزىتكە «لۇشۈنىڭ ‹تىگىرقاش› ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىم» دېگەن ماقالە بېسىلدى.

9) تىرناق ( ( ) )

(1) جۈملىدىكى ئىزاھلانغۇچى ۋە ئىزاھلىغۇچى خاراكتېرىدىكى قىستۇرما سۆز، جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ مەكتەپ (شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) قەشقەرنىڭ غەربىگە (شامالباغ يېزىسىغا) جايلاشقان.

(2) كۆچۈرۈلگەن ياكى نەقىل ئېلىنغان جۈملىلەرنىڭ ئورنى ياكى ئاپتورىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن تىرناق قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆزدىن ئايرىلغان، ھاسىسىدىن ئايرىلماپتۇ. (ماقال)

(3) دراما ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ـ جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

زورىخان (ئاڭلىماسقا سېلىپ) نۇرۇم، چاي قايىنىدىمە-

كىن، چىقىپ باققىنا. (نۇرۇم باغقا چىقىدۇ)

10) سىزىق ( ــ )

(1) جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ باش كېلىشتىكى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەردىن بولسا، بۇنداق ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىلىم ــ ئەقىل چىرىغى.

(2) دىيالوگلاردا ھەربىر سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى يېڭى قۇردىن باشلانغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن،

ــ ئوغلۇم، بۇياققا قارا،

ــ نېمە، دادا

(3) تەڭداش بۆلەكلەردىن كېيىن كەلگەن ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە يەر، سۇ، ئورمان، كان بايلىقلىرى ــ ھەممىسى خەلققە مەنسۇپ.

(4) جۈملە تەركىبىدىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك تىرناق ئىچىگە ئېلىنمىسا، ئىزاھلىغۇچى بىلەن ئىزاھلانغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلارنىڭ سىنىپى ــ 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

(5) ئاپتور سۆزى بىلەن پېرسوناژ سۆزى ئارىلاش كەلگەندە، ئۇلارنى ئايرىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ــ ئەي قەدىردان ئانا تەڭرىتاغ! ــ دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەن، ــ سەن مېنى خۇددى مېھرىبان ئانا سۆيۈملۈك بالىسىنى ئەزىزلىگەندەك ئىللىق قوينۇڭدا ئاسراپ كېلىۋاتىسەن.

(6) جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەردىن بولسا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

زىددىيەتلەرنىڭ كۈرىشى ــ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى.

11) سىزىقچە ( ـ )

(1) جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مال ـ مۈلۈك، ھەق ـ ناھەق.

(2) دەرىجە سانلاردىن كېيىن سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان.

(3) جۈملە ئاخىرىغا كەلگەن «ھە، دە، يۇ، يە، يا» يۈكلىمىلىرىنىڭ ئالدىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئادىل نېمىدېگەن قەيسەر ـ ھە؟!

(4) سۆزلەرنى بوغۇم بويىچە قۇردىن قۇرغا كۆچۈرگەندە سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

شامال ـ ئۈزۈم ـ
باغ چى

12) كۆپ چېكىت ( ... )

(1) پىكىر نىڭ تولۇق ئاياغلاشمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلىدىغان ۋاقىت كېلىدۇ...

(2) سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىكى قورقۇش، جىددىيلىشىش، دۇدۇقلاش سەۋەبىدىن بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەن... مەن... ئەسلىي ئۇنداق ...

(3) كۆپچۈرمە جۈملىلەردە مەلۇم بۆلەكلەرنىڭ تولۇق ئېلىنماي قالدۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

«كۈرەش قىلىدىكەنمىز قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ... شۇنداقتىمۇ تېگىشلىك بولمىغان قۇربان بېرىشلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئازايتىشىمىز لازىم.»

(4) دىيالوگلاردا جاۋابسىز قالدۇرۇلغان ئورۇنلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئېتىڭ نېمە؟

— ...

بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىككىنچى باب ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر

## ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر توغرىسىدا چۈشەنچە

### 1. ئىستىلىستىكا قانداق پەن؟

ئىستىلىستىكا تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تىلدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىپ، پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ياخشى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىستىلىستىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى، ئۇسۇللارنى، تىل ۋاستىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان پەن.

### 2. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دېگەن نېمە؟

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دېگىنىمىز، ئومۇمەن تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان، تىلنى ئوبرازلىق، جانلىق، كونكرېت قىلىپ بېرىدىغان ۋاستىلەردىن ئىبارەت.

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر تىل ماھارىتى مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ تىلغا كونكرېت، جانلىق، ئوبرازلىق تۈس بېرىدۇ. ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەر يازما ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز نۇتۇقلىرىمىزدا

دائىم دېگۈدەك قوللىنىلىدۇ.

**3. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ رولى نېمە؟**

يازغان ماقالە، سۆزلىگەن سۆزلىرىمىزنى مول مەزمۇنغا، مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىش بىلەن بىللە يەنە جانلىق، ئوبرازلىق، گۈزەل بەدىئىي قۇرۇلمىغا ۋە جانلىق، ئوبرازلىق، ئەدەبىي تىلغىمۇ ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، چوڭقۇر مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تىل ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. شۇڭا تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش لازىم. تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى ئاساسلىق ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، تىلنىڭ ئۈنۈمدارلىقى، ئوبرازلىقلىقى ھەم جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

## ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ تۈرلىرى

**ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قايسى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

(1) سۈپەتلەش (2) ئوخشىتىش (3) جانلاندۇرۇش (4) مۇبالىغە (5) سىمۋول (6) كىنايە (7) تەكرارلاش (8) سېلىشتۇرۇش (9) رىتورىكىلىق خىتاب (10) رىتورىكىلىق سوئال (11) ئېۋفېمىزم

**1. سۈپەتلەش دېگەن نېمە؟**

ئادەم ۋە نەرسىلەرنى، ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەشتە ئۇلارنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنى، تۈرلۈك خۇسۇسىيەت، سۈپەتلىرىنى، ھالەت، ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىنى ئېنىق، روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، سۈرەتلەپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە سۇپەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. سۇپەتلەشنىڭ رولى

سۇپەتلەش تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقە، ھادىسىلەر ھەققىدە كىشىلەرنى ئېنىق، روشەن ۋە كونكرېت چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەدەبىي ئېنىقلىغۇچىدۇر. سۇپەتلەش تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئىنى ئېنىق، روشەن گەۋدىلەندۇرۇپ، ئېنىق بولمىغان شەيئى ۋە ئۇقۇملار ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى روشەن ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ، كىشىدە روشەن، يېقىملىق تەسىرات ۋە كۈچلۈك، تەسىرلىك ھېس - تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى سۈپەت، سۇپەتداشلار، دەرىجە رەۋىشلىرى ماقالە - ئەسەرلەردە سۇپەتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

(1) ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسىدىكى كىچىككىنە بېشى سىركۆلىنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. (جۈملىدە سۇپەت ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن سۇپەتلەش رولىنى ئوينىغان)

(2) ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل بالا بولۇپ چوڭ بولۇپتۇ. (دەرىجە رەۋىشى بىلەن سۇپەتلەر ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن سۇپەتلەش رولىنى ئوينىغان)

(3) بىز رەقەملەشكەن دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. (سۇپەتداش ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن سۇپەتلەش رولىنى ئوينىغان)

## 3. ئوخشىتىش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى قانداق؟

چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ خاراكتېرى ياكى ھالىتىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئوخشاشلىقى

بولغان يەنە بىر شەيئىگە سىڭىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى تې-خىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەربىر ئوخشىتىش تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشىتىش قوشۇمچىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان. مەسىلەن: «يولبويىدىكى دە-رەخلەر مومامنىڭ چېچىدەك ئاپپاق ئىدى.» دېگەن جۈملىدە «يولبويىدىكى دەرەخلەر» ئوخشالغۇچى، «مومامنىڭ چېچى» ئوخشىغۇچى، «دەك» ئوخشىتىش قوشۇمچىسى.

## 4. ئوخشىتىشلارنىڭ ياسىلىشى ۋە رولىغا قاراپ بۆلۈنۈشى

ئوخشىتىشلار ياسىلىشى ۋە رولىغا قاراپ ئېنىق ئوخ-شىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار:

(1) ئېنىق ئوخشىتىش — ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، ئوخشىتىش قوشۇمچىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئېلېمېنت تولۇق بولغان ئوخشىتىش، بۇ خىل ئوخشىتىش ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەنلىككە ئىگە بولىدۇ.

(2) يوشۇرۇن ئوخشىتىش — ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخ-شىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى يوشۇرۇن، ئىككى شەيئى ئوتتۇ-رىسىدا ماسلىشىش باغلىنىشى بولغان ئوخشىتىش. ئۇ ئې-نىق ئوخشىتىشقا قارىغاندا بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ۋە چوڭقۇرلىغان ئوخشىتىش. مەسىلەن:

«ئەڭ يۈكسەك سەنئەت — ئىسمى - جىسمىغا لايىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەنئەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىز مەلۇم دەۋرنىڭ قائىدە - يو-سۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ چەكسىز كەڭ بوشلۇقتا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدۇر.»

(3) ۋەكىللىك ئوخشىتىش — بۇ خىل ئوخشىتىشتا ئوخشالغۇچى شەيئى كۆرۈنمەيدۇ. ئوخشىغۇچى شەيئى ئوخشالغۇچى شەيئى ئورنىدا كېلىدۇ.

مەسىلەن: داۋاملىق تىرىشىپ نەتىجە قازانماقچى بولغان كىشى بېشىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئۇششاق تاش پارچىلىرىغا، ئالدىدىكى لاي - پاتقاقلارغا ئېرەن قىلماي ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك.

## 5. ئوخشىتىشلارنىڭ رولى

(1) ئوخشىتىش تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى ۋە جانلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ تۇرقى، ھالىتىنى ئېنىق سۈرەتلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

(2) ئوخشىتىشلار مۇۋاپىق قوللىنىلسا ئابستراكت، مۇرەككەپ، چوڭقۇر قائىدىلەرنى كونكرېت، چۈشىنىشلىك، ئاددىي، ئاممىباب قىلىپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئوخشىتىشلارنى ئىشلەتكەندە قايسى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك؟

(1) ئوخشىتىشلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

(2) ئوخشىتىشنى ئىشلىتىش مەسىلىسى تىل ماھارىتى مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، ئالدى بىلەن مەزمۇن مەسىلىسى، شۇڭا ئوخشىتىشنى قوللانغاندا ئىدىيەۋى مەزمۇنغا، مۇھەببەت -نەپرەتنىڭ ئېنىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

(3) ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىش قىلىنغۇچى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي روھىغا، ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىغا ماس كەلگەن بولۇشى لازىم.

(4) كىتاب ئوقۇش ۋە تىل ئالاقە مۇناسىۋىتى جەريانىدا جانلىق، مۇۋاپىق بولغان ئوخشىتىشلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىشتىن سىرت، تېخىمۇ مۇھىمى ئوخشىتىشلارنى يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئوي ـ پىكىرلىرىمىزنى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز زۆرۈر.

## 6. جانلاندۇرۇش دېگەن نېمە؟

ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرگە خاس خۇسۇسىيەت ۋە ھەرىكەتلەرنى جانسىز نەرسىلەرگە ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە كۆچۈرۈپ تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە جانلاندۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

## 7. جانلاندۇرۇشنىڭ تۈرى

جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئادەملەشتۈرۈش ۋە نەرسىلەشتۈرۈش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەت، ھېسسىيات، ھەرىكەت ۋە ھالەتلەرنى جانسىز نەرسىلەرگە كۆچۈرۈپ تەسۋىرلەش ئادەملەشتۈرۈش دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: بۇلبۇل شوخ ئاۋازى بىلەن باھارنى كۈيلىمەكتە.

(2) نەرسىلەرنىڭ ھالەت، ھەرىكەتلىرىنى ئادەملەرگە كۆچۈرۈپ تەسۋىرلەش نەرسىلەشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئاساسەن ئادەم نەرسە قىلىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ قېتىپ قالدىم.

نەرسىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ھەجۋىي خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قالايمىقان قوللىنىشقا بولمايدۇ. پەقەت كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندىلا، ئاندىن بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. شۇنداقلا بۇ ئۇسۇل يەنە نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشى ۋە جايىدا مۇۋاپىق قوللىنىلىشى كېرەك.

## 8. مۇبالىغە دېگەن نېمە؟

شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى، ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى ھەم ھالەتلىرىنى ئەسلىي ھالىتىدىن ناھايىتى ئاشۇرۇپ ياكى بەك كىچىكلىتىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ كۆرسىتىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە مۇبالىغە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: مانا، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى.

قاراپ باق، ئاخشامقى بوۋاق كىچىككىنە تۇرسۇن، تونۇگۇن ئۆمىلەپ، ھە... بۈگۈن مېڭىپ يۈرىدۇ.

مۇبالىغە گەرچە پاكىت كۆرۈنۈشىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پاكىت كۆرۈنۈشى بىلەن قويۇق ئىچكى باغلىنىشتا بولغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىدا ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مۇبالىغە كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنگەن.

## 9. مۇبالىغىنى قوللىنىشنىڭ رولى

مۇبالىغە شەيئىلەرنى، ھادىسىلەرنى چوڭايتىپ ياكى كى-

چىكلىتىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش رولىنى ئوي- نايدۇ. مۇبالىغىنى قوللىنىشتىكى مەقسەت، ياخشى نەرسە- لەرنى مۇبالىغە قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش، زىيانلىق نەر- سىلەرنى مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن يىرگىنىد- غان قىلىش.

مۇبالىغە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن ئاپتورنىڭ كۈچ- لۈك تەسەۋۋۇر ۋە تەسىراتلىرىنىڭ زىچ بىرلىكىگە تايىنى- دۇ. بۇ، مۇبالىغىنى قوللىنىشنىڭ پرىنسىپى، پەقەت مۇ- شۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ تۈزۈلگەن مۇبالىغە كىشىلەر- نى ئەجەبلەندۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرگە مول بە- دىئىي زوق بېغىشلايدۇ. ئەكسىچە مۇبالىغە ئوبيېكتىپ رې- ئاللىقنى ئاساس قىلماي، مۇۋاپىق چەك دائىرىسىدە بول- ماي، قانداقتۇر پو ئېتىش خاراكتېرىدە بولسا، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈش، كۈچلۈك بە- دىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇبالىغىنى قوللىنىشتا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئا- ساس قىلىش، مۇۋاپىق چېكى بولۇش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك.

مۇبالىغىنى قوللىنىش ماقالە، ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى بى- لەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇبالىغىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ شېئىر ـ قوشاقلاردا كۆپرەك قوللىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئىپادىلەشتە پايدىلىنىش كېرەك. ئەمما، ئۇنى گېزىت خەۋەرلىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خۇلاسە، ئىلمىي ماقالە قاتارلىق ژانىرلاردا قوللىنىشقا بولمايدۇ.

**10. سىمۋول دېگەن نېمە؟**

مەلۇم شەيئى، ھادىسىنى تۇغرىدىن ـ تۇغرا ئۆز نامى بىلەن ئاتىماستىن، ئۇنىڭغا يېقىنلىق ۋە ئوخشاشلىقى بولغان ئىككىنچى بىر شەيئى ياكى ھادىسە ۋاستىسى بىلەن تەسۋىرلەش ئۇسۇلى سىمۋول دېيىلىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويماسلىققا دىققەت قىلىش لازىم. سىمۋول قىلىنغان شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى، بەلگىسى ئەسلىدىكى شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىسىگە ماس كېلىشى لازىم.

سىمۋول كونكرېت شەيئى ئارقىلىق مەلۇم بىر ئابستراكت چۈشەنچىنى ياكى ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئىپادە قىلىش ئۇسۇلىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئوي ـ پىكىرنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

مەسىلەن: گۈلنى گۈلگە بەرمىدىلە،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
گۈل خىلىنى تاپقۇچە،
قېرى بىغەمگە بەردىلە.

سىمۋول ئادەتتە شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن باغلىنىشقا ئاساسەن، مەلۇم شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا سىمۋول قىلىنغان شەيئى ياكى ھادىسە بىۋاسىتە ئېيتىل-

مايدۇ. ئۇنى ئوقۇغۇچىلار تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ھېس قىلالايدۇ. سىمۋول ئۇسۇلى مۇۋاپىق قوللىنىلسا، شەيئىنىڭ ئوبرازى روشەن گەۋدىلىنىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىدا كۈچلۈك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

## 11. كىنايە دېگەن نېمە؟

ماقالە، نۇتۇق ۋە ئەسەرلەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بەزى سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئۆز مەنىسىدە قوللانماي، ئەكسى (تەنە) مەنىدە قوللىنىش ئىستىلىستىكىدا كىنايە (تەنە) دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: قارا مانا، سېنىڭ «ياخشىلىق» نىڭ مۇشۇنداق پاجىئەگە سەۋەپ بولدى.

بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا: (1) كىنايە كىشىلەرنىڭ ئۇنى تونۇشتا ئىشلىتىش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

(2) كىنايە ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، مۇئەييەن مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇش لازىم.

(3) كىنايە ئۇسۇلىدىن پايدىلانغاندا، ئوبيېكتنى ئوبدان پەرقلەندۈرۈش لازىم.

## 12. تەكرارلاش دېگەن نېمە؟

ئوخشاش بىر سۆز، ئوخشاش بىر جۈملە ياكى ئوخشاش بىر ئابزاسنى تەكرارلاش ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلىگىلى بولىدىغان ۋە مەلۇم بىر نۇقتىنى تەكىتلەپ كىتابخانلارنىڭ تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردەمدە بولىدىغان ۋاستە تەكرارلاش دېيىلىدۇ.

تەكرارلاش ئۇلاپ تەكرارلاش ۋە ئارىلىق قالدۇرۇپ تەكرارلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئىچىلاتتى» دېگەن شېئىرىدا ئارلىق قالدۇرۇپ تەكرارلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان.

## 13. سېلىشتۇرۇش دېگەن نېمە؟

بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى نەرسە ياكى ئىككى خىل چۈشەنچىنى ۋە ياكى بىر نەرسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەرىپىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئوي ـ پىكىرنى ئېنىق، گەۋدىلىك ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇل سېلىشتۇرۇش دېيىلىدۇ. نوتۇق ياكى ماقالە ـ ئەسەرلەردە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، دېمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىرنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ شۇ نەرسىگە نىسبەتەن چۈشەنچىسى ۋە تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن سېلىشتۇرۇش ئەسەر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: تىرىشقان ئوزار، تىرىشمىغان توزار.

بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا سېلىشتۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ماھىيەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، سېلىشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئۇسۇلنى زورمۇزور قوللانماسلىقىمىز لازىم. زورمۇزور قوللانغاندا ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايلا قالماستىن، ئەسەر چۇۋالچاق بولۇپ قالىدۇ.

## 14. رىتورىكىلىق خىتاب دېگەن نېمە؟

ئاپتور ياكى ناتىق قاتتىق ھاياجانلانغاندا، بەزى ھاللاردا

ئاڭلىغۇچى ياكى كىتابخاندىن ئىبارەت ئوبيېكت بىلەن ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە ئۆز ئەسىرىدىكى پېرسوناژ ياكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ ياكى ئۇنىڭغا خىتاب قىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئىستىلىستىكىدا رىتورىكىلىق خىتاب دەپ ئاتىلىدۇ.

رىتورىكىلىق خىتاب ئادەمگە خىتاب ۋە نەرسىگە خىتاب دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سۆزلىگەندە ياكى ئەسەر يازغاندا مەلۇم بىر نۇقتىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئەسلىي دېمەكچى بولغان پىكىرنى دېيىشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن سوئال قويۇپ كىتابخان بىلەن تىڭشىغۇچىنى ئويغا سېلىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىتىدىغان ئۇسۇل رىتورىكىلىق سوئال دېيىلىدۇ.

رىتورىكىلىق سوئال — سوئال قويۇش ۋە سوراقتىن ئىبارەت ئىككى تۈر بويىچە ئىزاھلىنىدۇ.

سوئال قويۇشتا ئاپتور مەسىلىنى بايان قىلغاندا، كىتابخان ياكى تىڭشىغۇچىنىڭ شۇ مەسىلىنى خاتا ياكى مۇجمەل چۈشىنىپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۆزى جاۋاب بېرىپ، كىتابخاننى قانائەتلەندۈرىدۇ.

مەسىلەن: «بۇ قانداق روھ؟ بۇ ئىنتېرناتسيونالىزملىق روھ» — ماۋ زېدۇڭ.

رىتورىكىلىق سوئالدىكى سوراقتا ئەسلىي دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىر لوگىكىلىق جەھەتتىن تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئىنكار قىلىش ئارقىلىق يەنە بىر خىل كۆزقاراش قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىپادىلەش شەكلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ شېئىر ۋە نەسردە كۆپ قول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىنىلىپ، ئىدىيە، ھېسسىياتنى چوڭقۇر ئىپادىلەشكە خىز-مەت قىلدۇرۇلىدۇ. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە، سوراق ئارقىلىق قارىمۇقارشى تەرەپ بەرپا قىلىنىپ، زىد-دىيەتنىڭ ماھىيىتى پاش قىلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق خاتا كۆز-قاراشلارغا رەددىيە بېرىلىپ، توغرا كۆزقاراش شەرھلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك. ئادەتتىن تاش-قىرى كۆپ ئىشلىتىلسە، تىلنى تەمسىز، تېتىقسىز قىلىپ قويىدۇ ـ دە، تەكىتلىمەكچى بولغان مۇھىم نۇقتا گەۋدى-لەنمەي قالىدۇ.

### 15. ئېۋفېمىزم (سىلىقلاش) دېگەن نېمە؟

توغرىدىن ـ توغرا ئېيتىشقا بولمايدىغان ياكى بىۋاستە ئېيتىش بىئەپ، قولايسىز بولغان سۆزلەرنى سىلىقلاشتۇ-رۇپ ئېيتىش ياكى دېمەكچى بولغان سۆزنى ئەينەن ئېيت-ماي، شۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش ـ ھەرىكەت ئارقىلىق مەقسەتنى ئىپادىلەش ئېۋفېمىزم دېيىلىدۇ. مە-سىلەن: ئىنقىلابى قەھرىمانلار شەرەپلىك قۇربان بولدى. (ئۆلدى ئەمەس)

ئېۋفېمىزم چۈشەنچىلەرنى بېيىتىشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ يېزىقچىلىقتا كەڭ قوللىنىلىدۇ ۋە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. لېكىن ئۇنى ھەرقانداق ئەھۋالدا قوللىنىشقا بولۇ-ۋەرمەيدۇ. بەزى سۆزلەرنى پەقەت توغرىدىن ـ توغرا ئېيت-تىشقا بولمايدىغان ياكى بىۋاستە ئېيتىش بىئەپ بولغان شارائىتتا قوللىنىشقا بولىدۇ. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ما-قالىلەردە ئاپتورنىڭ مەيدانى قەتئىي، كۆز قارىشى ئېنىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئېۋفېمىزمنى قول-

لىنىشقا توغرا كەلگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئەڭ ياخ ـ شىسى قوللىنىشقا توغرا كەلگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئەڭ ئاز قوللىنىش ياكى قوللانماسلىق لازىم.

## ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا قىس ـ قىچە چۈشەنچە

### ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ تۈرى

ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ۋە ئاساسلىق بولغان ئىپادى ـ لەش ئۇسۇللىرى بايان، تەسۋىر، لىرىكا، چۈشەندۈرۈش ۋە مۇھاكىمىدىن ئىبارەت.

### 1. بايان

بايان — پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت.

باياننىڭ رولى — بىرىنچىدىن، ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تونۇشتۇرىدۇ؛ ئىككىنچى ـ دىن، پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئىش ـ پائالىيەت ـ لىرىنى تونۇشتۇرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مۇھاكىمە خاراكتېر ـ لىك ئەسەرلەرنى دەلىل (ئاساس) بىلەن تەمىنلەيدۇ. بايان كۆپىنچە بىرىنچى شەخس («مەن» ياكى «بىز») ياكى ئۈ ـ چىنچى شەخس («ئۇ» ياكى «ئۇلار») تىلىدا ئىپادە قىلى ـ نىدۇ.

### 2. بايان شەكلى

بايان شەكلى ئۈچ خىل بولىدۇ. ئۇلار تەرتىپلىك بايان (ئوڭ بايان)، چېكىنمە (تەتۈر) بايان، قىستۇرما باياندىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرتىپلىك بايان → شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئاخىرلىششىنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بايان قىلىدىغان شەكىلدۇر.

چېكىنمە بايان → بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ۋەقەلىكنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغان قىسمى ياكى بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسى يېزىلىپ، ئاندىن ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ھەم جەريانلىرى يېزىلىدۇ. بۇنداق ئەسەر قىزىقارلىق بولىدۇ. تېما چوڭقۇرلىشىدۇ.

قىستۇرما بايان → بۇ مەركىزىي ۋەقەنى بايان قىلىش جەريانىدا تېما ۋە پېرسوناژلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا بىر ۋەقە ياكى پارچىلارنى ئارىسىغا قىستۇرۇپ بايان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەرتىپلىك بايان ۋە چېكىنمە بايانغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت تولۇقلاپ كۆرسىتىش يۈزىسىدىن مەلۇم پارچىلارنى كىرگۈزۈپ بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

## 3. بايان قىلىشتىكى تەلەپلەر

بىرىنچىدىن، بايانىنىڭ باش ـ ئاخىرى ئېنىق بولۇش لازىم. بايان تەرتىپلىك، رەتلىك، قاتلاملىرى ئېنىق، باش ـ ئاخىرى ماسلاشقان بولغاندىلا ئېنىق بولغان بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تاپشۇرۇش، يەنى بايانىنىڭ ئامىلى ئېنىق بولۇشى لازىم. ھەرقانداق ۋەقەلىك ھامان ۋاقىت، ئورۇن، پېرسوناژ (شەخس)، ۋەقە، سەۋەب، نەتىجە قاتارلىق ئالتە ئامىلدىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تەپسىلاتلار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مۇھىملىرى بىلەن ئانچە مۇھىم

ئەمەسلىرى، نۇقتىلىق بولغانلىرى بىلەن نۇقتىلىق بولمىغانلىرىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**4. تەسۋىر، تەسۋىرنىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى رولى**

تەسۋىر — پېرسوناژ ياكى شەخسلەرنىڭ ھالىتىنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق تىل بىلەن كونكرېت ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت.

رولى — بىرىنچىدىن، تەبىئىي قىياپىتىنى، يەنى مۇھىتنى ئەكس ئەتتۈرۈش. ئاپتور گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىنى ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەپ كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى (پورترېتى) ۋە ئىچكى دۇنياسى (پسىخىكىسى) نى سۈرەتلەپ بېرىش. پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىگەندە كونكرېت ئوبراز يارىتىلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشى ئابستراكتىراق بولغاچقا، ئوبرازلىق تەسۋىر ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ كونكرېت مۇھىتىنى تاپشۇرۇش. پېرسوناژلار پائالىيىتى ھامان كونكرېت ۋاقىت ۋە ئورۇندىن ئايرىلالمايدۇ، بۇلار گەرچە بايان ئارقىلىق تاپشۇرۇلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كونكرېت جانلىق ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن يەنىلا تەسۋىرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

**5. تەسۋىرنىڭ ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى**

تەسۋىر، ئۆزى تەسۋىرلەيدىغان ئوبيېكتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن پېرسوناژلار تەسۋىرى ۋە مۇھىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەسۋىرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پېرسوناژلار تەسۋىرى ئەڭ مۇھىم بولۇپ، مۇھىت تەسۋىرى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە باش تېما ئىدىيەنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

1) پېرسوناژلار تەسۋىرى

پېرسوناژلار تەسۋىرى — پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى، ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، روھىي ھالىتى، ھەرىكەت ۋە تىلى (سۆزى) قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى سىزىپ بېرىش، يارىتىش دېمەكتۇر.

پېرسوناژلار تەسۋىرى — قىياپەت (پورترېت) تەسۋىرى، پىسخىكا تەسۋىرى (ئىچكى كەچۈرمىش تەسۋىرى) ھەرىكەت تەسۋىرى ۋە تىل تەسۋىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قىياپەت تەسۋىرى — پېرسوناژلارنىڭ چىرايى، كىيىنىشى، تەق - تۇرقى ۋە جىسمانىي قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىرلەشنى كۆرسىتىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتىدىكى بەلگىلەرنى تەسۋىرلەش ئۇلارنىڭ ئىدىيە خاراكتېرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. پېرسوناژلار تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنى، بىرىنچىدىن، تېخىمۇ جانلىق ۋە كونكرېتلىققا ئىگە قىلغىلى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

پىسخىك تەسۋىرى — پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. يالغۇز پېر-

سوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەش بىلەنلا ئۇلار-نىڭ خاراكتېرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. تو-لۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پىسخىكا ھالىتىنىمۇ تەسۋىرلەشكە توغرا كېلىدۇ. پىسخىكا تەسۋىرى تىپىك ئوبراز يارىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم.

ھەرىكەت تەسۋىرى — پېرسوناژلار مىجەزى ۋە خاراكتې-رىنى ھەرىكەتتە كونكرېت ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پېرسوناژلار ھەرىكىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ۋە روشەن خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا ئىنتا-يىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

تىل تەسۋىرى — پېرسوناژ خاراكتېرىنى تىل ئارقىلىق سۈرەتلەپ ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بىۋاسىتە ئاشكارىلىنىشىنى كۆرسىتى-دۇ. تىل تەسۋىرى بەزى ھاللاردا ھەرىكەت تەسۋىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتكەن بولىدۇ. شۇنداق يېزىلغاندا قايىل قى-لىش كۈچى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

2) مۇھىت تەسۋىرى

مۇھىت تەسۋىرى — ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارا-ئىت تەسۋىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھىت تەسۋىرى بەزى ۋاقىتلاردا ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى-دىن ئالدىن بېشارەت بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئەسەرلەرنى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەمدە ئەسەرنىڭ سۇژىتىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاپتورنىڭ قايناق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇھىت تەسۋىرى — ئومۇمەن تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرى، ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرى — ئاساسەن ئەتراپتىكى تەبىئىي مەنزىرىلەر تەسۋىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى — ئاساسەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى، ئومۇمەن جەمئىيەتنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى تەسۋىرلەشنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھىت تەسۋىرى ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا ئوبيېكتىپ مۇھىتتىكى بارلىق شەيئى ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى قارىقويۇق كۆچۈرۈپ كېلىپ تەسۋىرلەشكە بولمايدۇ. شۇنداقلا مۇھىت تەسۋىرىنى ئۆز ئالدىغا يەككە - يېگانە قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇ پېرسوناژلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، پېرسوناژ تەسۋىرى بىلەن مۇھىت تەسۋىرى بىر - بىرىنى تولۇقلىشى ۋە بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشى لازىم. مۇھىت تەسۋىرىدە ماھىيەت ئىگىلىنىشى، ئالاھىدىلىك چىڭ تۇتۇلۇشى لازىم.

### 6. لىرىكا

لىرىكا — ئاپتورنىڭ ماقالە - ئەسەرلەردە ئىزھار قىلغان سۇبيېكتىپ تەسىراتى ۋە كۈچلۈك ئىدىيەۋى ھېسسى-

ياتىدىن ئىبارەت.

لىرىكا شەكىل جەھەتتىن، بىۋاسىتە لىرىكا ۋە ۋاسىتىلىك لىرىكا دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

لىرىكىنى ئىپادىلىگەندە بىرىنچىدىن، ھەقىقىي ۋە تەبىئىي بولۇشىغا؛ ئىككىنچىدىن، ساغلام ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا؛ ئۈچىنچىدىن، جانلىق ۋە كونكرېت بولۇشقا دىققەت قىلىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۈچىنچى باب شېئىرىي ئەسەرلەر

## شېئىر توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. شېئىر

شېئىر ئەدەبىي ژانىرلار ئىچىدە ئەڭ بالدۇر بارلىققا كەلگەن بىر خىل ژانىر بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ تۈپكى شەكلى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۈچلۈك ھېسسىيات، مول تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن ئەڭ ئىخچام، ئەڭ جانلىق ۋە ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، چوڭقۇر شېئىرىي پىكىر، ئوبرازلىق تىل، يېقىملىق ئاھاڭ ۋە مۇئەييەن رىتىمغا ئىگە ئەدەبىي شەكىل شېئىر دېيىلىدۇ.

### 2. شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتى

(1) شېئىر ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئىخچام شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش بارلىق ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولسىمۇ، لېكىن شېئىرلاردىكى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. چۈنكى شېئىرلاردا مەزمۇن ئېپىك ۋە نەسرىي ئەسەرلەردىكىدەك تەپسىلىي ئېچىپ بېرىلمەيدۇ.

(2) شېئىرلار كۈچلۈك ھېسسىياتقا ۋە مول تەسەۋۋۇرغا ئىگە.

(3) شېئىر تىل جەھەتتە ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدار بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**3. شېئىرنىڭ تۈرى**

1. شېئىرلار مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ: لىرىك شېئىر ۋە ئېپىك شېئىر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

2. شېئىرلار قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىگە قاراپ: ۋەزنىلىك شېئىر، ئەركىن شېئىر، نەسرىي شېئىرغا بۆلۈنىدۇ.

## شېئىرلارنىڭ شەكىل جەھەتتىن بۆلۈنۈشى

**1. ۋەزىن**

شېئىردىكى سۆزلەرنى مۇنتىزىم ئاھاڭغا سالىدىغان ئۆلچەم ياكى قېلىپ ۋەزىن دېيىلىدۇ.

**2. ۋەزىنلىك شېئىرلار**

مەلۇم تەرتىپ ۋە قائىدىگە ئاساسەن يېزىلغان شېئىرلار ۋەزىنلىك شېئىرلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا بوغۇم، مىسرا، كۇپلېتلارنىڭ مەلۇم ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولۇشى، مىسرالاردىكى سۆز ـ تۇراقلارنىڭ رەتلىك، ئېنىق بولۇشى، قاپىيەلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى، رىتىملىرىنىڭ ئاھاڭدار، كۈچلۈك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**3. ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ تۈرى**

ۋەزىنلىك شېئىرلار ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بارماق ۋە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زىنلىك شېئىرلار ۋە ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 4. بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلار ۋە بارماق ۋەزىنىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى

شېئىر مىسرالىرىدىكى سۆز ۋە بوغۇملارنىڭ مۇئەييەن تەرتىپتە گۇرۇپپىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان شېئىر بارماق ۋەزىنلىك شېئىر دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا بىر خىل مىقداردىكى بوغۇملارنىڭ بىر قاتار تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە رىتىم ھاسىل قىلىنىدۇ. بوغۇملار سانى ئاساسەن باراۋەر بولىدۇ. مىسرالاردىكى بوغۇملار بارماق بىلەن سانالغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل شېئىرلار بارماق ۋەزىندىكى شېئىرلار دەپ ئاتالغان.

بارماق ۋەزىنىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى مىسرالارنىڭ تۇراقلارغا بۆلۈنۈشىدىن ئىبارەت.

### 5. ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر

ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر دېگىنىمىز، شېئىر مىسرالىرىدىكى ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرتىپتە تەكرارلىنىشى ئارقىلىق شېئىردىكى رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان شېئىرىي سىستېما.

شېئىرىي ۋەزىن جەھەتتىن ئارۇز ۋەزىنىنىڭ بارماق ۋەزنى بىلەن بىرقاتاردا چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى.

## 6.«ئارۇز» سۆزىنىڭ مەنىسى

ئارۇز سۆزى
(1) «ئارۇز» دېگەن ئاتالغۇ ← ئەرەبچە ئاتالغۇ
(2) لۇغەت مەنىسى ← «ئەن»، «كەڭلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.
(3) ئىستېمال مەنىسى ← «ئۆلچەم»، «قېلىپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## 7. ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر بىلەن بارماق ۋەزىنلىك شېئىرنىڭ پەرقى

(1) ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىر ۋەزىنلىرىنىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە بۇ ئاھاڭدارلىقنىڭ پۈتۈن شېئىرىي مىسرالىرىدا بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بەلگىسى.

(2) ئارۇز ۋەزىنىدە رىتىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى بارماق ۋەزىندىكىگە ئوخشاش مىسرالاردىكى بوغۇملارنىڭ سانىغا ۋە بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە گۇرۇپپىلىنىپ كېلىشىگە باغلىق بولماستىن، بەلكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە ئالمىشىپ ۋە تەكرارلىنىشىغا باغلىق بولىدۇ.

(3) ئارۇز ۋەزىنلىك شېئىرلاردا ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن مىسرالاردىكى سۆزلەرنى تۇراقلا ئاجرىتىشتا سۆزلەرنى پارچىلاپ بوغۇملارغا ئايرىش ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلاردا بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە مىسرالاردىكى سۆزلەرنى تۇراقلا ئايرىشتا سۆزلەرنىڭ مەنە پۈتۈنلۈكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

(4) ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنى ئوقۇشتا ئەپلىك، مۇزىكىلىقى قويۇق، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا بىرقەدەر قولايلىق بولىدۇ، شۇڭا ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان.

(5) ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلار باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل رىتىمدا يېزىلغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنى شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسى قايسى رىتىم ئىسخېمىسى بىلەن يېزىلغان بولسا، پۈتۈن شېئىر ئاشۇ خىل ۋەزىن ئىسخېمىسىدا يېزىلغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 8. ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىن تۈرلىرى

ئارۇز ۋەزنىدە ۋەزىن قاتتىق ئۆلچەم قىلىنىدىغان بولۇپ، ۋەزىن مىسرا ۋە بەھرنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي بىرلىك.

ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدىكى ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملار ئوچۇق بوغۇم بولۇپ، ئۇ ئارۇز ۋەزنىدە قىسقا بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

گىراماتىكىدا ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملار يېپىق بوغۇم بولۇپ، ئۇ ئارۇز ۋەزنىدە ئۇزۇن بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەتتە ئۇزۇن بوغۇم تۈز سىزىق (ــ) ياكى A بىلەن قىسقا بوغۇم ئاچا سىزىق (V) ياكى B بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئارۇز ۋەزنىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ۋەزىن تۈرلىرى:

(1) پائىلاتۇن ۋەزنى (ـ V ـ ـ) ئىنتىزارلىق،

ئىپتىخارلىق

(2) پەئۇل: (V ـ) ۋەتەن. سىنىپ

(3) مۇستەپئىلۇن: (ـ ـ V ـ) ئايلار ئۆتۈپ، كۈنلەر كېلىپ

(4) مەپائىيلۇن (V ـ ـ ـ) قىزىل قانلار، ئېدىرلىقلار

(5) پائىلۇن (ـ V ـ) ئىنتىزار، ئىپتىخار

## 9. ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئاساسىي بەھرلىرى

بەھر ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «دەريا، غول» دېگەن مەنىدە، ئارۇزنى دېڭىزغا ئوخشاتساق، بەھر ئۇنىڭ دەريا، غوللىرىغا ئوخشايدۇ.

1) رەمەل بەھرى

رەمەلنىڭ لۇغەت مەنىسى «كۆپ، تولا» دېگەنلىك بولۇپ، پائىلاتون ۋەزنى (ـ V ـ ـ) رەمەل بەھرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەي پەلەك بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن،
ـ V ـ،ـ ـ V ـ،ـ ـ V ـ ، ـ ـ V ـ
ئىستىدىم كۆپ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارىمەن.
ـ V ـ،ـ ـ V ـ،ـ ـ V ـ ، ـ ـ V ـ

(2) رەجەز بەھرى

رەجەزنىڭ لۇغەت مەنىسى «شېئىر ئېيتىشىش، كۆيلەش» بولۇپ، مۇستەپئىلۇن (ـ ـ V ـ) رەجەز بەھرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئاتقاندا تاڭ چىقتى قۇياش كەلدى باھار كۆكلەم مانا،
ـ V ـ ـ،ـ V ـ ـ،ـ V ـ ـ،ـ V ـ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نۇر ئىلكىدە كۆلدى زېمىن، نۇر ئىلكىدە كۆلدى ساما.

- V - -، - V - -، - V - -، - V - -

(3) ھەزەج بەھرى

ھەزەجنىڭ لۇغەت مەنىسى «نەغمە، كۈي» بولۇپ، مەپا-ئىيلۇن (V - - -) ھەزەج بەھرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،

- - - V ،- - - V ،- - - V ،- - - V

بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار-يوق.

- - - V ،- - - V ،- - - V ،- - - V

## شېئىرلارنىڭ تۈزۈلۈشى

### 1. شېئىرىي نۇتۇقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ۋاستىلەر

شېئىرىي نۇتۇقنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ھەم تەرتىپكە سالىدىغان ۋاستىلەر رىتىم، تۇراق، قاپىيەدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارسىز شېئىرىي خۇسۇسىيەت بولمايدۇ.

### 2. رىتىم

بىر خىل مىقداردىكى بوغۇملارنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە قاتار تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئاھاڭدارلىق رىتىم دەپ ئاتىلىدۇ.

### 3. تۇراق ۋە ئۇنىڭ رولى

ئوخشاش ساندىكى بوغۇملارنىڭ شېئىر مىسرالىرىدا بەلگىلىك تەرتىپتە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كېلىشى تۇراق دېيىلىدۇ.

تۇراق شېئىرغا تولۇق ئىنتوناتسىيە كىرگۈزۈپ، شې-ئىرنىڭ رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، مىسرالارنى ئوقۇغاندا ھەر-بىر مىسرادىكى بارلىق سۆزلەرنى بىراقلا، توختىماي ئوقۇپ كېتىۋەرمەيمىز. بەلكى، ھەربىر مىسرانىڭ مەلۇم ئورۇنلى-رىدا تەبىئىي ھالدا سەل ـ پەل توختاپ ئوقۇيمىز. شېئىر-دىكى تۇراقلار شېئىردىكى رىتىمغا ئاساسەن گۇرۇپپىلارغا ئاجرىتىلىدۇ.

## 4. قاپىيە ۋە ئۇنىڭ رولى

شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆز ياكى بوغۇملار-نىڭ ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

قاپىيە شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەت-لىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ خىل رولى بار.

(1) سۆزلەردە مۇناسىپ ئاھاڭداشلىق پەيدا قىلىپ، شې-ئىرىي تىلنى تەسىرلىك، جاراڭلىق ۋە مۇزىكىلىق گۈزەل-لىككە ئىگە قىلىدۇ. شېئىرنىڭ رىتىملىق ھېسسىياتىنى كۈچەيتىدۇ.

(2) كۆيلەشكە، دېكلاماتسىيە قىلىشقا، يادلاشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ.

(3) شېئىرىي تىلنى، شېئىردىكى ھېس ـ تۇيغۇنى تە-سىرلەندۈرەرلىك ئىپادىلەپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

قاپىيەلىك سۆزلەرنى ئەستە قالدۇرۇش ئوڭاي بولغانلىق-تىن، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى، تېپىشماقلارنى خەلق قاپىيە-لىك قىلىپ تۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 5. شېئىرىي قاپىيەلەر

شېئىرىي قاپىيەلەر بوغۇملار تەركىبىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىش خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە توق قاپىيە ۋە ئاچ قاپىيە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

(1) توق قاپىيە: ئاھاڭداشلىقى تولۇق بولغان سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ قاپىيەلىنىشى توق قاپىيە دېيىلىدۇ. يەنى بىر خىل سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان ۋە ئاخىرىدا بىر خىل ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن كەلگەن بولسا بۇ توق قاپىيە دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: جاپانى كىم تولا تارتسا،
گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن.
گۆھەرنى ئالغىچە تاشتىن،
نى سەۋدا ئۆتمىدۇ باشتىن.

(2) ئاچ قاپىيە: ئاھاڭداشلىقى تولۇق بولمىغان سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ قاپىيەلىنىشى ئاچ قاپىيە دېيىلىدۇ. يەنى تەركىبىدە سوزۇق تاۋۇشلار ئوخشاش بولمىسا ياكى تۈركۈمداش (جۈپلۈك) تاۋۇش بولمىسا، ئۇ ئاچ قاپىيە بولىدۇ.

مەسىلەن: «ئۆز ۋۇجۇدۇڭنى تەپەككۇر ئەيلەگىل.
ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدىن ئىستەگىل»
— نەۋايى

بۇ شېئىرىي مىسرادىكى «ئەيلەگىل»، «ئىستەگىل» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىنقى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ئوخشاش ئەمەس، ئاچ قاپىيەدە كەلگەن.

## 6. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان قاپىيە شەكىللىرى

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قاپىيە شەكىللىرى كۆپ خىل بولۇپ، كۆپ قوللىنىلىدىغانلىرى جۈپ قاپىيە، ئەركىن قاپىيە، ئالماش قاپىيە، يانداش قاپىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

(1) جۈپ قاپىيە: شېئىردىكى مىسرالار سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر ھەربىر جۈپ مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن مۇستەقىل ھەم ئەركىن ھالدا قاپىيەداش بولۇپ كېلىشى جۈپ قاپىيە دېيىلىدۇ.

(2) ئەركىن قاپىيە: تۆت مىسرالىق شېئىرلارنىڭ 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن قاپىيە شەكلى ئەركىن قاپىيە دېيىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قاپىيە شەكلى بولۇپ، ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدىمۇ ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ.

(3) ئالماش قاپىيە: تۆت مىسرالىق شېئىرلارنىڭ 1 ـ، 3 ـ مىسرالىرىنىڭ ۋە 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر ئاھاڭداش بولۇپ كەلسە، بۇ ئالماش قاپىيە دېيىلىدۇ.

(4) يانداش قاپىيە: تۆت مىسرالىق شېئىرلاردا 1 ـ مىسرا بىلەن 4 ـ مىسرا، 2 ـ مىسرا بىلەن 3 ـ مىسرا ئاخىرىدىكى سۆزلەر ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن قاپىيە شەكلى يانداش قاپىيە دېيىلىدۇ.

## 7. رادىف

شېئىر مىسرالىرىدىكى قاپىيەدىن كېيىن تەكرارلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلگەن سۆز رادىف دەپ ئاتىلىدۇ. رادىف مىسرالارنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە پىكىرنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

مەسىلەن:

«يوغان ھويلاڭنى ماختايسەن، كۆرۈنمەيدۇ ئاناڭ ئەمما،
ئاناڭ يوق ھويلىغا ئەسلا ياراشماپتۇ باراڭ ئەمما».

بۇ بىر كۇپلېت شېئىردا «ئەمما» دېگەن سۆزلەر «ئاناڭ»، «باراڭ» دېگەن ئىككى قاپىيەداش سۆزدىن كېيىن تەكرارلىنىپ، رادىف (قوش قاپىيە) شەكلىدە كەلگەن.

## ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى

### 1. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىنلىك شېئىرلار (ئارۇز ۋەزىنلىك ۋە بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مىسرا تۈزۈلۈشى، قاپىيەلىنىش تەرتىپىنىڭ بىر — بىرىگە ئوخشاشمىغانلىقى تۈپەيلىدىن مەسنەۋى، غەزەل، مۇسەللەس، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، مۇتەسسە، تەرجىبەند، مۇستەھزات، مۇۋەششەھ، مۇساۋىيات تەرەپەين، مۇھتەمىلات، رۇبائىي، مۇئەممە، قىتئە... قاتارلىق خىلمۇ خىل شەكىللەرگە ئىگە.

### 2. مەسنەۋى

ھەربىر كۇپلېتى ئىككى مىسرادىن تۈزۈلگەن، قاپىيەلىنىش شەكلى aa, bb, cc بولغان شېئىرىي شەكىل مەسنەۋى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىي شەكلى بولۇپ،

ئادەتتە «بېيىت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەربىر كۇپلېتى ئىككى مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا جۈپ ـ جۈپ بولۇپ قاپىيەلىشىدۇ، ئەمما بىرخىل قاپىيەلەنگۈچى جۈپ مىسرانىڭ كېيىنكى مىسرالار بىلەن قاپىيەلىنىش باغلىنىشى بولمايدۇ.

### 3. غەزەل

ھەربىر كۇپلېتى ئىككى مىسرادىن تۈزۈلگەن، قاپىيەلىنىش شەكلى aa ، ba ، ca بولغان شېئىرىي شەكىل. ئادەتتە بەش بېيىتتىن 13 بېيىتقىچە يېزىلىدۇ. غەزەللەر ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل ۋە ھەزەج بەھرىدە يېزىلىدۇ. غەزەللەردىن تۈزۈلگەن توپلام «غەزەلىيات» دەپ ئاتىلىدۇ.

### 4. غەزەللەر بىلەن مەسنەۋىنىڭ پەرقى

تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ:

(1) غەزەل ئاساسەن لىرىكىلىق بولۇپ، قىزغىن ھېسسىيات ۋە ھاياجان بىلەن يېزىلىدۇ.

(2) شەكىل جەھەتتىن دەسلەپكى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيەداش بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسى ئوچۇق قالدۇرۇلۇپ، ئىككىنچى مىسراسى دەسلەپكى بېيىت بىلەن قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ. سانى تاق بولۇپ، ئادەتتە بەش بېيىتتىن 13 بېيىتقىچە يېزىلىدۇ.

### 5. مۇرەببە

ھەربىر كۇپلېتى تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرىي شەكىل. قاپىيەلىنىش شەكلى ھەر خىل بولىدۇ، ئارۇز ۋەزنىدىمۇ، بارماق ۋەزنىدىمۇ يېزىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### 6. مۇخەممەس

ھەربىر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرىي شەكىل، قاپىيەلىنىش aaaaa، bbbba، cccca شەكلى بولىدۇ. ئادەتتە مۇخەممەس قانچە كۇپلېت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدىكى بارلىق مىسرالار بىرخىل قاپىيە شەكلىدە كېلىدۇ، كېيىنكى كۇپلېتلاردا بولسا ئالدىنقى تۆت مىسراسى ئۆزئارا قاپىيەداش، كېيىنكى بەشىنچى مىسراسى، ئالدىنقى بىرىنچى كۇپلېتتىكى مىسرالار بىلەن قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ.

### 7. رۇبائىي

ھەربىر كۇپلېتى تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن، مۇستەقىل پەلسەپىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان شەكىل. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكلى aaba. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قاپىيەلىنىش شەكىللىرىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ.

### 8. رۇبائىي بىلەن مۇرەببەنىڭ پەرقى

رۇبائىي ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. رۇبائىيدا شائىر ئۆز پىكىر ۋە تەسىراتلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى ياكى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىرەر يېڭى پەلسەپىۋى پىكىرنى بايان قىلىدۇ.

مۇرەببەدە بولسا چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئىپادىلەنمەيدۇ، پەقەت يازغۇچىنىڭ تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

**9. رۇبائىي بىلەن تۇيۇقنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى**

ئوخشاشلىقى: ھەر ئىككىلىسىدە شائىر ئۆز پىكىر ۋە تەسىراتلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى ياكى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىرەر يېڭى پەلسەپىۋى پىكىرنى بايان قىلىدۇ.

پەرقى: تۇيۇقتا ئۆزئارا قاپىيەداش كەلگەن سۆزلەر چوقۇم شەكىلداش سۆزلەردىن بولۇشى كېرەك، ئەمما رۇبائىيدا قاپىيەداش كەلگەن سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەردىن تۈزۈلمىگەن بولىدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ پەرقى.

**10. مۇئەمما ھەققىدە چۈشەنچە**

شېئىرىي تېپىشماق بولۇپ، بۇنىڭ قاپىيەلىنىش شەكلى، شېئىردىكى مىسرالارنىڭ سانى جەھەتتە چەكلىمىلىك يوق. بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ۋە يازما ئەدەبىياتتا داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئۇ كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۆز تارىخىدا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر خىل شېئىرىي شەكىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تۆتىنچى باب  نەسرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش

## نەسر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. نەسر

نەسر مەزمۇنى، شەكلى، تىلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئەركىن، ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ ئاز چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىردۇر، ئۇ كەڭ ۋە تار مەنىگە ئىگە. كەڭ مەنىدىن ئېيتىلغاندا، نەسر — شېئىرىي يول بىلەن يېزىلمىغان، يەنى قاپىيە-سىز، كۆپلېت، مىسرالاشتۇرۇلماي يېزىلغان بارلىق ئەسەر-لەرنى، شۇنداقلا بەدىئىي ئەدەبىياتقا تەئەللۇق بولمىغان ھەر قانداق ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى نەسر بولسا خەنزۇچە «سەنۋېن» دەپ ئاتىلىدىغان، شېئىرىي ئە-سەرلەر، ئېپىك ئەسەرلەر، سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ھەم لىرىك، ھەم ئېپىك ھەم دىراماتىك ئەسەرلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ئومۇملاش-تۇرغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىرنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ ئۆگەنمەكچى بولغىنىمىز دەل مۇشۇ تار مەنىدىكى نەسردۇر.

### 2. نەسرنىڭ ئالاھىدىلىكى

نەسرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى «شەكلى تارقاق،

ئەمما مەزمۇنى يىغىنچاق بولۇش» دېگەن سۆزگە ئومۇملاش-
تۇرۇشقا بولىدۇ. «شەكلى تارقاق» دېگەنلىك «قالايمىقان بو-
لۇش» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى شەكلى جانلىق ۋە ئەركىن،
تېتىك بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى تۆۋەن-
دىكى جەھەتلەردىن ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، نەسرنىڭ ماتېرىيال تاللاش دائىرىسى كەڭ بو-
لىدۇ.

ئىككىنچى، نەسر قويۇق لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ۋە
كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە.

ئۈچىنچى، نەسرنىڭ كومپوزىتسىيەسى ئەركىن ۋە جان-
لىق بولىدۇ.

تۆتىنچى، ھەجمى ئىخچام، سەھىپىسى كىچىك بولىدۇ.

بەشىنچى، نەسرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ خىلمۇخىل
بولىدۇ.

### 3. ئېپىك نەسر

ئېپىك نەسر — بۇ ئادەم ۋە ئىش - ۋەقەلەرنى تەسۋىر-
لەش ئاساس قىلىنغان نەسرىي ئەسەر بولۇپ، ماھىيەتلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شەخس، ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگىرىش،
راۋاجلىنىش جەريانىنى نۇقتىلىق ھالدا ئىپادىلەيدىغان بىر
خىل شەكىلدۇر، بۇنىڭدا مۇكەممەل سۇژىت بولۇش تەلەپ
قىلىنمايدۇ. مۇئەييەن پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئۇل-
گىلىك ئىجتىمائىي ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېپىك
نەسردە ئىش ۋە ئادەملەرنى تەسۋىرلەش جەريانىدا مۇئەييەن
دەرىجىدە لىرىكا ۋە مۇھاكىمە تەركىبلىرىمۇ زىچ بىرلەش-
تۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېپىك نەسر ئەدەبىي ئاخبارات، تەزكىرە ئەدەبىياتى، ساياھەت خاتىرىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 4. لىرىك نەسر

ئاپتورنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتىنى لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئىپادە قىلىدىغان نەسر لىرىك نەسر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ مەلۇم بىر ۋەقەلىك، مەلۇم مەنزىرە كۆرۈنۈش ياكى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شۇ ۋەقە، مەنزىرە، پېرسوناژلارغا بولغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى بىۋاسىتە ئىزھار قىلىنىدۇ.

## 5. مۇھاكىمىلىك نەسر

مۇھاكىمىلىك نەسر مۇھاكىمە بىلەن باياننى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلغان ھەم سىياسىي خاراكتېرلىك، ھەم ئەدەبىي خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەردە جانلىق ۋە ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى مەلۇم بىر تىپىك شەخس، ۋەقە ياكى كۆزقاراش ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېنىق كۆرسىتىلىپ، ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ ۋە مەلۇم ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ.

## 6. مۇھاكىمىلىك نەسرنىڭ تۈرلىرى

مۇھاكىمىلىك نەسر فېليەتون، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 7. فېليەتون

فېليەتون — ھەم ئەدەبىي ھەم سىياسىي مۇھاكىمىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بىر خىل ئەدەبىي شەكىل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ تۇرمۇشتىكى بەزى ھادىسىلەرگە نىسبەتەن كۆزقاراشلىرى بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدۇ.

# بەشىنچى باب سەھنە ئەسەرلىرىگە دائىر بىلىملەر

## تىياتىر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

### 1. تىياتىر

تىياتىر ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ رېئال زىددىيەت ۋە توقۇ- نۇشلارنى سەھنىدە تىرىك پېرسوناژ (سەھنە ئارتىسى) لارنىڭ كونكرېت ھەرىكەتلىرى، دىيالوگلىرى ۋە مونولوگ- لىرى ئارقىلىق بىۋاستە ۋە جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىد- دىغان، ئەدەبىيات، گۈزەل ـ سەنئەت، ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار مۇناسىپ ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن سەھنە سەنئى- تىدىن ئىبارەت. تېخىمۇ ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، تىيا- تىر تىرىك ئادەم (ئارتىس) تەرىپىدىن ئەسەردىكى پېرسو- ناژلارنىڭ رولىلىرى نەق مەيداندىكى جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا ئوينىلىدىغان، ئابستراكت پېرسوناژلار تىياتىر تاماشىبىن- لىرى بىلەن بىۋاستە، ھەقىقىي ئۇچراشتۇرۇلىدىغان، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش ۋە كۆز بىلەن كۆرۈش ئارقىلىق بەدى- ئىي زوق ھاسىل قىلىنىدىغان ھەرىكەت سەنئىتىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇنى سەھنە ئوبرازى يارىتىش مەقسەت قىلىنغان بىۋاستىلىككە ئىگە ئۇنىۋېرسال سەنئەت دەپ ئاتايمىز. تىياتىر سەنئىتى ئاشۇ تۆپ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەدەبىيات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ باشقا تۈرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

## 2. تىياتىر سەنئىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى

(1) بىۋاسىتىلىكى. تىياتىر كىشىلىك ھاياتنى، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ پەقەت سەھنىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل سەنئەت بولۇپ، ئارتىس، تاماشىبىن ۋە سەھنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭلاشقا، تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئوبرازى بىۋاسىتىلىككە ئىگە بولۇپ، ئارتىسنىڭ سەھنىدىكى جانلىق ھەرىكىتى ۋە تىلى (سۆزى) ئارقىلىق سەھنە ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

تىياتىر سەنئىتى بىۋاسىتە ھالدا تاماشىبىنلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ۋە كۆرۈش سېزىمىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، يازما ئەدەبىياتتىن بەھرىمەن بولالمايدىغان ساۋاتسىز كىشىلەرمۇ تىياتىر سەنئىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ ۋە زوقلىنالايدۇ.

(2) كونكرېتلىقى. تىياتىر سەنئىتىنىڭ بىۋاسىتىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن كونكرېتلىقى چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، كونكرېتلىق پەقەت تىياتىرنىڭ بىۋاسىتىلىك خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بىۋاسىتىلىك بىلەن كونكرېتلىق تىياتىرنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش ۋە تەربىيەلەش رولىغا ئىگە قىلىدۇ.

(3) ئۇنىۋېرساللىقى. تىياتىر سەنئىتى خىلمۇخىل بەدىئىي ئامىللارنىڭ ئۆزئارا زىچ بىرلىشىشىدىن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولۇپ، ئەدەبىيات، ئارتىس، رەسساملىق،

بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، مۇزىكا ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى قاتارلىق ھەر خىل سەنئەت ئامىللىرى بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ئۇ تاماشىبىنلارنى زوقلاندۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىياتىر ئۇنىۋېرسال سەنئەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل سەنئەت ئامىللىرى تىياتىر سەنئىتى ئۈچۈن خىز ـ مەت قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مۇستەقىل خاراكتېرىـ نى ئۆزگەرتىپ، تىياتىر سەنئىتىنىڭ خاسلىقى بويىچە سەھنە ئامىللىرى تىياتىر سەنئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىـ غاندا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مۇستەقىل خاراكتېرىنى ئۆز ـ گەرتىپ، تىياتىر سەنئىتىنىڭ خاسلىقى بويىچە سەھنە ئوبرازىنى يارىتىش ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرىدۇ ھەمدە ئۆزىـ نى تىياتىر گەۋدىسىنىڭ بىر ئورگانىك قىسمىغا ئايلاندۇ ـ رۇپ، تىياتىرنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى ئىپادىـ لەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

(4) كوللېكتىپلىقى. ئۇنىۋېرساللىق تىياتىرنىڭ كولـ لېكتىپلىق ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: بىر تىـ ياتىرنى سەھنىلەشتۇرۇش ئۈچۈن دراماتورگ، رېژىسسور، كومپوزىتور، مۇزىكانت، رەسسام، گىرىمچى، سىۋىتچىك، سەھنە لايىھەلىگۈچى ۋە كىيىم لايىھەلىگۈچى قاتارلىق بىرمۇنچە سەنئەتكارلار قاتنىشىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق بىر تىياتىر يۇقىرىقىدەك سەنئەت كوللېكتىپىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

### 3. تىياتىرنىڭ تۈرلىرى

تىياتىر مەزمۇنىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن تىراگېدىيە، كومېدىيە، تىراكومېدىيە دەپ ئۈچ تۈرگە؛ ئىپادىلەش ئۇسۇ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن دىراما، ئوپېرا، ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق ئوپېرا، ئۇسسۇللۇق ئوپېرا دەپ تۆت تۈرگە؛ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بىر پەردىلىك دىراما ۋە كۆپ پەردىلىك دىراما دەپ ئىككى تۈرگە؛ تېمىسىغا ئاساسەن تارىخىي دىراما ۋە زامانىۋى دىراما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 4. دىرامىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى

دىراما يۇنان تىياتىرلىرى (تىراگېدىيە ۋە كومېدىيە) ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە تىياتىر بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماننىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان.

دىرامىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى دىيالوگ (سۆزلىشىش، گەپلىشىش) نى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. دىرامىدا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ۋەقەلىك تەرەققىياتى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا دىيالوگى ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ.

# ئالتىنچى باب پىروزا ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش

## پىروزا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. ئېپىك ئەسەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

مۇكەممەل، سىستېمىلىق ۋەقەلىكنى بايان قىلىدىغان، كونكرېت مۇھىتنى تەسۋىرلەش ۋە تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر ئېپىك ئەسەر دېيىلىدۇ.

**ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە**

(1) ئېپىك ئەسەرلەر خىلمۇخىل پېرسوناژلارنى ھەر تەرەپتىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. ئېپىك ئەسەرلەر سەھنە ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ۋاقىت، ئورۇن، مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ پېرسوناژ تىلى ۋە بايان قىلغۇچى تىلىدىن ئوخشاش پايدىلىنىشقا، ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ تاشقى قىياپىتى، پسىخىك ھالىتى، دىيالوگ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىنى شېئىر، دىراممىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. ئېپىك ئەسەر ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ۋەقەلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن، ئاپتور تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي توقۇلمىلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ھەر جەھەتتىن ئېچىپ بېرىدۇ.

(2) ئېپىك ئەسەرلەردە تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان سۇژېت بولىدۇ. لىرىك شېئىرلاردا سۇژېت بولمايدۇ. ئېپىك شېئىرلاردا سۇژېت بولسىمۇ، ئاددىي بولىدۇ. دىراما ئەسەرلەردە سۇژېت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئېپىك ئەسەرنىڭ سۇژېتى تېخىمۇ مۇرەككەپ، خىلمۇخىل، ئەگرى ـ توقاي، مۇكەممەل بولىدۇ.

## 2. ھېكايە

تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى بىرەر مەسىلە ياكى ئۆز ھەجمىگە قارىغاندا كەڭ ھەم مۇرەككەپ مەزمۇننى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئېپىك ئەسەرلەر ھېكايە دەپ ئاتىلىدۇ.

ھېكايە ھەجمى كىچىك، بىر خىل قىسقا، ئىخچام ئېپىك ئەسەر. ئۇنىڭ سەھىپىسى چەكلىك، سۇژېتى بىرقەدەر ئاددىي، پېرسوناژ تىلى ئانچە كۆپ ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغىنى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئېپىك بىر بۆلىكى ياكى بىر تەرىپى. مەزمۇن جەھەتتە ھېكايىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى تەسۋىرلەنمەستىن، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى، جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل كارتىنىسى ئەمەس، بىرەر ۋەقە مەركەزلىك تەسۋىرلىنىدۇ. ھېكايىدە پېرسوناژلارنىڭ ئاساسىي پائالىيەتلىرى ئوروندالسا ئەسەرمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىدۇ.

ھېكايىنىڭ سۇژېتى ئىخچام، باش تېمىسى ئاددىي بولىدۇ.

دۇ. ھېكايىدىكى ۋەقە پەقەت بىرەر سائەت، بىرنەچچە سائەت ياكى بىر كۈن، بىرنەچچە كۈن يۈز بەرگەن تىپىك ۋەقەلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (ئايرىم ھېكايىلەردە بىر ئاز ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدىكى ئۇقتىلىق ۋەقە، ھادىسىلەر ئىپادىلىنىپ ـ مۇ قالىدۇ). مەسىلەن: «كىچىككىنە بىر ۋەقە»، «خامىلىپ ـ ئون»، «مۆمىنىنىڭ مومىغا چىقىشى» ... قاتارلىقلاردا قىسقا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ سۈژى ـ تى ئىخچام، تېمىسى ئاددىي ھېكايىلەردۇر. «دولان ياشلى ـ رى»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «ئاق چاچلىق قىز» قاتارلىقلار ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، چوڭراق تېما، كەڭرەك سۈژىتتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېكايىلەردۇر.

### 3. پوۋېست

پوۋېست ــ سەھىپىسى ھېكايىدىن چوڭ، روماندىن كى ـ چىك ئوتتۇرىچە ئېپىك ئەسەر. پوۋېستتا خېلى زور ھەجىم ۋە مۇرەككەپ سۈژىت بولىدۇ. پوۋېست رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھېكايىگە سې ـ لىشتۇرغاندا، پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش يەنىلا بىر ـ قەدەر كۆپ، ۋەقەلەرمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. پوۋېست ئاساسەن يەككە سۈژىت لىنىيەسى بويىچە راۋاجلىنىدۇ.

پوۋېست گەرچە مەلۇم تارىخىي دەۋرنىڭ بىر پۈتۈن جەر ـ يانىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە مەلۇم بىر بۆلىكى ياكى تۇرمۇش ـ نىڭ ۋەقەلىك خاراكتېرىگە ئىگە بىر قانچە ۋەقەلىك مەلۇم بىر ۋەقەنىڭ بىرقانچە مۇھىم كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلىنىـ ـ دۇ. ۋەقەلىك خاراكتېرىگە ئىگە بىرقانچە پېرسوناژلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوبرازى يارىتىلىپ، دەۋرنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك ھادىسىلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

پوۋېست ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ۋە ئۆزىگە خاس مۇ-كەممەللىككە ئىگە. ئۇ ھېكايىنىڭ ئۇزارتىلغىنى ياكى قىسقارتىلغىنى ئەمەس، شۇنداقلا روماننىڭ قىسقارتىلغىنى ئەمەس ياكى كىچىكلىتىلگىنىمۇ ئەمەس.

## 4. رومان

رومان بىر خىل چوڭ تىپتىكى ئېپىك ئەسەر، ھەجىم جەھەتتىن چوڭراق بولغان كەڭ ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئال-غان، بەلگىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ بىر پۈتۈن ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن، ئىج-تىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ كارتىنىسىنى سىزىپ تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتالىغان چوڭ تىپتىكى ئەسەر رو-مان دېيىلىدۇ. روماننىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

(1) رومان ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىر-قەدەر باي، كەڭ بولغانلىقتىن روماننىڭ باش تېمىسى بىرلا بولماستىن، باش تېما ۋە قوشۇمچە باش تېما بولىدۇ. ئۇ ئاساسىي باش تېمىنى تېخىمۇ روشەن ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

(2) روماننىڭ سەھىپىسى ئۇزۇن، ھەجمى چوڭ بولغان-لىقتىن يازغۇچى ۋەقەنى ئىپادىلەشتە ھېچقانداق چەكلىمى-گە ئۇچرىمايدۇ، نۇرغۇن پېرسوناژلارنى سىغدۇرالايدۇ. شۇ-ڭا، رومان ھەجمى بىرقەدەر كەڭ، پېرسوناژلىرى بىرقەدەر كۆپ، ۋەقەلىكى بىرقەدەر مول بولغان يىرىك ئېپىك ئەسەر دەپ قارىلىدۇ.

(3) رومانىنىڭ سۇژىتىمۇ بىر لىنىيە بويىچە راۋاجلانماستىن، بىر نەچچە لىنىيە چىرمىشىپ كەتكەن هالدا راۋاجلىنىپ ئاساسىي سۇژىتىغا ئورگانىك هالدا باغلىنىدۇ.

(4) رومان پېرسوناژلىرى. ئاساسىي پېرسوناژلار ۋە ئاساسىي بولمىغان پېرسوناژلار، ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن سەلبىي پېرسوناژلارغا بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا رومانلار نۇرغۇن بەدىئىي تىپلارنى يارىتىپ، تىپىك پېرسوناژلار كوللېكتىپىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

### 5. تارىخىي رومان

تارىخىي رومان تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومان بولۇپ، چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا هەم هەقىقىي تارىخىي هەم بەدىئىي ئەسەر. يەنى تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ جانلىق بىرىكمىسى، شۇڭا تارىخىي رومانلار هەممىدىن ئاۋۋال تارىخىي چىنلىقنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئاپتوردىن تارىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ تارىخ ئىچىدىن هالقىپ چىقىش ماهارىتىنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 6. بىلەرمەنلەرچە كۆرۈش بۇلۇڭى ۋە چەكلىك كۆرۈش بۇلۇڭى

هېكايىدە بىر بايانچى بولۇشى كېرەك. ئۇنى كىم، قايسى نۇقتىدىن بايان قىلىدۇ، بۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىز بايان بۇلۇڭىنى «بىلەرمەنلەرچە كۆرۈش بۇلۇڭى» ۋە «چەكلىك كۆرۈش بۇلۇڭى» دەپ ئىككىگە ئايرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەرمەنلەرچە كۆرۈش بۇلۇڭى ئەنئەنىۋى پېرسوناژچىلىقتا «بىلەرمەنلەرچە كۆرۈش بۇلۇڭى» دەپ بايان قىلىش كۆپرەك قوللىنىلىدۇ، بۇ خىل بايان‌دا بايانچى ھېكايىنىڭ يىپ ئۇچى، راۋاجى ۋە يەشىملىرىنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، پېرسوناژ ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۇلارغا خالىغانچە باھا بېرەلەيدۇ. مەسىلەن: زۆرۈر دەرسلىكتىكى «دولان ياشلىرى»، «شىراق»، «بىر ئادەمگە نۇرغۇن زېمىن لازىممۇ»، «ئاقچۇق سېپىدا»، «ئوۋچى ئەسلىمىلىرى»، «ئالا ئىت قىياسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى بىلەرمەنلەرچە كۆرۈش بۇلۇڭى ئۇسۇلىدا يېزىلغان.

چەكلىك كۆرۈش بۇلۇڭىدا يازغۇچى ئۆز مەقسىتىنى يوشۇرۇپ، بەزى تەپسىلاتلارنى قەستەن ئاشكارىلىماي، ئوقۇرمەننىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا قويىدۇ، ئەسەردىكى دۇنياغا پېرسوناژلارنىڭ كۆزىدە قاراپ، سۆزىتلارنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن: «ئوربىتا»، «ساداقەت» قاتارلىق ئەسەرلەر مۇشۇ خىل كۆرۈش بۇلۇڭىدا يېزىلغان.

### 7. يۇمىلاق پېرسوناژ ۋە چاسا پېرسوناژ

پىروزىدىكى پېرسوناژلارنىڭ مىجەزى ـ خاراكتېرى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ مۇرەككەپ، بەزىلىرىنىڭ ئاددىي بولىدۇ، كىتابتا پىروزىدىكى پېرسوناژلارنى «چاسا پېرسوناژ» ۋە «يۇمىلاق پېرسوناژ» دەپ ئىككىگە ئايرىغان، «چاسا پېرسوناژ» دېگىنى، تىپىك ياكى ھەجۋىي شەخسلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئاددىي ئىدىيە ياكى ئۆزگىچە خاراكتېرغا ئاساسەن يارىتىلىدۇ. «يۇمىلاق پېرسوناژ» لارنىڭ خاراكتېرى مۇرەككەپرەك بولۇپ، كۆپىنچە ئىككى بىسلىق، ئۆزگىرىشچان شەخسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

# يەتتىنچى باب ساياھەت ئەدەبىياتى، تەرجىمىھال ئەدەبىياتى، ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش

## ساياھەت ئەدەبىياتى توغرىسىدا

### 1. ساياھەت ئەدەبىياتى

ساياھەت ئەدەبىياتى — ئاپتور تارىختىكى مەشھۇر شەھەر - قەلئەلەر، مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغان تارىخىي ئورۇنلار، ئالاھىدە تەرەققىيات پەللىسىنى ياراتقان سانائەت رايونلىرى ۋە مەنزىرىلىك جايلارنى ساياھەت قىلىش پائالىيىتىنى ئاساسىي تېما قىلىپ، ئۆزىنىڭ باھاسى، كۆزقارىشى ۋە ھېس - تۇيغۇسىنى بىرلەشتۈرۈپ مەلۇم ئىدىيەنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەمدە تەشەببۇس قىلىدىغان، ئەدەبىي ئۇسۇلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

### 2. ساياھەت ئەدەبىياتىنىڭ يېزىلىشى

ساياھەت ئەدەبىياتىنى يېزىش ساياھەت جەريانىدىكى كۆرگەن - ئاڭلىغان مەنزىرە ھەم ئىشلارنى يېزىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتى ۋە ئىدىيەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ساياھەت ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى بىرىنچى شەخستە، چەكلىك كۆرۈش بۇلۇڭىدا يېزىلىدۇ.

ساياھەت ئەسەرلىرى كىشىلەرگە بىلىم بېرىش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناش بىلەن بىرگە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بېرىشنىڭمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر.

## ئەدەبىي تەرجىمىھال توغرىسىدا

### 1. تەرجىمىھال ئەدەبىياتى

مەلۇم تارىخىي ۋە رېئال شەخسلەرنىڭ ھاياتىدىكى تىپىك ئىش - پائالىيەتلىرىنى پاكىت ئاساسىدا جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان، بەدىئىيلىك ئارقىلىق تەرجىمىھالدا گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان ئەسەر. ئەدەبىي تەرجىمىھالدا گەرچە بەدىئىي ئۇسۇلدا يېزىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا مۇبالىغە قىلىشقا، توقۇلما قىلىشقا بولمايدۇ.

### 2. تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى

چىنلىق — تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ جېنى ھەم قېنى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ يېزىقچىلىق تەلپى

تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ يېزىقچىلىقىغا تۆۋەندىكىدەك تەلەپلەر قويۇلىدۇ:

1) مەزمۇنى چوقۇم تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن، چىن ۋە ھەقىقىي بولۇشى لازىم.

2) مەركىزىي ئىدىيە ئېنىق بولۇشى لازىم.
3) باھا بېرىش مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.
4) تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك.

**4. تەزكىرە ئەدەبىياتىدا باھا بېرىشنىڭ ئۇسۇللىرى**

ئادەتتە بېرىدىغان باھانى مۇھاكىمە ئۇسۇلى بىلەن بىۋاسىتە ئىپادىلەشكىمۇ، پېرسوناژ پائالىيىتىنىڭ بايانى جەريانىغا سىڭدۈرۈۋېتىشكىمۇ، ئەسەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا بېرىشكىمۇ، شۇنداقلا بايان جەريانىدا تارقاق ھالدا بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

## ئاخبارات ئەدەبىياتى توغرىسىدا

### 1. ئەدەبىي ئاخبارات

ئەدەبىي ئاخبارات — رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جانلىق، تەسىرلىك ھەم تېز ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، ئەدەبىيلىككە، ئاخباراتچىلىققا، دەۋرچانلىققا ئىگە بىر خىل مۇستەقىل ژانىردۇر.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەدەبىيات بىلەن ئاخباراتنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىدىن، ئاخباراتچىلىق بىلەن ئەدەبىيلىكنىڭ ۋە دەۋرچانلىقنىڭ مۇكەممەل بىرلىكى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. بۇ ژانىر بىزدە «ئوچېرك»، «دوكلات ئەدەبىياتى»، «ئاخبارات ئەدەبىياتى» دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇ خىلناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



### 2. ئەدەبىي ئاخباراتنى تەسۋىرلىنىدىغان ئوبيېكتنى ئاساس قىلىپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ

بىرىنچى خىلى — شەخسلەر (ئادەملەر) نى تەسۋىرلەشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدىغان ئەدەبىي ئاخبارات. ئۇ شەخسلەرنىڭ شانلىق ئۆمۈر تارىخىنى ياكى بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي يولىنى ياكى مەلۇم بىر شەخسنىڭ ھاياتىدىكى تىپىك بولغان كۆرۈنۈشنى يازىدۇ.

ئىككىنچى خىلى — ۋەقەنى تەسۋىرلەشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدىغان ئەدەبىي ئاخبارات، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى دائىم دېگۈدەك رېئال تۇرمۇشتىكى تىپىك ۋەقەلەرگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ.

### 3. ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى

1) چىنلىق — ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ جېنى، شۇنداقلا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساس. ئەدەبىي ئاخبارات ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى يازىدۇ. ئۇنىڭدا شەخسلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، خىزمەت ئورنى، ۋەقەلەرنىڭ ئېنىق ۋاقتى ۋە ئورنى يېزىلغان بولىدۇ. باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئەدەبىياتقا خاس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە چىنلىققا تايىنىپ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ. چىنلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

2) ئەدەبىي ئاخباراتتا مۇھاكىمە تۈسى بولغان بولىدۇ. ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ۋەزىپىسى «ئاخبارات» يېزىش بولۇپ،

ئۇ كىتابخانلارغا پاكىتنى، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ، «ئاخبارات» تىكى ئادەم ۋە ئىشلارغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيە ۋە باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەدەبىي ئاخباراتتىكى مۇھاكىمىلەر پەلسەپىۋى خاراكتېرلىك، سىياسىي ئوبزور خاراكتېرلىك ياكى لىرىكا خاراكتېرلىك بولىدۇ.

## 4. ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن ئەدەبىي خەۋەرنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى

ئوخشاشلىقى — ئەدەبىي ئاخباراتمۇ، ئەدەبىي خەۋەرمۇ ئوخشاشلا كۈچلۈك خەۋەرلىك خۇسۇسىيەتكە ۋە ئەدەبىيلىككە ئىگە ھەمدە ھەر ئىككىلىسىدە چىنلىق ئاساس قىلىنىدۇ.

پەرقى — ئەدەبىي خەۋەر باياننى ئاساس قىلىپ پېرسوناژلارنىڭ ئالىيجاناب ئىدىيەسىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالاھىدە بايان قىلىدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئاخباراتتا تەسۋىر باياندىن كۆپ بولۇپ، تۈرلۈك تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ چىن ئوبرازى ئىپادىلىنىدۇ ۋە خاراكتېر يارىتىلىدۇ. بەزىدە بايان پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەدەبىي خەۋەر ئادەتتە ھېكايە تۈسىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ نىسبەتەن ئاددىي بولىدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئاخبارات ھېكايە تۈسى بولۇشى، روشەن بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە، تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا باش - ئاخىر بولۇشنى، كىتابخانلارنى قىزىقتۇرالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**5. بەزىلەر «ئەدەبىي ئاخبارات پاكىتقا ئۇيغۇن بولۇش شەرتى ئاستىدا توقۇلما قىلسا بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. سىلەرنىڭ قارىشىڭلار قانداق؟ ئاساسىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار**

ئەدەبىي ئاخبارات بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. «بەدىئىيلىكتە تەسەۋۋۇر بولماي مۇمكىن ئەمەس» (گوركىي). لېكىن، بۇ خىل تەسەۋۋۇر ھەرگىزمۇ پاكىتقا ئۇيغۇن بولۇش شەرتى ئاستىدا توقۇلما قىلسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەدەبىي ئاخباراتتا ئاپتور پەقەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى روشەن، ئېنىق، جانلىق، ھەقىقىي، ئوبرازلىق ھالدا قايتا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

**6. ئەدەبىي ئاخبارات يېزىشتا قانداق قىلىش كېرەك؟**

1) قويۇق دەۋر روھىغا ئىگە تېمىنى تاللاش كېرەك.

2) تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە شەخسلەرنى زور كۈچ بىلەن تەسۋىرلەش لازىم.

3) كۆپ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كىرىشتۈرۈپ قوللىنىش كېرەك.

# سەككىزىنچى باب قوللىنىش تىپىدىكى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالە، ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىش

## پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر

### 1. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرى

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىدە ئاممىباب، چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق تەبىئىي پەننىڭ مەلۇم بىر ساھەسىدىكى بىلىملەر تونۇشتۇرۇلۇپ، مۇئەييەن بىر خىل ئىلمىي ئۇقۇم ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بايان قىلىنىدۇ؛ پەننىي بىلىملەر، ئىلمىي روھ تەشەببۇس قىلىنىپ، ئاممىنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان قىزىقىشى قوزغىتىلىدۇ؛ شۇ ئارقىلىق پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

### 2. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ رولى

(1) پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەقىلنى ئۇرغۇتۇپ، تەسەۋۋۇرنى قاناتلاندۇرغىلى بولۇپلا قالماي، ئۇ ئارقىلىق يەنە ئىلىم ـ پەن دېڭىزىدا ئەر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىن ئۇزۇش پۈرسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. مۇنەۋۋەر پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرى بىزگە پەننىي بىلىملەرنى بىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ ئىلىم ـ پەننى قىزغىن سۆيۈش روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ناتونۇش دۇنيا ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىش ھەۋىسىمىزنى يېتىلدۈرىدۇ.

(2) ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئىلىم ـ پەن ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا بارغانسېرى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتمەكتە، پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشمۇ بارغانچە مۇھىم بولۇۋاتىدۇ، تەبىئىي پەنگە ئائىت ئاممىباب ماقالىلەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىدىكى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر خىل شەكىل بولۇپ، پەننىي بىلىملەر، ئىلمىي روھ تەشەببۇس قىلىنىپ، ئاممىنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىتىدۇ، شۇ ئارقىلىق پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

## مۇھاكىمە ماقالىسى توغرىسىدا

### 1. قانداق ماقالە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە دەپ ئاتىلىدۇ؟

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر — مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ۋە قائىدە ـ داۋلى سۆزلەشنى ئاساس قىلىپ، ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق رېئاللىق بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرى، ماھىيىتى ياكى قانۇنىيىتى شەرھلەنگەن، ئاپتورنىڭ مۇئەييەن كۆزقاراش ۋە تەشەببۇسلىرى ئىسپاتلانغان ماقالىلەر مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر قايسى ئۈچ ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئاساسەن لوگىكىلىق ئەقلىي يەكۈن ئارقىلىق ئۆز كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ياكى خاتا كۆز قارىشنى رەت قىلىش يولى بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇھاكىمە ماقالىسى ئادەتتە نۇقتىئىنەزەر، دەلىل (ئاساس) ۋە ئىسپاتلاش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇقتىئىنەزەر، دەلىل ۋە ئىسپاتلاش مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىنىڭ ئۈچ ئامىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 3. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قانچە ئالاھىدىلىكى بار؟

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ئۆزىگە خاس تۆۋەندىكىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە بىر ياكى بىرنەچچە پېرسوناژنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى، بىر ياكى بىرقانچە ۋەقە تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق كىتابخانلار ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ ۋە تەسىرلەندۈرۈلىدۇ. لېكىن، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ۋە قائىدە ـ داۋلى سۆزلەشنى ئاساس قىلىپ، مۇئەييەن قاراش ۋە تەشەببۇسنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا ئومۇملاشتۇرۇلغان نەزەرىيە ئارقىلىق توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

(2) مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر نۇقتىئىنەزەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


دەلىل ۋە ئىسپاتلاش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلغا ئىگە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇقۇم ئارقىلىق ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىلىدۇ.

(3) مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەر تىل جەھەتتىن ئوخشاشلا توغرا، روشەن، جانلىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئۇقۇم توغرا، روشەن، جانلىق بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ئۇقۇم توغرا، ھۆكۈم مۇۋاپىق، ئەقلىي خۇلاسە لوگىكىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

(4) مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە باشقا ماقالىلەرگە ئوخشاش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەقە ياكى ئادەم، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىت ياكى دەلىللەر چۈشەندۈرۈلگەن، شەيئى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بولۇشى لازىم. ھەتتا ۋاقىت، ئورۇن، سانلىق مەلۇماتلاردىن تارتىپ، ئەڭ كىچىك تەپسىلاتلارغا قەدەر ھەقىقىي بولۇشى كېرەككى، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش بەدىئىي توقۇلما قىلىشقا، مۇبالىغە قىلىشقا، تەسەۋۋۇرغا تايىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

(5) مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە چۈشەندۈرۈش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

### 4. مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە مۇبالىغە قىلىشقا بولامدۇ ـ يوق؟ نېمە ئۈچۈن؟

مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە مۇبالىغە قىلىشقا، بەدىئىي توقۇلما قىلىشقا، تەسەۋۋۇرغا تايىنىشقا بولمايدۇ.

چۈنكى، مۇھاكىمە ماقالىسى بەدىئىي ئەسەر ئەمەس. ئۇنىڭ-دىكى ئەڭ كىچىك تەپسىلات، ۋاقىت، ئورۇن، سانلىق مەلۇ-ماتلارغىچە ھەقىقىي بولۇش كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا، ما-قالىدە ئازراقلا ساختا ياكى رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان ئامىل بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ماقالىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئىشەنچلىك بولمايدۇ. ساختىلىقى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. كىتابخانىلار قايىل بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا مۇبالىغىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

**5. نۇقتىئىنەزەر دېگەن نېمە؟ ئۇنى ئىسپاتلاش جەريانىدا نېمە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ؟**

نۇقتىئىنەزەر دېگىنىمىز، ئاپتورنىڭ مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلىگە بولغان كۆزقارىشى ۋە تەشەببۇسى بولۇپ، ئۇ مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. ماقالىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئاپتورنىڭ مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلىنى ئىسپاتلايدىغان كۆزقارىشى ۋە تەشەببۇسى بولۇپ، مۇھاكىمە ماقالىسىنىڭ يادرولۇق تەركىبى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىسپاتلاش جەريانىدا نۇقتىئىنەزەر يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

**6. نۇقتىئىنەزەر قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

نۇقتىئىنەزەر باش نۇقتىئىنەزەر (مەركىزىي نۇقتىئىنەزەر) ۋە تارماق نۇقتىئىنەزەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**7. ئاساس دېگەن نېمە؟**

ئاساس دېگىنىمىز، مۇھاكىمە جەريانىدا نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پاكىت ۋە قائىدىلەر ئاساس دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقانداق بىر نۇقتىئىنەزەرنى ئوت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تورىغا قويۇشتا ۋە ئىسپاتلاشتا مەلۇم بىر ئاساس بولۇش لازىم، يەنى تولۇق پاكىت ۋە ھەقىقىي، ئەمەلىي مىسال ئار-قىلىق مۇكەممەل ئاساس تۇرغۇزۇلۇپ نۇقتىئىنەزەر ئىس-پاتلىنىدۇ.

### 8. ئىسپاتلاش دېگەن نېمە؟

نۇقتىئىنەزەرنى ئاساسلار ئارقىلىق ئىسپاتلاش جەريانى ۋە ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئاساس ئوتتۇ-رىسىدىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ تۈگۈنىدۇر. ئەگەر نۇقتىئىنەزەر «نېمىنى ئىسپاتلاش كېرەك» دېگەن مەسىلە-نى ھەل قىلسا، ئاساس «نېمە ئارقىلىق ئىسپاتلاش» مەسە-لىسىنى ھەل قىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئىسپاتلاش «قانداق ئىس-پاتلاش كېرەك» دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ.

## چۈشەندۈرۈش ماقالىسى توغرىسىدا

### 1. چۈشەندۈرۈش دېگەن نېمە؟

چۈشەندۈرۈش — بايان، تەسۋىرگە ئوخشاشلا ماقالىدە ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. ئەمما، چۈشەن-دۈرۈش بايان، تەسۋىر ۋە مۇھاكىمىدىن پەرقلىنىدۇ. باياندا شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگى-رىشى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. تەسۋىردە پېرسوناژ ياكى شەيئىلەرنىڭ ھالىتى سۈرەتلەنگەن بولىدۇ. چۈشەندۈ-رۈشتە بولسا، چۈشەندۈرۈش ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلىنىدۇ. شەيئىلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئىزاھلاش مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان بولىدۇ.

**2. ئادەتتە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدىغان چۈشەندۈرۈش تەرتىپى قايسىلار؟**

ئادەتتە چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدىغان چۈشەندۈرۈش تەرتىپى:

ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش، ماكان تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرۈش، شەيئىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

**3. چۈشەندۈرۈش ئۇسۇللىرىنىڭ تۈرلىرى**

ئېنىقلىما بېرىش ئۇسۇلى، سانلىق مەلۇمات كەلتۈرۈش ئۇسۇلى، تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئوخشىتىش ئۇسۇلى، مىسال كەلتۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىق تۈرلىرى بار.

## ئەدەبىي ئوبزور توغرىسىدا

**1. ئەدەبىي ئوبزورنى نېمە ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى دەيمىز؟ ئۇ قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

ئەدەبىيات ئىلمى — ئۆزىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدى (ئەدەبىي ئوبزور) قاتارلىق ئۈچ تەركىبىي قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

ئەدەبىي ئوبزورچىلىق بىر خىل ئىجادىي پائالىيەت. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بەدىئىي ئەسەرلەرنى تارىخىي ۋە ئىستېتىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەكشۈرۈش ۋە باھالاشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئوبزور (ئەدەبىي تەنقىد) ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەرنى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەھلىل قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش، شەرھلەش، باھالاش يۈزىسىدىن يېزىلغان ئەدەبىي تەقرىزلەرنى، ئىلمىي ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەدەبىي ئوبزور (ئەدەبىي تەنقىد) ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەرنى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەھلىل قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش، شەرھلەش، باھالاش يۈزىسىدىن يېزىلغان ئەدەبىي تەقرىزلەرنى، ئىلمىي ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. ئەدەبىي ئوبزورنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

ئەدەبىي ئوبزور، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئىجادىيەت قائىدىلىرى ئارقىلىق بەدىئىي ئەسەر ھەم ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈلىدىغان ئىلمىي تەھلىل ۋە پەلسەپىۋى مۇھاكىمە بولۇپ، ئۇ مەنتىقىلىق تەپەككۇر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق پائالىيىتىدە پاكىت، ئىلمىيلىك ئاساس قىلىنىدۇ. توقۇلمىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئېسىل ئەدەبىي ئوبزور ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ.

ئەدەبىي ئوبزورنىڭ تەييار قېلىپى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ھەجمى، ئۇسلۇبى كۆپ خىللىقنى، رەڭدارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر پارچە ئەدەبىي ئوبزوردا مەلۇم بە-

دىئىي ئەسەرگە ئومۇمىيۇزلۇك باھا بېرىشكىمۇ، بۇ بەدىئىي ئەسەرنىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى، سۇژىتى ياكى ئۇنىڭدا سۇرەتـ لەنگەن پېرسوناژلار ئوبرازى ئۈستىدىلا ئايرىم تەھلىل يۈرگۈزۈشكىمۇ، ئەدەبىياتىمىزدىكى مەلۇم ژانىرنىڭ تەرەقـ قىياتى ئۈستىدە كەڭ توختىلىشقىمۇ، مەلۇم ئەدىبنىڭ جاـ پالىق ئىجادىيەت مۇساپىسىنى يورۇتۇپ بېرىشكىمۇ، بىرەر ئەدەبىيات ھادىسىسى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ. قىسقىسى، ئوبزورچىلىقنىڭ يولى ناھاـ يىتى كەڭ.

ئەدەبىي ئوبزورنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئوبزورچى مۇھاكىمە ۋاسىتىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىـ لىنىپ بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىستېتىك قىممىتىنى، ئەدىب يەتكەن بەدىئىي پەللىنى ۋە ئۇ ياراتقان بەدىئىي ئۇسلۇبنى روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنداق ئوبزورلار ئاپتورلارغىمۇ، كىتابخانلارغىمۇ زور بىلىم، تەربىيە ۋە ئىلھام بېرەلەيدۇ.

**3. ئەدەبىي ئوبزور قايسى ئىككى خىل ئۆلچەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

ئەدەبىي ئوبزور ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆلچەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**4. ئەدەبىي ئوبزور يازغاندا نېمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؟**

ئەدەبىي ئوبزور يازغاندا تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېـ رىش كېرەك:

ئەدەبىي ئوبزور ماۋزۇسىنىڭ يېڭى، قىزىقارلىق، چوڭـ قۇر مەنىلىك، ئوبرازلىق، مېغىزلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېرىش لازىم.

ئەدەبىي ئوبزوردا تاللانغان ئوبيېكتىپ توغرا، ئەھمىيەت-لىك، مۇھىم نۇقتا ئېنىق، گەۋدىلىك، بايان، مۇھاكىمىلەر تەرتىپلىك، قايىل قىلارلىق؛ نەزەرىيەۋى ئاساسلار كۈچ-لۈك، باھالار ئىلمىي، مۇۋاپىق، دەل بولغاندىلا كىتابخانلار-نىمۇ رازى قىلغىلى بولىدۇ. ئىجادىيەتچىلەرگىمۇ ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ.

ئوبزور يازغاندا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىر-ىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتورلارنى بىھۇدە كۆككە كۆتۈ-رۈۋېتىشتىنمۇ، ئورۇنسىز ئەيىبلەشتىنمۇ ساقلىنىپ، بە-دىئىي ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن نۇقسانلىرىنى ئا-دىللىق بىلەن باھالاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىي ئوبزور — ئوبزورچىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەم-گىكىنىڭ مەھسۇلى. ئەدەبىي ئوبزورنىڭ سۈپىتى ئوبزور-چىنىڭ ساپاسىغا باغلىق. ماھارەت بىلەن ئەخلاق — ئوب-زورچىنىڭ ئىككى قانىتى، بۇ قاناتنىڭ بىرى كەم ياكى ئا-جىز بولسا، ئوبزورچى ئۆزىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالمايدۇ. شۇڭا، ئوبزورچىلىق ساھەسىدە ماھارەت بى-لەن ئەخلاقنىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىشقا توغرا كې-لىدۇ. بۇ ئوبزورچىلىقنى تېز ھەم ساغلام راۋاجلاندۇرۇش-نىڭ ئېھتىياجى.

## ئۇنۇق توغرىسىدا

**1. ئۇنۇق سەنئىتى دەپ نېمىگە ئېيتىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم؟ نۇ-**

**نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىشىلىش قانداق رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە؟**

نۇتۇق بىر خىل پەن، شۇنداقلا بىر خىل سەنئەت. نۇتۇق — تىل بىلەن ئىپادىلەش سەنئىتى، يەنى نۇتۇق سۆزلىگۈچى مەلۇم ساندىكى ئاممىغا يۈزلىنىپ، ئاۋازلىق تىلنى ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىدىغان ھەمدە قول ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالەت، چىراي - تۇرۇق ھالىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى، نۇقتىئىنەزىرى، تەشەببۇسى ۋە كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەت.

نۇتۇق تېكىستى — بىرقەدەر تەنتەنىلىك يىغىلىشلاردا ۋە مەلۇم جامائەت سورۇنلىرىدا ئېلان قىلىنىدىغان سۆزنىڭ قول يازمىسى بولۇپ، مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نۇتۇق — ئىنسانلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بايان قىلىش، ئۇچۇر تارقىتىش... قاتارلىقلاردا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ۋاستىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ سەنئەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل سەنئەت بولغاچقا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا جۈملىدىن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىدە ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ياشلار - ئۆسمۈرلەر نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆگىنىشىلىش لازىم، دەيمىز.

**2. نۇتۇق قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

نۇتۇق تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) نۇتۇق كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە. نۇتۇق سۆزلەش — ئومۇمىي ۋە ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پائالىيەت، نۇتۇق سۆزلەش جەريانى نۇتۇق سۆزلىگۈچى بىلەن ئاممىا ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر، ھېسسىيات، بىلىم، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش جەريانىدۇر.

(2) نۇتۇق ئېنىق ھېسسىياتچانلىققا ئىگە. ھەرقانداق نۇتۇق سۆزلەش ھامان ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. نۇتۇق مەقسىتى ئېنىق بولمايدىكەن، ئۇنداقتا نۇتۇقنىڭ ئەھمىيىتىمۇ بولمايدۇ.

(3) نۇتۇق كۈچلۈك سەپەرۋەر قىلىش رولىغا ئىگە. نۇتۇق سۆزلىگەندە، ئاممىغا مەلۇم بىر تەشەببۇس ياكى نۇقتىئىنەزەرنى قوبۇل قىلدۇرۇش، ئاممىنى مەلۇم بىر يېڭى بىلىم ياكى ئۇچۇرغا ئىگە قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاممىنى تەسىرلەندۈرۈشكە، ئىلھاملاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن نۇتۇقنىڭ تىلى كۈچلۈك بولۇشى، ئوبرازلىق ۋە جانلىق بولۇشى، مەزمۇنى تەشۋىقات ـ تەرغىبات ۋە سەپەرۋەر قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

## 3. نۇتۇقنى ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قايسى خىل تەييارلىقلارنى ئىشلەش كېرەك؟

نۇتۇقنى ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر خىل تەييارلىقلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاۋۋال نۇتۇق سۆزىنى ياخشى يېزىش كېرەك. نۇتۇق سۆزلىگەندە، ۋاقىتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن نۇتۇق سۆزىنى ئاۋۋال پىششىق ئوقۇۋېلىپ، يادلىۋالغاندەك ھالغا كېلىش كېرەك. ئاندىن نۇتۇق سۆزلەش شەكلى ئۈستىدە لايىھە تۈزۈپ، ھېسسىيات ئاھاڭىنى بېكىتىش، ئوخشاش بولمىغان بۆلەك ياكى سۆز ـ

جۈملىلەرنى ئوقۇغان ياكى سۆزلىگەن چاغدىكى سۈرئەت، تەلەپپۇز، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئۇرغۇسى، رىتىمى ۋە تىنىش (توختاش) ئۈستىدە ئويلىنىۋېلىش، ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە كۆزگە سىغىدىغان قول ئىشارىتى، قول، كۆز ئىشارىتى قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە ئويلىنىۋېلىش، زۆرۈر تېپىلسا سىناپ سۆزلەپ بېقىش كېرەك. نۇتۇقنى ئەڭ ياخشىسى ئارگىنالغا قاراپ ئوقۇماي، سۆزلىگەندىلا ئۇنىڭ جەلپ قىلىش ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**4. نۇتۇق سۆزلىنىدىغان مەيدان ۋە سورۇنغا قاراپ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

نۇتۇق سۆزلىنىدىغان مەيدان ۋە سورۇننى ئۆلچەم قىلىپ بېكىتىلىشتا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، چوڭ مەيداندا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، كوچىدا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، دەرسخانىدا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، سوت مەھكىمىلىرىدە سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، رادىيو ـ تېلېۋىزوردا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنسە؛ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ سىياسىي خاراكتېرلىك نۇتۇق، قائىدە ـ يوسۇن ياكى مۇراسىم خاراكتېرلىك نۇتۇق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# توققۇزىنچى باب ئىزدىنىشلىك ئۆگىنىش بىلىملىرىنى جۇغلاش ۋە بىرىكتۈرۈش

## فامىلە ۋە فامىلىنىڭ كېلىپچىقىشى

### 1. فامىلە دېگەن نېمە؟

فامىلە ــ ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بىر پۈتۈن جەمەت سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى ياكى نەسەب بەلگىسى بولىدۇ، ئۇ «جەمەت ئىسمى» ياكى «ئائىلە ئىسمى» دۇر.

### 2. فامىلە ئىسىمدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنمۇ ياكى كېيىنمۇ؟

فامىلە ئىسىمدىن كېيىنلا بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، نەچچە ئونمىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئانىلىق ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

### 3. فامىلە قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟

فامىلە ــ ئىسىم، لەقەم، تەخەللۇس ۋە ھۆرمەت ـ ئاتاق نامىلىرىغا قارىغاندا ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىدىن تېخىمۇ كەڭ بېشارەت بېرىدىغان ئومۇمىي نام بولۇپ، ئۇ شەخسلەرنى، ئۇلارنىڭ دەرىجە ـ تەبىقىلىرىنى، ئىلمىي سەۋىيەلىرىنى ئىپادىلەش، ئائىلە جەمەتلەرنى

باشقا ئائىلە ـ جەمەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش، كېيىنكىلەرگە مىراس قىلىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. دۇنيادا فامىلىنىڭ كېلىپچىقىشى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فامىلە قوللىنىشقا باشلىغان ۋاقتىمۇ ئوخشاش ئەمەس.

**4. ئۇيغۇرلاردا فامىلە قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغان؟ ئىلگىرى قانداق سۆزلەرنى فامىلە ئورنىدا قوللانغانىدى؟**

ئۇيغۇرلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا فامىلە قوللىنىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ «ئوغۇزنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «قارلۇق»، «قىپچاق» قاتارلىق قەبىلە ناملىرىمۇ، ھۇنلارنىڭ «تەڭرىقۇت»، تۈركلەر ئىشلەتكەن «ئاشىنا»، «تېگىن» دېگەندەك دەرىجە ـ ئۇنۋان ناملىرىمۇ كېيىنچە فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

**5. ئۇيغۇرلاردا كىمنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا ئادەتلەنگەن؟**

ھازىر ئۇيغۇرلاردا ئاساسەن دادىسىنىڭ ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىدىغان، ئاياللار بولسا ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىدىغان شەكىللىرى بار.

**6. ئۇيغۇرلار فامىلىنىڭ ئورنىغا يەنە قايسى ئىسمنى قوللىنىپ بىر جەمەت سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەن؟**

ئۇيغۇرلاردا فامىلىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان يەنە بىر نام بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ــ لەقەمدۇر. بەزىدە لەقەممۇ فامىلىنىڭ رولىنى ئۆتەپ كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇرلاردا لەقەم بەكرەك ئومۇملاشقان بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا فامىلىنىڭ رولىنى ئۆتەپ جەمەت سۈرۈشتە قىلىشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

## ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ بايرام ئادەتلىرى

**1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن قايسىلارنى بىلىسىز؟**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ئالاھىدە مۇقىملاشقان ھېيت ـ بايرام ئادەتلىرى بار ۋە مۇراسىملىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مۇھىملىرى — نورۇز بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، مايسا بايرىمى، قارتالىق ئويۇنى، ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى، قىيىن مەشرىپى، كۆك مەشرىپى، ئۇرۇق سېلىش مۇراسىمى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**2. ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرى نېمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟**

ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرىنىڭ بەزىلىرى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بەزىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**3. ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى، مايسا بايرىمى، كۆك مەشرىپى، ئۇرۇق سېلىش مۇراسىمى قايسى پائالىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى — دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ مول ھوسۇلغا بولغان ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى تەبىئەتكە باغلاپ ئۇنىڭغا سېغىنغان،

تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، سىغىنىش ئاساسىدا پەسىل ـ مەۋ ـ سۇملارنى خاتىرىلەيدىغان خىلمۇخىل بايرام، مۇراسىملارنى ئىجاد قىلغان. نوروز بايرىمى، مايسا بايرىمى، كۆك مەشرى ـ پى، ئۇرۇق سېلىش مۇراسىمى قاتارلىقلار شۇنىڭ جۇملى ـ سىدىن.

**4. ئۇيغۇرلار ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان ھېيت ـ بايراملارنىڭ قايسىلىرى ئۇيغۇر مىللىتىگىلا خاس بايرام، قايسىسى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئورتاق بول ـ غان بايرام؟**

مايسا بايرىمى، قارلىق ئويۇنى، ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى، قېيىن مەشرىپى، كۆك مەشرىپى، ئۇرۇق سېلىش مۇراسى ـ مى قاتارلىقلار ئۇيغۇر مىللىتىگىلا خاس بايراملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئورتاق بولغان بايرام روزا ھېيت، قۇربان ھېيت.

نوروز بايرىمى بارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە خاس بايرام ـ دۇر.

**5. ئۆرپ ـ ئادەت قانداق پىسخىك ئامىل، قانداق مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؟**

ئۆرپ ـ ئادەت ئېتىقادنى يادرو قىلغان بىر خىل پىسى ـ خىك ئامىل. ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋ ـ جۇت بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇيغۇر ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى

**1. يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى، ئاساسى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نېمە؟

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كۆپ خىل ژانىر تۈرى، مول ئىدىيەۋى مەزمۇن، تەسەۋۋۇرغا باي بەدىئىيلىكى بىلەن ئېسىل تىل سەنئىتى خەزىنىسى بولۇپلا قالماستىن، يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ سۈت ئانىسىدۇر.

**2. ئەپسانە - رىۋايەتلەر قانداق پەيدا بولغان؟**

ئەجدادلىرىمىز ئۇزۇن يىللىق مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ھاياتقا، تەبىئەتكە بولغان تونۇشىنى، تۇيغۇلىرىنى ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن. ئەپسانە - رىۋايەتلەر شۇلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

ئەپسانە — ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە قارىتا پەيدا بولغان بېقىنىش، سېغىنىش تۇيغۇسى ئارقىسىدا يارىتىلغان، ئەقىلگە سىغمايدىغان ھەر خىل ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر، شەخسلەر بايان قىلىنىدىغان ھېكايىلەردۇر.

**3. ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ قايسىسى بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ چىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى؟**

ئەپسانە رىۋايەتتىن بۇرۇنراق پەيدا بولغان بولۇپ، رىۋايەتنىڭ چىنلىق قىممىتى ئەپسانىنىڭكىگە قارىغاندا كۆچلۈكرەك بولىدۇ.

**4. ئەجدادلىرىمىز نېمە ئۈچۈن ئۆز ئەپسانىلىرىدە ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋەقەلىكلەرنى ئەقىلگە سىغدۇرۇپ ئىپادىلىگەن؟ تارىخىي شارائىتقا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ**

ئەپسانىلەر ئىپتىدائىي پىسخىكا ۋە دۇنيا قاراشنىڭ ئۇ-

نىۋېرسال ئىپادىلىنىشى ۋە تەبىئىي ئاشكارىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر گەرچە خىيال ئارقىلىق توقۇپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسسىز خىيال ئەمەس، قەدىمكى ئىنسانلار خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى توقۇپ چىققانمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىدىكى ئالەم كارتىنىسى، ئالەم كارتىنىسى ھەققىدىكى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ھەقىقىي بايانىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇنىڭدا ئىلىم ـ پەن كەشپىياتىغا ئالاقىدار نۇرغۇن ئىزلارنى ئاجراتقىلى بولىدۇ.

ئەپسانە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ پىسخىك تەسىراتى ۋە كۆڭۈل ئارزۇسىغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن، ئەپسانىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك قۇدرىتى ئۇنىڭدىكى سەممىيلىك، سەبىيلىك ۋە چىنلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

## 5. رىۋايەت دېگەن نېمە؟

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇئەييەن تارىخىي پېرسوناژ، تارىخىي ۋەقە ياكى يەرلىك تۇسكە ئىگە ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك نەسرىي ئەسەرلەر، مەخسۇس ئىسمى ـ جىسمى بولغان تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ۋەقەلىك، تاغ ـ دەريالار، مەنزىرىلىك جايلار، خاتىرىلەر ۋە ھەرخىل جانىۋارلارنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ماددىي پاكىت ۋە مۇئەييەن ئاساسلار بىلەن چۈشەندۈرەلەيدىغان ۋەقەلىككە ئىگە ھېكايىلەر رىۋايەت دېيىلىدۇ.

## 6. رىۋايەتلەر قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

يەرلىك ئالاھىدىلىك، ئىشەنچلىك بولۇش ۋە يېپىشقاق ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. رىۋايەتنىڭ تارىخىيلىقى قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تارىخنىڭ ئەينەن خاتىرىسى ئەمەس، رىۋايەتلەر پەقەت تارىخىي پېرسوناژ ۋە تارىخىي ۋەقەلىك بىلەنلا چەكلىنىدۇ، باشقا ئىشلارنى توقۇلما قىلىدۇ.

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى

### 1. دىيالېكت دېگەن نېمە؟ بۇ سۆز قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟

دىيالېكت ــ تاۋۇش ۋە سۆزلۈك جەھەتتىن ئورتاق ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان رايون خاراكتېرلىك يەرلىك تىلدۇر. ئۇ قەدىمكى گىرېكلارنىڭ تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، «بىر مەھەللىلىكلەرنىڭ گېپى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دىيالېكت ئومۇمىي خەلق تىلىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ئومۇمىي خەلق تىلىنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى.

### 2. دىيالېكت قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟

دىيالېكت مەلۇم جەمئىيەتنىڭ مەلۇم رايونىدىكى كىشىلەر ئورتاق قوللىنىدىغان، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە يەرلىك تىل.

ئۇ ئورتاق تىلغا ياكى باشقا دىيالېكتلارغا ئوخشىمايدىغان ۋارىيانت ۋە سۆزلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، ئورتاق تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى ۋە گىراماتىكىلىق سىستېمىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ شۇ دىيالېكت رايونىدا ئومۇمىيلىققا ئىگە.

**3. دىيالېكت قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

(1) ئۇ بىر تىلدا سۆزلەشكۈچى بىر مىللەتنىڭ مەلۇم گورۇھ دائىرىسى ئىچىدە ئومۇمىي خەلقلىق خاراكتېرىگە ئىگە.

(2) ئۇ ئۆزىگە خاس تىل تاۋۇشلىرى، ئۆزىگە خاس لۇغەت تەركىبى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش سىستېمىسىغا ئىگە.

(3) بىر خىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، مۇئەييەن تارىخىي شارائىت ۋە جەريان ئىچىدە شەكىللىنىدۇ. مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا ئاجىزلاپ ئومۇمىي خەلق تىلىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

**4. دىيالېكتلار ئارا پەرق تىلنىڭ قايسى تەركىبىي قىسىملىرىدا كۆرۈلىدۇ؟**

ئادەتتە دىيالېكتلار ئارا پەرق ئالدى بىلەن فونېتىكا جەھەتتە، ئاندىن لېكسىكا جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. ئۇ بىر خىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ ئومۇمىي خەلق تىلىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. دىيالېكت ئارا گىراماتىكىلىق جەھەتتىكى پەرق ئاساسەن ئاز كۆرۈلىدىغان ھادىسە.

**5. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى دىيالېكتلار قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

مەركىزىي دىيالېكت، خوتەن دىيالېكتى، لوپنور دىيالېكتى دەپ ئۈچ رايونغا بۆلۈنىدۇ.

**6. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ئىچىدە مەركىزىي دىيالېكت قايسى؟**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەركىزىي دىيالېكت يېتەكچى دىيالېكت بولۇپ، مىللىي ئورتاق تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل بولىدىغان دىيالېكتنى كۆرسىتىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا مەركىزىي دىيالېكت ئۇرۇمچى دىيالېكتىنى ئاساس قىلىدۇ.

**7. ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرقايسى دىيالېكتلار ھەق - قىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

(1) مەركىزىي دىيالېكت — يېتەكچى ھەم مىللىي ئور - تاق تىلنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل بولىدۇ. ئۇ شەرقتە قو - مۇلدىن غەربتە ئىلىغىچە، شىمالدا ئۇرۇمچىدىن، جەنۇبتا يەكەنگىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇرۇمچى، تارانچى (ئىلى)، تۇرپان، قومۇل، قەشقەر، ئاتۇش، تارىم (جۇملىدىن موغال شېۋىسى ۋە كۇچا شېۋىسى) قاتارلىق يەتتە شېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) خوتەن دىيالېكتى — شەرقتە كورلىنىڭ چاقىلىق ناھىيەسىدىن غەربتە خوتەننىڭ گۇمىغىچە بولغان توققۇز ناھىيە، بەش شېۋە (كېرىيە، لوپ، گۇما، ئېلىچى، قارىقاش شېۋىسى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) لوپنور دىيالېكتى — ئەدەبىي تىلدىن ئۆزگىچىلىكى بىرقەدەر چوڭراق بولغان دىيالېكت. بۇنىڭغا پەقەت كورلى - نىڭ لوپنور رايونىلا كىرىدۇ.

مىللىي ئورتاق تىل لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتلەر - دىن يېتەكچى دىيالېكتنى مەنبە قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئۇرۇمچى شېۋىسىنى ئاساس قىلىدۇ

**8. ھەرقايسى دىيالېكتلار ئىچىدە سوزۇق تا - ۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان**

دىيالېكت قايسى؟

لوپنور دىيالېكتى.

**9. ئورتاق تىل ۋە دىيالېكتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟**

(1) ئەدەبىي تىل ھەرقايسى دىيالېكتلارنى ئۆزىگە بىقىندۇرىدۇ. ئەدەبىي تىل بىر مىللەت تىلىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھەرقايسى دىيالېكتلارنى ئۆزىگە بىقىندۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ، ھەرقايسى دىيالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

(2) دىيالېكت ــ مىللىي تىلنىڭ تۆۋەن شەكلى، ئورتاق ئەدەبىي تىل بولسا ئۇنىڭ ئالىي شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئورتاق تىل بولمىسا دىيالېكتمۇ بولمايدۇ. دىيالېكت بولمىسا ئورتاق تىلمۇ بولمايدۇ. دىيالېكت ئورتاق تىلغا بېقىنىدۇ. دىيالېكتنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا سىستېمىسى بولىدۇ. ئورتاق تىل ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەلۇم بىر دىيالېكت ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

## يەر - جاي نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى

**يەر - جاي نامىلىرى قانداق ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن؟**

يەر - جاي نامىلىرى مەلۇم بىر رايونغا بەلگە سۈپىتىدە قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، شۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ شۇ رايوننىڭ تارىخىي، سىياسىي، ئىقتىسا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىي، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىشلىق قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ھەربىر يەر نامىغا تەۋە بولغان ئادەم بىلەن يەر نامىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىگە خاس ئورگانىك مۇناسىۋەت بار. گەرچە ئادەم يەر نامىنى ياراتسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزى ياراتقان يەر نامىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېڭىلىنىشى، ئۆزگىرىشى، كۆچۈشى، تەرەققىي قىلىشى، قېلىپلىشىشى، تەرجىمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ھامان يەر نامىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا، يەر نامىلىرىنىڭ ئاتىلىشى، كېلىپچىقىشى قاتارلىق ئالاقىدار مەزمۇنلارنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ.

يەر ـ جاي نامىلىرى تىل، تارىخ، ئېتنولوگىيە، ئېتنوگرافىيەگە بىرىپ تۇتىشىدىغان مۇرەككەپ ئىلمىي خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. شۇ يەر ـ جاي نامىلىرىنى ئىگىلەشتە كەڭ دائىرىلىك ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە بولۇش كېرەك.

## توتېم

### 1. «توتېم» دېگەن سۆز قايسى تىلدىن كەلگەن، مەنىسى نېمە؟

توتېم ـــ ئەسلىي شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارنىڭ ئوجىباۋ (ئۇرۇق، ئەجداد) دېگەن سۆزىدىن كەلگەن. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تۆز، ئۇران» دېيىلەتتى.

## لوگىكا بىلىملىرى توغرىسىدا

### 1. تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى قايسىلار؟

تەپەككۇر شەكىللىرى ئۇقۇم، هۆكۈم، خۇلاسە (ئەقلىي خۇلاسە).

## 2. ئۇقۇم ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

ئۇقۇم — شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەپەككۇر شەكلىدىن (شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن) ئىبارەت.

مەسىلەن: ئورۇندۇقنى كۆرۈپلا كاللىمىزدا: «كۆپىنچە ياغاچتىن ياسىلىدىغان، تۆت پۇتى بار، ئادەم ئولتۇرىدىغانغا مەخسۇس ياسالغان، ئۇستەل (جوزا) دىن كىچىكرەك تۈر ـ مۈش بۇيۇمى...» دېگەندەك ئاڭ شەكىللەنگەن بولسا بۇ دەل ئۇقۇم بولىدۇ. «تاۋار» دېسەك، «ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىلى ـ دىغان ئەمگەك مەھسۇلاتى» دېگەن ئاڭ شەكىللەنسە بۇمۇ ئۇقۇم بولىدۇ. (جۈملىدىن مەلۇم بىر شەيئىگە ئېنىقلىما بەرسىڭىز شۇ ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ)

بەلگە: (1) خاس بەلگە — شەيئىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان بەلگە. مەسىلەن: «ئورۇندۇق» قا نىسبەتەن، ئېنىق ـ لىمىسى خاس بەلگە.

(2) غەيرىي خاس (خاس ئەمەس) بەلگە — «ئورۇندۇق» قا نىسبەتەن «تۆت پۇتى بار نەرسە» دېسەك، بۇ غەيرىي خاس (خاس ئەمەس) بەلگە ھېسابلىنىدۇ. (چۈنكى تۆت پۇتلۇق نەرسىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدىن ئېنىق بىر شەي ـ ئىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ.

## 3. ئۇقۇملار ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكت سانىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟**

خاس ئۇقۇم، تۈرداش ئۇقۇم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

خاس ئۇقۇم — مەلۇم بىر يەككە شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم (خاس ئىسىملار). مەسىلەن: يەكەن، ئارمانجان ئابدۇ-رۇسۇل دېگەندەك.

تۈرداش ئۇقۇم — بىر تۈردىكى ئوبيېكتلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇم. مەسىلەن: يەكەن دېگەنگە نىسبەتەن «ناھىيە» دېگەن ئۇقۇم. ئارمانجان دېگەنگە نىسبەتەن «ئادەم» دېگەن ئۇقۇم تۈرداش ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ.

**4. ئۇقۇملار ئوبيېكتلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەن ياكى ئەتتۈرمىگەنلىكىگە ئاساسەن قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

توپلام ئۇقۇم، غەيرىي توپلام (توپلام ئەمەس) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

توپلام ئۇقۇم — ئوبيېكتلارنىڭ توپىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇم. مەسىلەن: ئارمىيە، ئىنسانىيەت، ئورمان دېگەندەك (بۇنداق سۆزلەر نىسبەتەن ئاز).

غەيرىي توپلام ئۇقۇم — ئوبيېكتلارنى توپلام تەرىقىسىدىمۇ ئەمەس، خاس تەرىقىسىدىمۇ ئەمەس ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇم. مەسىلەن: «ئەسكەر»، «دەرەخ، ئادەم» دېگەندەك. (بۇنداق سۆزلەر تۈرداش ئۇقۇم بولالايدۇ، ئەمما توپلام ئۇقۇم بولالمايدۇ)

**5. ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانچە**

تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟

(1) تولۇق ماس مۇناسىۋەت — ئىككى ئۇقۇمنىڭ ھەمە-جىملىرى پۈتۈنلەي دەل كېلىدىغان مۇناسىۋەت. مەسىلەن: مۇقام يۇرتى — يەكەن. ئەنۋەر موسا — يەكەن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، دېگەن جۈملىدىكى ئۇقۇملار-دىكىدەك.

(2) قىسمەن ماس مۇناسىۋەت — بىر ئۇقۇمنىڭ بىر قىسىم ھەجمى بىلەن يەنە بىر ئۇقۇمنىڭ بىر قىسىم ھەجمى ئۆزئارا ماس كېلىدىغان مۇناسىۋەت. مەسىلەن: ئوقۇت-قۇچى - شائىر - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قىسمى شائىر، (يە-نە بىر قىسمى شائىر ئەمەس)، شائىرلارنىڭ بىر قىسمى ئوقۇتقۇچى (يەنە بىر قىسمى ئوقۇتقۇچى ئەمەس).

(3) بېقىندىلىق ماس مۇناسىۋەت — بىر ئۇقۇم يەنە بىر ئۇقۇمنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇناسىۋەت. مەسىلەن: ئالما — مېۋە. قەيسەرجان — ئوغۇل بالا. (ھەج-مى كىچىكرەكى بېقىندى ئۇقۇم، چوڭراقى بولسا بېقىن-دۇرغۇچى ئۇقۇم بولىدۇ)

(4) زىت مۇناسىۋەت (زىت كېلىدىغان ئۇقۇملار ئوتتۇ-رىسىدىكى مۇناسىۋەت) — ئىككى ئۇقۇم بىرلا ۋاقىتتا بىر جىنس ئۇقۇمغا تەۋە بولسا، شۇنداقلا ھەجىملىرىنىڭ يىـ-غىندىسى شۇ جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجمىگە تەڭ بولسا، مەسىلەن: «ئەر — ئايال» دېگەن ئۇقۇم «ئادەم» دېگەن بىر ئۇقۇمغا تەڭ بولالايدۇ.

(5) قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت — ئىككى ئۇقۇم بىرلا ۋاقىتتا بىر جىنس ئۇقۇمغا تەۋە بولسا، شۇنداقلا ھەجىم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىرىنىڭ يىغىندىسى شۇ جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەجىمىدىن كىچىك بولسا، مەسىلەن: «ئىسسىق ـ سوغۇق» دېگەن ئۇ - قۇملار بىلەن «تېمپېراتۇرا» دېگەن ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئېنىقكى «تېمپېراتۇرا» ئىچىدە يەنە «ئىلمان» دەيدىغان ئۇقۇممۇ مەۋجۇت.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بە - زىلىرى زىت مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملارغا، بەزىلىرى قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى ئۇقۇملارغا تەۋە. ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئايرىشتا بىر تۈرگە نىسبەتەن «يەنە بىر ئۇقۇم مەۋجۇتمۇ - ئەمەسمۇ؟» دېگەنگە قاراشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: «ئۆ - لۈك ـ تىرىك» نىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئارىلىق ئۇقۇم بولمىغاچقا (يېرىم جان بولۇپ قالسىمۇ، جان تالىشىپ قالسىمۇ ئۇ ھامان «تىرىك» دېگەن ئۇقۇمغا تەۋە)، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا زىت مۇناسىۋەتكە تەۋە. يەنە مەسىلەن: «ئېگىز ـ پاكار» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر «ئوتتۇرا بوي» دەيدىغان ئۇقۇم بولغاچقا، بۇلار ئوتتۇرىسى - دىكى مۇناسىۋەت قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتكە تەۋە.

### 6. ھۆكۈم دېگەن نېمە؟

تەپەككۇر ئوبيېكتىغا قارىتا مەلۇم بىر پىكىرنى تەس - تىقلايدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان تەپەككۇر شەكلى ھۆ - كۈم دەپ ئاتىلىدۇ. ئوبيېكت توغرىسىدا ھېچنېمە تەس - تىقلانمىسا، ياكى ئىنكار قىلىنمىسا ئۇ (سوئال جۈملىلەر) ھۆكۈم ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن:

بۇ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز. (تەستىق ھۆكۈم)

بۇ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز ئەمەس. (ئىنكار ھۆكۈم)

ئۇ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىزمۇ؟ (سوئال جۈملە تەستىقلىنىغان ياكى ئىنكار قىلىنغان بولغاچقا ھۆكۈم ھېسابلانمايدۇ)

**7. ھۆكۈمنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟**

(1) تەستىق ھۆكۈم — بۇ دۇنيا بەك گۈزەل.

(2) ئىنكار ھۆكۈم — بۇ دۇنيا گۈزەل ئەمەس.

(3) ھەقىقىي ھۆكۈم — دۇنيادا سۇ، تۇپراق، ھاۋا، ئوت (قۇياش) بولغاچقىلا، ھاياتلىق مەۋجۇت.

(4) ساختا ھۆكۈم — دۇنيادا قۇياش نۇرى بولغاچقىلا، ھاياتلىق مەۋجۇت.

**8. خۇلاسە دېگەن نېمە؟**

مەلۇم بولغان بىر ياكى بىرقانچە ھۆكۈمگە ئاساسەن يېڭى بىر ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەپەككۇر شەكلى خۇلاسە دېيىلىدۇ. ئۇ ئاساس ۋە يەكۈندىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. بىلىنىۋېلىنغان ھۆكۈم — ئاساس. كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان يېڭى ھۆكۈم — يەكۈن دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

① كۆپ دەرس ئۆگىنەلىسە، ئادەم ئۆزىنى بەك خۇشال ھېس قىلىدۇ. (ئاساس)

② مەن كۆپ دەرس ئۆگەندىم. (ئاساس)

③ شۇڭا مەن ئۆزۈمنى بەك خۇشال ھېس قىلىۋاتىمەن. (يەكۈن)

① كونىلاردا: «ئاتا ـ ئانا، ئۇستازلىرىنى رازى قىلغان ئادەم مەقسىتىگە يېتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. (ئاساس)

② شۇڭا، بىزمۇ مەقسىتىمىزگە يېتىمىز دەيدىكەنمىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چوقۇم ئاتا ـ ئانا، ئۇستازلىرىمىزنى رازى قىلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. (يەكۇن)

## 9. لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى قايسىلار؟ ئۇلار قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

(1) ئەينىيەت قانۇنىيىتى

مەزمۇنى — تەپەككۇر جەريانىدا ئەينى بىر پىكىر باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەينەن (بىردەك) لىكىنى ساقلىشى كېرەك. (فورمۇلاسى: A نى A دېگۈلۈك)

مەسىلەن: تەبىئەت — ئىنسانلارنىڭ ئانىسى، ئىنسانلار تەبىئەتتىن ئايرىلالمايدۇ. ئانا بولمىسا ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇنداقلا تۇغۇلمايدۇ. شۇڭا، بىز، بىزنى 9 ئاي 9 كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان ئانىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز، ھۆرمىتىنى قىلىشىمىز لازىم. (بېشىدىكى «ئانا» دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئاخىرىدىكى «ئانا» دېگەن ئۇقۇم بىردەك مەزمۇندا ئەمەس، ئەينەنلىكىنى ساقلىيالمىغان) | ئۇقۇم ئارىلىشىپ كەتمىسۇن، ياكى بىر ئۇقۇمنى ئىككى كىشى ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىۋالمىسۇن دېگەنلىك|

(2) زىددىيەت قانۇنىيىتى

مەزمۇنى — ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا بىر پىكىر ئۆزىنى ئىنكار قىلىدىغان پىكىر بىلەن بىردەك ھەقىقىي بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى جەزمەن ساختا. (فورمۇلاسى: A — غەيرىي A ئەمەس) | بىر جۈملىدە زىت كېلىدىغان ئىككى پىكىرنى بىرلا ۋاقىتتا تەستىقلىسا ياكى بىرىنى تەستىقلاپ، يەنە بىر پىكىرنى تەستىقلىماي «لاكىلوزۇڭ» گەپ قىلسا مۇشۇ قانۇنىيەتكە خىلاپ|

مەسىلەن: «نەيزە ـ قالقان» دېگەن ھېكايە بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە: ئۇ بۇگۈن ياكى كېلىدۇ، ياكى كەلمەيدۇ.» («لاكىلوزۇك پىكىر»)

(3) ئۈچىنچىسى يوق (مۇستەسنا) قانۇنىيىتى

مەزمۇنى — بىر تەپەككۇر جەريانىدا، ئۆزئارا زىت ئىككى ئۇقۇم بىر دەك ساختا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى جەزمەن ھەقىقىي بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. (فورمۇلاسى: ياكى A ياكى A ئەمەس) ﴿ ھەر ئىككى پىكىرنى بىرلا ۋاقىتتا ئىنكار قىلسا مۇشۇ قانۇنىيەتكە خىلاپ﴾

مەسىلەن: «يا ئۆلمىدى، يا تىرىلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق قېرى...» دېگەن جۈملە. يەنە مىسال: ئۇ چار خورازنىڭ تۇخۇمىنى يەپ ياكى ئەر ئەمەس، ياكى ئايال ئەمەس بىر نېمە بولۇپ قاپتۇ...» دېگەندەك.

## مەدداھلىق سەنئىتى توغرىسىدا

### 1. مەدداھلىق سەنئىتى قانداق سەنئەت؟

مەدداھلىق — ناخشا، مۇزىكا ۋە دىراماتىك ھەرىكەتنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىنىڭ كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان، ئەنئەنىۋى سەنئەت ئادەت شەكىللىرىدىن بىرى.

### 2. ئۇيغۇرلاردا مەدداھلىق سەنئىتىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەدداھلىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە، تەرەققىي قىلغان ئەل ئىچى سەنئىتى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى «مەدداھ» (ۋائىز) دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەلنەغمە پائالىيىتى ئەنە شۇ مەدداھلىق ئادىتىدىن پەيدا بولغان.

ئۇنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى ناھايىتى زور. ئۇ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان مەدداھلار خەلق ئارىسىدا ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. چوڭ سورۇنلاردا مەدداھلىق قىلغۇچىلار بىرقانچە مەدداھتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرى باش مەدداھ، بىر ياكى بىر قانچىسى دوستارتىشىپ بېرىدىغان مەدداھ ھېسابلانغان. بەزىدە مۇزىكا تەڭكەش قىلىپ بەرگۈچى سازەندە ئايرىم بولسا، بەزىدە باش مەدداھ ھەم ئۆزى مۇزىكا چالغان، ھەم ناخشا ئېيتقان ھەم سۆزلىگەن.

مەدداھلارنىڭ سۆزلەيدىغىنى كۆپىنچە قەدىمكى تارىخىي قىسسەلەر، خەلق داستانلىرى، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، قىزىقارلىق ھېكايە ـ چۆچەكلەر، جەڭنامە ۋە بەزى داڭلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھېكايە قىلغاندا خۇددى دىراما ئارتىسلىرىدەك يالغۇز ئۆزى بىرقانچە پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەزى رايونلاردا ياشانغانلار بىرەر ئۆيگە توپلىشىپ ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە قىسسە ياكى ھېكايە ئېيتىشىدىغان، قىزىقارلىق قەدىمكى كىتاب ـ رىسالىلەرنى ئوقۇپ ئاڭلايدىغان ئادەتمۇ بار، بۇمۇ مەزمۇن ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدداھلىقنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ئىچىدە گەرچە ساغلام بولمىغان بەزى دىنىي تەركىبلەر بولسىمۇ، لېكىن

ئۇنىڭ خەلق سەنئىتىنى يۇكسەلدۇرۇش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تارقىتىش ۋە بېيىتىش، خەلقنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينىغان رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

**3. بۇگۈنكى كۈندە مەدداھلىقنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ**

بۇگۈنكى كۈندە مەدداھلىق سەنئىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى دەۋرنىڭ تەرەققىيات نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئاممىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە كەڭ تۇردە ئومۇملىشىشى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە بۇنىڭ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، بۇنىڭ بىلەن ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ ۋە ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، مەدداھلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، ئۇنى ئۆگىنىپ داۋاملاشتۇرىدىغان ئەۋلادلارنىڭ چىقمىغانلىقىدىن قاراشقا بولىدۇ.

## كىنو ـ تېلېۋىزىيە

**1. كىنو ۋە تېلېۋىزىيە سەنئىتى قاچان بارلىققا كەلگەن؟**

كىنو ــ «يەتتىنچى سەنئەت» دەپ ئاتىلىدۇ. تۇنجى كىنو 1895 ـ يىلى فىرانسىيە (پارىژ) دا مەيدانغا كەلگەن. تېلېۋىزىيە ــ 1903 ـ يىلى بارلىققا كەلگەن.

**2. كىنونىڭ تەرەققىياتىنى قايسى باسقۇچلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ؟**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھۆججەتلىك فىلىمدىن سۈژىتلىق فىلىمگىچە، ئاۋازسىز فىلىمدىن ئاۋازلىق فىلىمگىچە، رەڭسىز فىلىمدىن رەڭلىك فىلىمگىچە تەرەققىي قىلغان.

**3. ئەدەبىيات بىلەن كىنو تېلېۋىزىيەنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟**

كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولغانلىقتىن، ئەدەبىيات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نۇرغۇنلىغان نادىر كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. مەسىلەن: «چار خوراز» ناملىق فىلىم مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ شۇ ناملىق ھېكايىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆزگەرتىش ئۇنى كۆرۈش، ئاڭلاش تەلپىگە ئاساسەن «قىستۇرما رەسىم» لەرگە ئايلاندۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئوخشىمىغان سەنئەت ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى ئارقىلىق قايتا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدۇر.

ئەدەبىيات بىلەن كىنو ـ تېلېۋىزىيە بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولۇش مۇناسىۋىتىگە ئىگە. ئەدەبىيات كىنو ـ تېلېۋىزىيەگە تۈرتكە بولغان بولسا، كىنو ـ تېلېۋىزىيەنىڭ بارلىققا كېلىشى يېڭى بىر ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدە ئۇنۇملۇك ئېلانى بولۇپ قالدى.

**4. كىنو ـ تېلېۋىزىيەنىڭ قانداق تۈرلىرىنى بىلىسىز؟**

(1) تۇرمۇش فىلىملىرى — بۇ خىل فىلىملەر ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئاددىي ۋەقەلىك ئارقىلىق ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي رېئاللىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

(2) چامباشچىلىق فىلىملىرى — بۇ 80 ـ يىللاردىن كېيىن ئېلىمىزدە باش كۆتۈرگەن ۋە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان تۈر.

(3) سەرگۈزەشتە فىلىملىرى — بۇنداق فىلىملەر ئاساسەن تارىخىي تېمىلارنى ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. بىر تەرەپتىن پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيەۋى قىياپىتى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

(4) كومېدىيەلىك فىلىملەر — بۇ ھازىرقى زامان كىنوچىلىقىدىكى يېڭى بىر تۈر. ئۇنىڭدا كومېدىيە ۋە يۇمورلۇق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ۋەقەنىڭ ماھىيىتى ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

(5) ئۇرۇش فىلىملىرى — ئۇرۇشنىڭ قانداق، نېمە سەۋەبتىن ئېلىپ بېرىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

(6) جاسۇسلۇق، ئوغرى ـ قاراقچىلىق فىلىملىرى.

(7) ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق فىلىملەر — ئادەتتە كۆڭۈل ئېچىش فىلىملىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ناخشا ۋە ئۇسسۇل ناھايىتى كۆپ كىرىشتۈرۈلىدۇ (ھىندىستان فىلىملىرىدىكىدەك).

(8) تارىخىي فىلىملەر — ئەجدادلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن كۈرەش يولى ۋە كەچۈرمىشلىرى، ئۇلارنىڭ ھۆرلۈك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلگۈسى يارىتىش روھى نامايان قىلىنىدۇ.

## فولكلور ھەققىدە

### 1.«فولكلور» سۆزىنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشىنىمىز؟

فولكلور ئەسلىدە سافون تىلىدىكى «folklor» (خەلق، خەلق ئارىسى) ۋە «lowr» (ئىلىم، پەن) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، «خەلق ئارىسىدىكى بىلىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «فولكلور» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرى، ئۇ خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، ئەنە شۇ خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز بىرىنچى مەنىسىدۇر.

### 2. فولكلور قانداق ئىلىم؟

فولكلور — بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىچىدىكى كەڭ ئامما تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ئىشلىتىپ ۋە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىنگەن تۇرمۇش مەدەنىيىتىدۇر. فولكلور ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن كېلىپچىققان بولۇپ، ئۇ مەلۇم مىللەت ئىچىدە، مەلۇم زامان (ۋاقىت) ۋە ماكان (ئورۇن) دا شەكىللىنىپ، تارقىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ، ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. فولكلور كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى، سۆزى ۋە پىسخىكىسىنى ئۆلچەملەشتۈرىدىغان بىر خىل ئەندىزە، شۇنداقلا مەدەنىيەت. فولكلور خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇزاق تارىختا شەكىل-

لەنگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تەۋە. بىراق ئۇنىڭ قان تو-مۇرى باشتىن ـ ئاخىر بۇگۇنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە تۇتاشقان. ئۇ مىللەت كوللېكتىپى-نىڭ تۇرمۇشىغا ئەگىشىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلى-نىپ، تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

### 3. فولكلور قايسى تۇرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ھەربىر تۇرىگە قانداق مەزمۇنلار كىرىدۇ؟

1) ماددىي فولكلور

ماددىي فولكلور — كىشىلەرنىڭ ماددىي بايلىقنى ئىش-لەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال قىلىش جەريانىدا ئۇزۇكسىز تەكرارلايدىغان ۋە قېلىپلاشقان پائالىيىتىنى، شۇنداقلا بۇ خىل پائالىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇركۇملەشكەن مەھ-سۇلات شەكلىنى كۆرسىتىدۇ (بۇ خىل فولكلوردا چوقۇم ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات بولۇشى كېرەك). ئۇ:

(1) ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى (باغۋەنچىلىك، ئورمانچى-لىق، دېھقانچىلىق... قاتارلىقلار)

(2) يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى (پولۇ، لەغمەن، دوغ ... دېگەندەك)

(3) كىيىم ـ كېچەك ئادىتى (دوپپا، تون، چورۇق... دې-گەندەك)

(4) ئولتۇراقلىشىش ئادىتى (شەھەر، قەلئە، سېپىل، مېھراپ چىقىرىش، شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقى... دېگەندەك)

(5) قاتناش ـ ترانسپورت ئادىتى (قېيىق، سال، كېمە، ئات ـ ئېشەك... دېگەندەك)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(6) كېسەل داۋالاش (ئۇيغۇر تېبابىتى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى داۋالاش، كونىلىق بىلەن داۋالاش... قاتارلىقلار) نىڭ ھەممىسىدە ماددىي مەھسۇلات نەتىجىلىرى بار.

2) ئىجتىمائىي فولكلور

ئىجتىمائىي فولكلور ــ ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە قائىدە ـ تۈزۈم ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە شارائىت ئاستىدا شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئادىتىدۇر. ئۇ ئائىلە، جەمەت، مىللەت، دۆلەت ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئالاقىسى جەريانىدا قوللىنىلىدىغان كوللېكتىپ ھەرىكەت ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ:

(1) ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئادىتى (قانداشلىق، يۇرتداشلىق، كەسىپداشلىق تەشكىللىرى، ئۇلارنىڭ مۇراسىم، يىغىلىش ئادەتلىرى).

(2) ئىجتىمائىي قائىدە ـ يوسۇن.

(3) تۇرلۇك مۇراسىم (تۇغۇلۇش مۇراسىمى، ئات تويى، بۆشۈك تويى، بالاغەتكە يېتىش مۇراسىمى، خەتنە تويى ۋە باشقىلار، نىكاھ ـ توي مۇراسىمى، دەپنە مۇراسىمى... قاتارلىق ھەر خىل ھېيت ـ بايرام يەنى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، نوروز بايرىمى قاتارلىق ئادەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ).

3) مەنىۋى فولكلور

مەنىۋى فولكلور ــ ماددىي فولكلور ۋە ئىجتىمائىي فولكلور ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر قىسىم ئاڭ فورمىسى جەھەتتىكى ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن پىسخىك تەجرىبە ـ

لىرى بولۇپ، بۇ خىل تەجرىبە پەيدا بولۇشى بىلەنلا كول ـ لىكتىپ پىسخىك ئادەت سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، ئالاھىدە ھەرىكەت شەكلىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ كېلىش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن. بۇ ئېتىقاد ئادەتلىرى «تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئەجدادقا چوقۇنۇش، توتېمغا چوقۇنۇش ۋە بۇ خىل ئېتىقادلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن پالچىلىق، سېھىرگەرلىك، پەرھىزچىلىك «يامان بولىدۇ» دەيدىغان قاراش، بېشارەتچىلىك «چۈشكە تەبىر بېرىش» ئادەتلىرى، خەلق پەلسەپىسى ۋە ئەخلاق قاراشلىرى (چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتسە بولمايدۇ، ... دېگەندەك، ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ، دەپ قارىلىدىغان بارلىق قاراشلار)

4) ئەدەبىيات ـ سەنئەت فولكلورى

ئەدەبىيات ـ سەنئەت فولكلورى — ئېغىز تىلى، مۇزىكا تىلى، بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان، كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان سەنئەت شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ:

(1) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر....)

(2) خەلقنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى (ئون ئىككى مۇقام، مەشرەپ ....)

(3) ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى (باللار ئويۇنلىرى، شاھمات، دامىكا، مۇشائىرە...)

(4) ئويۇن خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى (ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، ئارغامچا تارتىشىش، چېلىشىش... قاتارلىقلارنى) كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىسقىسى:

1. ماددىي فولكلور ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى.

2. ئىجتىمائىي فولكورى ــ قائىدە ـ تۈزۈم.

3. مەنىۋى فولكلور ــ كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا مۇناسىۋەتلىك، دىنىي ـ ئېتىقاد، كوللېكتىپ مۇراسىم .

4. ئەدەبىيات ـ سەنئەت فولكلورى ــ ئەدەبىيات ۋە كۆڭۈل ئېچىش سەنئىتى.

دېمەك، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخ جەريانىدا ئىجاد قىلىنىش، تارقىلىش، ۋارىسلىق قىلىنىش ۋە ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىق تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ ھازىرقى ھالەتكە يەتكەن.

ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىزى ۋە ھاياتلىق گېنىدۇر. شۇڭا، ھەربىرىمىزنىڭ ئۇنى قوغداش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار.

## ئېتىمولوگىيە

### 1.«ئېتىمولوگىيە» قانداق پەن؟

«ئېتىمولوگىيە» (سۆز تېگى، سۆز كۆكى ئىلمى) ئەسلىي قەدىمىي گىرېكچە سۆز بولۇپ، سۆزلەرنىڭ ئېتىنىك (كېلىپچىقىش) مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ. تىلشۇناسلىقتا سۆزلەرنىڭ كېلىپچىقىشى، مەنبەسى، مىللەت تەۋەلىكى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان خاس ساھە ئېتىمولوگىيە دېيىلىدۇ.

### 2.«ئېتىمولوگىيە» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

سۆز مەنىسى، مىللەت تەۋەلىكى، سۆزلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنغان.

«ئېتىمولوگىيە» ئاتالغۇسى ئەسلىدە گىرېكچە (ئەسلىي، ھەقىقىي) دېگەن سۆز بىلەن (بىلىم، چۈشەنچە) دېگەن سۆز ـ نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. تىلشۇناسلار بۇ پەننى «لېكسىكولوگىيەنىڭ بىر تارمىقى» دېسە، تارىخىي تىلشۇ ـ ناسلار بۇنى «سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلارنىڭ ھېچقايى ـ سىسى خاتا ئەمەس.

**3. ئېتىمولوگىيەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى نېمە؟**

سۆز مەنىسى، مىللەت تەۋەلىكى، سۆزلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان.

**4. سېمانتىكا بىلەن ئېتىمولوگىيەنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟**

سېمانتىكا بىلەن ئېتىمولوگىيە گەرچە باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس. سېمانتىكا ـــ تىلدىكى سۆز مەنىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەققىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنى تەت ـ قىق قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ تىلدىكى ھەربىر سۆزنى كونكرېت تەتقىق قىلمايدۇ. ئېتىمولوگىيە تىلدىكى ھەربىر سۆزنىڭ ئۆزىنى، مەنىلىرىنى، كېلىپچىقىشىنى كونكرېت تەتقىق قىلىدۇ.

**5. ئېتىمولوگىيە قاچان، قايسى دۆلەتتە بارلىققا كېلىپ، قانداق تەرەققىي قىلغان؟**

ئېتىمولوگىيە ئىلمى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ، 6 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىنى ئالغان ھېكايەتلەردىن) پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

## سېلىشتۇرۇشتىن سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقىچە

### 1. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دېگەننى قانداق چۈشىنىمىز؟

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىككى ياكى ئىككى خىلدىن ئارتۇق دۆلەت ياكى مىللەت ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى، پەرقنى، ئۆزئارا بىر - بىرىگە بولغان تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەت ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشۈندۈرۈپ بېرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيا ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل مۇستەقىل پەن.

### 2. سېلىشتۇرۇش بىلەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قانداق پەرقلىنىدۇ؟

سېلىشتۇرۇش ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر خىل ئۇسۇل. كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا سېلىشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. سېلىشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ ھادىسە، شەيئىلەر بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى ئىگىلەش جەريانلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلىپ ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە

كۆتۈرۈلۈشكە ئەگىشىپ ئىپتىدائىي سىلىشتۇرۇش ئۇسۇ ـ لى دائىرە ۋە مەزمۇن جەھەتلەردىن كېڭەيتىلدى ۋە چوڭ ـ قۇرلاشتۇرۇلدى. سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئۇسۇل ۋە ئۇسۇل نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلاندى. سېلىشتۇ ـ رۇش ھەممە پەنگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ قالدى.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ــ ئومۇمىي ئەدەبىيات پېنى گەۋدىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تارماق پەن بولۇپ، ئۇ سې ـ لىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆز مىللىتى، ئۆز دۆلىتى ۋە ئۆز ئەدەبىياتى دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقىچە كېڭەيتىلىشىنىڭ، تەتبىقلىنىشىنىڭ مەھسۇ ـ لى.

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىككىسى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئۇقۇم.

(1) سېلىشتۇرۇش قەدىمدىن تارتىپ بار بولغان بىر خىل ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات يېقىنقى زاماندا پەيدا بولغان بىر خىل مۇستەقىل پەننى كۆرسىتى ـ دۇ.

(2) سېلىشتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق مۇستەقىل تەتقىقات كاتېگورىيەسى (ساھەسى) بولمايدۇ. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات بولسا، ئۆز ئالدىغا شەكىللىنىش تارىخى، تەتقىقات ئوبيېك ـ تى، كاتېگورىيەسى بار بولغان بىر خىل پەن. ئۇ سېلىشتۇ ـ رۇشنى ۋاسىتە قىلىپ، دۆلەت، مىللەت چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(3) تىل چېگراسى بولمىغان، بىر مىللەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان سىلىشتۇرۇشلار سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ـ فارابى ئىلغار تەلىماتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» قاتارلىق ماقالىلىرى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان ۋەكىللىك ماقالە. لېكىن، ئۇ بىر مىللەت ئەدەبىيات دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان سىلىشتۇرۇش بولغاچقا سىلىشتۇرۇش بولالىسىمۇ، سىلىشتۇرما ئەدەبىيات كاتېگورىيەسىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر، ئېلىمىز شائىرى دۇفۇ بىلەن گېرمانىيە شائىرى گېيوتى، ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن قازاق شائىرى تاڭجارىق جولدىباي سىلىشتۇرۇلسا، بۇ تەتقىقات سىلىشتۇرما ئەدەبىيات كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا قوللىنىلغان ۋاقتى مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىگە (رىم ئىمپېرىيەسى دەۋرىگە) توغرا كېلىدۇ. ئېلىمىزدە تاڭ ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە رەسمىي قوللىنىلغان.

**3. سىلىشتۇرۇش ئەڭ دەسلەپتە قايسى دۆلەتتە بارلىققا كەلگەن؟ سىلىشتۇرما ئەدەبىياتچۇ؟ تەرەققىياتى قانداق بولغان؟**

سىلىشتۇرۇش ئەڭ دەسلەپتە رىمدا بارلىققا كەلگەن.

سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەڭ بۇرۇن فىرانسىيەدە بارلىققا كەلگەن. ئېلىمىزگە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىردى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سىلىشتۇرما ئەدەبىياتى دەرسى 1984 ـ

يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس قىلىنىپ ئۆتۈلگەن.

**4. سىلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېرىنى قايسى نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ؟**

(1) سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئېچىۋېتىلگەن، بېكىنمىلىكتىن خالىي ئەدەبىياتتۇر.

(2) سىلىشتۇرما ئەدەبىيات دېگەن ئۇقۇم مىللەت ئەدەبىياتى دېگەن ئۇقۇمدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. سىلىشتۇرما ئەدەبىيات مىللەت ۋە دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىغان ئەدەبىياتنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

(3) سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئۆز ئالدىغا تەتقىقات ئۇسۇللىرىغا ھەم ئېقىملىرىغا ئىگە بولغان مۇستەقىل بىر پەن.

(4) سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەدەبىيات تارىخىغا ئوخشىمايدۇ.

**5. سىلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ رولى قايسى؟**

(1) سىلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، بىلىمىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

(2) سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كېڭەيتىشتە پايدىلىق شەرت ـ شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

(3) سىلىشتۇرما ئەدەبىيات باشقا دۆلەت ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىمىزنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشىمىزدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**6. سىلىشتۇرما ئەدەبىياتتا ھازىر قوللىنىۋاتقان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**تەتقىقات تۈرى قانچە خىل؟ ئۇلار قايسىلار؟**

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئاساسلىق ئىككى تەتقىقات تۈرى:

(1) تەسىر تەتقىقاتى (19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى فىرانسىيەنى مەركەز قىلىپ بارلىققا كەلگەن). ئاساسلىق ئىككى خىل ئەدەبىيات، ئىككى ئەدىبنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى تەتقىق قىلىنىدۇ.

(2) پاراللېل تەتقىقات (20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئامېرىكىنى مەركەز قىلىپ بارلىققا كەلگەن). ئاساسلىق ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ئەدەبىياتىنىڭ، ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا مەۋجۇت بولغان ئوخشاشلىق ۋە پەرقى تەتقىق قىلىنىدۇ.

**7. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا نېمىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم؟**

ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ئىنتايىن كونكرېت ھەم ئەمەلىي بولۇشى لازىم.

# ئونىنچى باب تېكىست ئۇچۇرلىرى

## غەزەپ ۋە زار

**ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901 ـ يىلى 9 ـ فېۋرال تۇرپان شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

1933 ـ يىلى 13 ـ مارتتا جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن. «غەزەپ ۋە زار»، «ئاچىل»، «ئۇزۇلمەس ئۇمىد» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى بار.

**ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** بۇ شېئىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياڭ زىڭشىڭ دەۋرىدە سىياسىي جەھەتتىن رەھىمسىز باستۇرۇلغانلىقى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تالان ـ تاراج قىلىنغانلىقى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتىن ئاسارەتتە قالدۇرۇلغانلىقى ۋە يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر، دىنىي روھانىيلاردىن پايدىلىنىپ خەلق ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن دەھشەتلىك قەبىھ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى كەسكىن ۋە ئۆتكۈر پاش قىلىنغان. شائىر ياڭ زىڭشىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن كۈچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىۇك غەزەپ ـ نەپرەتنى، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تەڭسىز ـ لىككە بولغان زارىنى (غەزىپىنى) ئىپادە قىلغان. قاراڭغۇ زۇلمەتلىك فېئودال ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلغان.

**ئەسەر يېزىلغان ۋاقىت:** 1927 ـ يىلى يېزىلغان.

## يىللارغا جاۋاب

**ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** لۇتپۇللا مۇتەللىپ شائىر، درا ـ ماتورگ ۋە رەسسام بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيا ـ تىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1922 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16ـكۈنى قازاقىستان جۇمھۇ ـ رىيىتىنىڭ يەتتىسۇ ۋىلايىتى، چۇنجى رايونىدا (ھازىرقى ئالماتا شەھرىدە) دۇنياغا كەلگەن. 1945 ـ يىلى9 ـ ئاي ـ نىڭ 18 ـ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ياۋۇزلارچە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك شې ـ ئىرلىرىدىن «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەك»، «تە ـ سىراتىم»، «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى بار.

**ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى:** «يىللارغا جاۋاب» ناملىق بۇ شېئىر 1944 ـ يىلى ئاقسۇدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ چاغدا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جاللات شېڭ شىسەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈ ـ رۈپ، كوممۇنىستلارنى، زىيالىيلارنى ھەم ئۇلارنى قوللىغان

پۇقرالارنى غالجىرلارچە باستۇرۇپ، قىرغىن قىلىۋاتقان جاھالەتلىك ھەم زۇلمەتلىك يىللار ئىدى.

**ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** شائىر بۇ شېئىردا بىر تەرەپتىن ۋاقىت بىلەن ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەپ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاباھەتلىك يىللارنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە قارشى ئىسيانكار روھىنى، قەتئىي تەۋرەنمەي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى، شۇنداقلا ئىنقىلاب غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن.

## بۈگۈن ۋە ئەتە

**ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** شائىر بۇغدا ئابدۇللا 1941 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ شېئىر 1997 ـ يىلى يېزىلغان.

**ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** شائىر بۇ شېئىردا بۈگۈن ۋە ئەتە توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىلىم ـ پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ بۈگۈنگىلا ئېسىلىۋالماي، ئەتىگە نەزەر سېلىشىنى ھەم ئۆزىنىڭ ئەتىكى بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ناھايىتى ياخشى ئويلىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، تۇرمۇشنى يەنى ھاياتنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنى تەكىتلىگەن. تۈنۈگۈن ــ تارىخ، دېمەك بىز تۈنۈگۈنگە ئىگە بولۇشىمىز، بۈگۈننى بويسۇندۇرۇشىمىز، ئەتىنى شانلىق نەتىجە بىلەن كۈتۈۋېلىشىمىز، ھاياتتىكى ھەر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر باسقان قەدەمگە ياخشى ئىزنالارنى قالدۇرۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## يۇلتۇزلار يۇرتى

**ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئارسلان ــ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەت ھوشۇر (1946 ــ 1996) دۆربىلجىندا تۇغۇلغان. شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان. بۇ پارچە ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان «يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق داستانىدىن ئېلىندى.

**ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** داستاندا مەرىپەتچىلىك ۋە ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن ھارماي ـ تالماي شۇغۇللىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى، زېھنىنى خەلق ئاممىسىنى نادانلىقتىن، جاھالەتتىن ۋە زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشقا سەرپ قىلغان، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر، تورپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى ھەم تەشكىللىگۈچىلىرىدىنىڭ بىرى بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازىنى جانلىق سۈرەتلەپ، ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشى، ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقى، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش ۋە سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

## ئانا تىلىم

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئەخمەت ئىمىن، 1950 ـ يىلى

ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان. داڭلىق نەسرچى، ئەدەبىي تەرجىمان. «قەلب ساداسى»، «باھار تىنىقى»، «جۇلدۇر كېپەن خوتۇن-نىڭ ساداسى» ناملىق نەسرلەر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. بۇ نەسر ئۇنىڭ شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشر قىلغان «جۇلدۇر كېپەن خوتۇنىنىڭ ساداسى» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى.

**2. ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىدىيە:** ئاپتور بۇ ئە-سەردە ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىققان قايناق ھېس ـ تۇي-غۇلىرى بىلەن ھەممىمىزنىڭ ئانا تىلى بولغان سۆيۈملۈك ئۇيغۇر تىلىنى چوڭقۇر تەرىپلىگەن. مىللىتىمىزنىڭ يىراق كەچمىشلىرىنى، شانلىق تارىخىنى، پارلاق مەدەنىيىتىنى ئاشۇ تەۋەررۇك ئانا تىل بىلەن بىلگەنلىكىنى سۆيۈنۈپ تۇ-رۇپ بايان قىلغان. ئانا تىلدىن ئېپتىخارلىنىش، ئانا تىل-نىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن، ئا-خىردا ئانا تىلىنى قوغداش ـ ۋارىسلىق قىلىش ئىرادىسى ۋە پوزىتسىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** جۇ زىچىڭ (1898 ـ 1948)، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ياڭجۇ شەھىرىدىن. بۇ نەسر ئۇنىڭ «جۇ زىچىڭ نەسرلىرى» ناملىق توپلىمىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

**2. ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى:** بۇ ئەسەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



1927 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئەينى يىللار جۇڭگو زېمىنىنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان ۋاقىت ئىدى. يەنى، گومىنداڭ كۈچلىرى كومپارتىيە ئەزالىرىنى قىرغىن قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئەسەر ئايدىڭدىكى مانا مۇشۇنداق بىر دەۋرنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

**3. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** مەنزىرە تەسۋىرلىرى جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن پىسخىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەۋجۇت رېئاللىققا بولغان نارازىلىقى ۋە ھەسرىتى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، قەلبىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىقتىن، خاتىرجەمسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن.

## گۈل ناخشىسى

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** جېبران خېلىل جېبران (1883 ــ 1931)، لىۋانلىق شائىر، رەسسام، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەب. ئۇنىڭ «ياش ۋە كۈلكە»، «قوم ۋە بۇژغۇن» قاتارلىق نەسرىي شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ نەسرى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان «ياش ۋە كۈلكە» ناملىق گۈل نەسرلەر توپلىمىدىن ئېلىنىندى.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** «گۈل ناخشىسى» ناملىق نەسردە ئاپتور گۈلنى تەبىئەتنىڭ سۆزىگە، يۇلتۇزغا، سوۋغاتقا ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، جانلاندۇ-

دۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق گۈل تىلى بىلەن ئىنسانلارغا بولغان خىتابىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور نەسردە باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق گۈلنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تولىمۇ جانلىق تەسۋىرلىگەن. ئاپتور گۈلنى تەبىئەتكە، يۇلتۇزغا، سوۋغاتقا، ئېلېمېنتلارنىڭ قىزىغا ئوخشىتىپ باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغان. بۇ ئارقىلىق تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى گۈل ئارقىلىق جۇلالىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئاسرىشى لازىملىقىدەك ئىدىيەنى ئالغا سۈرگەن. ئىنسانلارنى كەڭ قورساق بولۇشقا چاقىرغان.

**3. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى:** گۈل تەبىئەتنىڭ سۆزى ← يۇلتۇز ← ئېلېمېنتلار قىزى ← سوۋغات ← تەبىئەتنىڭ ئەركىسى ← ئەلچىسى ← گۈل تەقدىم قىلغۇچى.

## بىر ئادەمگە نۇرغۇن زېمىن لازىممۇ

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** لېۋ تولستوي (1828 — 1910) رۇسىيەلىك مەشھۇر ئەدىب. ئۇنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «تىرىلىش»، «ئاننا كارىنىنا»، «هاجى مۇرات»، «ئىقرارنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

**پېرسوناژ خاراكتېرى:** بۇ هېكايىدىكى باخوم ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى، ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويمايدىغان يادىلىق تۇزۇمىنىڭ هىمايىسىدە يەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كەتكەن ۋە بۇ نەپسانىيەتچىلىكىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**3. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** باخۇم ئىسىملىك بىر دېھقانىنىڭ يەرگە ئېرىشىش تەشنالىقى، ئۇنىڭ يەرگە ئىگە بولۇش جەريانىدىكى ئىنسابسىزلىقى، داۋاملىق زورىيىۋاتقان تېخىمۇ كۆپ يەرگە ئىگە بولۇشتەك تويمىغۇر نەپسى سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ ماكانىدا يەرنى دەپ ھالاك بولۇشتەك پاجىئەلىك ئاقىۋىتى تەسۋىرلەنگەن. شۇنچە نۇرغۇن يەرنى ئىگىلەپ تويمىغان باخۇمنىڭ ئاخىرىدا ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئورەكنىڭ ئىگىسى بولۇشى كىشىنى ھايات، ئەمگەك، يەر ۋە بەختنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

## ئاقچۇق سېيىدا («ئىز» رومانىدىن پارچە)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923. — 1995) قۇمۇلدا تۇغۇلغان. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۆھپىكار يازغۇچى، داڭلىق شائىر ۋە تەتقىقاتچى. ئۇنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» (شېئىرلار)، «قەشقەر كېچىسى» (داستان)، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» (رومان)، «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا» (ئىلمىي ماقالىلەر) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

**2. پېرسوناژ خاراكتېرى:** رومانىدىكى چيەن دارىن ئىنتايىن پوچى، زالىم، قانخور، رەھىمسىز، كۆرەڭ، مەنمەنچى، قابىلىيەتسىز، مەمەدان قوماندان.

خوجىنىياز پالگان قورقۇمسىز، قەيسەر، تۈز كۆڭۈل، باتۇر بولۇپلا قالماي، ئىنتايىن ئەقىللىك، تەدبىرلىك يول-

باشچى.

تۆمۈر خەلىپە ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاقىدىغان، تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدىغان، ئاجايىپ كۈچلۈك ئىنسانكار روھقا، يۇقىرى تەشكىللەش قابىلىيىتىگە ئىگە، باتۇر، قەيسەر قوماندان.

## كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش كالتىكى

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** نۇرمۇھەممەت توختى، 1949 ـ يىلى خوتەندە تۇغۇلغان، ئۇ 1984 ـ يىلى «بويتاق ھەققىدە خاتىرىلەر» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «شەھلا كۆز»، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان پېشايۋاندا»، «چۆل ئوغلى»، «كۆلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۆلگەنلەر» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ئاپتور بۇ ئېپىك نەسردە چۈشىنىشنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە ئەۋلادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا كۈچلۈك رىقابەتكە ھەر ۋاقىت، ھەر دەقىقە دۇچ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەربىر مىللەتنىڭ يىراق مۇساپىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆزلىگەن پەللىگە پەقەت مىللىي خاسلىقنى ساقلاپ، ئۆزدىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارقىلىقلا يېتىپ بارالايدىغانلىقى، يېتىپ بارغان دەقىقىلىرىدە ئوخشاشلىق كالتىكى بولسىمۇ، مىللىي ئەنئەنە بىلەن رىقابەت دۇنياسىدا ئۆز ـ ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساقلايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

**3. ئەسەردىكى سىمۋوللۇق ئاتالغۇلار:** ئالتۇن كالتەك ← بايلىق، مال ـ دۇنياغا، مېخانىزاتور ← ئىلغار پەن ـ تېخنىكىغا، كىتاب ← ئىلىم ـ پەنگە، ساز ← مىللىي سەنئەتكە، چىمەن دوپپا ← مىللىي مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەتكە، مۇسابىقە مەيدانى ← كىشىلىك ھايات مۇساپىسىگە، كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ← كىشىلىك ھاياتتىكى رىقابەتكە سىمۋول قىلىنغان.

## دېڭىز سەپىرى

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** تۇرگېنېف (1818 ــ 1883)، روسىيە يازغۇچىسى، دراماتورگى ۋە شائىرى. «رودىن»، «ئانىلار ۋە بالىلار»، «ئاقسۆڭەك ئائىلىسى»، «ھارپا قاتارلىقلار» رومانلىرى بار. 1883 ـ يىلى سېنتەبىردە پارىژدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** يازغۇچى بۇ نەسردە دوستانە مۇناسىۋەت كىشىگە ئىشەنچ، خاتىرجەملىك بەخش ئېتىپ، ئادەمنى غېرىبسىنىش، مىسكىنلىك ۋە تەنھالىق تۇيغۇلىرىدىن خالاس قىلىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەتتىكى باشقا مەۋجۇدات ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە، گارمونىك، ئېجىل ـ ئىناق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3. «مەن» بىلەن مايمۇننىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ

شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللار (1) «مەن» نى چىرمىۋالغان غېرىب، مىسكىنلىك ۋە تەنھالىق تۇيغۇسى؛ (2) مايمۇننىڭ تەشەببۇسكارلىقى؛ (3) كېمە باشلىقىنىڭ بىپەرۋالىقى.

## مېنىڭ بىر كۈنۈم

**1. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** بۇ ئەسەردە «مەن» نىڭ بىر كۈندىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئىخچام تەسۋىر ـ لەش ئارقىلىق «مەن» نىڭ تېتىك، جۇشقۇن، قىزىققان، ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئىلىمخۇمار، تىرىشچان، ئىرادىلىك خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىشچان خاراكتېرىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە چاقىرغان.

يولدا ← «مەن» نىڭ چېچەن، تېتىك، جۇشقۇن، قىزىقـ قاق، ھېرىسمەن ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

مەكتەپتە ← «مەن» نىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئىلىمخۇ ـ مار، تەسەۋۋۇرغا باي ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

ئۆيدە ← «مەن» نىڭ ئىشچان، تىرىشچان، ئىرادىلىك ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن.

## ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1018 ــ 1089) قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىلگىرىكى پاي ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەختى بالاساغۇن (ھازىرقى قىرغىزىستان) دا دۇنياغا كەل-
گەن. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى، دۇنياۋى
كاتتا ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى.

**2. ئەسەرنىڭ غايىۋى مەزمۇنى:** «قۇتادغۇبىلىك»
تىن ئېلىنغان بۇ شېئىرىي پارچىدا شائىر ياخشىلىقنى ئۇ-
لۇغلاپ، يامانلىقنى قامچىلاپ، ھاياتلىقتا ياخشى نام قالدۇ-
رۇش ئۇچۇن يامان ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇپ، گۈزەل
ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك يار قىلىشقا، ئە-
مەلىي، ياخشى ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن خەلققە پايدىلىق
ئىشلارنى قىلىشقا، ياخشى گەپ - سۆزلىرى بىلەن خەلقنى
سۆيۈندۈرۈشكە چاقىرغان.

## پارچىلار

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئەھمەد يەسەۋى (؟ — 1166)
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چىمكەنت (ھازىرقى قازاقىستاندا) نىڭ
يېنىدىكى سايرام يېزىسىدا (يەسسى دېگەن يەردە) تۇغۇلغان.
ئۇ قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا
پەلسەپە تارىخىدىكى مۇھىم شەخس ۋە تەسەۋۋۇپ شائىرى.
بۇ پارچە شائىرنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق توپلىمىدىن
ئېلىنغان.

**2. ئەسەرنىڭ غايىۋى مەزمۇنى:** شېئىر بارماق
ۋەزنىدە، مۇرەببە شەكلىدە يېزىلغان، شائىر نادانلىق، نەپ-
سانىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق
قامچىلاپ، نادانلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن

چۈن كۆرەش قىلغان، ئۇلار تەڭلا قولغا ئېلىنىپ، ئىنـ ـ قىلابچىدىن جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالغان. ھەر ئىككىسى ھاياتنى قىزغىن سۆيىدۇ، ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھەر ئىككىسى دۈشمەننىڭ قولىدا ئۆلىدۇ، بۇلار ئۇلارنىڭ ئوخـ ـ شاش تەرىپى. ئۇلارنىڭ پەرقلىق تەرىپى بولسا، بىرى ئۇ ـ زۇل ـ كېسىل ئىنقىلابىي روھقا ئىگە ئىنقىلابچى، يەنە بىـ ـ رى، قىيىنچىلىقتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان بوشاڭ ئىنـ ـ قىلابچى؛ بىرى، نومۇسلۇق ھاياتتىن شەرەپلىك ئۆلۈمنى ئەلا بىلىدىغان ئىنقىلابچى، يەنە بىرى، ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ بولسىمۇ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىـ ـ لىدىغان ئىنقىلابچى؛ بىرى، قەھرىمان، يەنە بىرى، ساتقۇن؛ بىرى قەيسەر جەڭچى، يەنە بىرى، نومۇسسىز تەسلىمچى.

## ئىنساب سودىگىرى

**1. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ئاپتور بۇ نەسىردە ئىنساب ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق كىشىلەر ئۇچۇن «كۆز گۆھىرى»، «يۈرەك پارىسى» سانىلىدىغان ئىنسابنىڭ بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەرزىمەس»، «تاشلاند ـ دۇق»، «ئارتۇقچە يۈككە» ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىغا بولغان ئېچىنىشنى، نارازىلىقىنى ۋە تەنقىدىنى ئىپادىلەپ، ئۇلار ـ نى ئەيىبلەيدۇ، ئىنساب شۇنداقلا ئىنسابتىن ئىبارەت ئېـ ـ سىل ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ھەرقانداق ئادەمدە بولمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى ئىنسابلىق بو ـ لۇشقا چاقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**2. ئىنساب سودىگىرى بولۇش نىيىتىگە كېلىشىدىكى سەۋەب:** بۇ ئەسەردە «مەن» باش ـ ئايىغى يوق بۇ بازارغا مېھمان سودىگىرى بولۇش نىيىتىدە كەلگەن بولسىمۇ، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ بۇ چۈشىنى بۇزۇۋېتىدۇ. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ ۋىجدان، غۇرۇر، دىيانەت، ئىنسانىي خاراكتېر، ئىنساب دېگەنلەرنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىشى، سېتىشى «مەن» نى بىئارام قىلىدۇ ھەمدە ئىنسابنىڭ تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىغا بولغان ئېچىنىش، ھەققانىيەت ئۈچۈن چۇقان سېلىش روھى «مەن» دە چاقناپ تۇرىدۇ.

**3. ئىنساب سودىگىرى بولۇشتىكى مەقسەت:** كىشىلەردىكى يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئىنسابنى قانداق قايتۇرۇپ ئەكېلىش، كىشىلەرگە ئىنسابنى تونۇتۇش ئۈچۈن، كىشىلەرگە ئىنسابنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

## مېنىڭ ئارزۇيۇم (نۇتۇق)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** مارتىن لۇتېر كىڭ (1929 — 1968) باستېر، ئامېرىكا نېگىرلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى، 1964 ـ يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1968 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىرقىي ئايرىمىچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. 1986 ـ يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئۈچىنچى دۈشەنبىسىنى ئۇنى خاتىرىلەش كۈنى قىلىپ بېكىتكەن، كىڭ بۇ مەشھۇر نۇتقىنى 1963 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 200 مىڭدىن ئارتۇق

نىگىر ۋاشىنگتوندىكى لىنكولىن خاتىرە سارىيىنىڭ ئالدىدا يۈز ـ بەرگەن خىتاب قولغا كەلتۈرۈش يۈرۈشىدىن يىغىلىش قىلغاندا سۆزلىگەن.

**ئەسەرنىڭ ئىدىيە ۋە مەزمۇنى:** بۇ نۇتۇقتا مارتىن كىڭ ئۆزىنىڭ ھۆرلۈككە، باراۋەرلىككە بولغان كۈچلۈك ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ـــ نىگىرلارنىڭ ئوتلۇق غايىسىنى ئىپادىلىگەن، ئىرقىي باراۋەرلىك بولغان، ئىنسانىي غۇرۇر بىلەن ياشايدىغان ۋە قېرىنداشلارچە دوستلۇق، ھەمكارلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئامېرىكا زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە روياپقا چىقىشىغا بولغان تەقەززاسىنى ئاجايىپ يالقۇنلۇق، ئۆتكۈر سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلغان.

## يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پېنىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشى ۋە كەلگۈسىگە نەزەر

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ياڭ جېنىنىڭ 1922 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق فىزىك. 1957 ـ يىلى لى جېڭداۋ بىلەن بىللە نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ نۇتۇق ئۇنىڭ 1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خاربىندا سۆزلىگەن نۇتقىغا ئاساسەن رەتلەپ يېزىلغان.

2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى: بۇ نۇتۇقنىڭ مەركىزىي تېمىسى ئىلىم ـ پەننىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىيات مۇساپىسىدىن ئىبارەت. ئەسەردە جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىل ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىن بۇيانقى پەن ـ تېخنىكا تارىخىنى بايان قىلىش ئاساسىدا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ياۋروپادىن ئۈستۈن تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامانلاردا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى، هازىرقى تەرەققىيات ئىزلىرى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن خۇلاسىلەنگەن، شۇنداقلا جۇڭگو پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ كەلگۈسى 21 ـ ئەسىردىكى تەرەققىيات مەنزىرىسىگە بولغان تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن.

## دولان ياشلىرى (هېكايە)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** زوردۇن سابىر (1937 — 1998) غولجا ناهىيەسىدە تۇغۇلغان. مەشهۇر يازغۇچى. ئۇنىڭ «شەبنەم»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «ساداقەت»، «ئارچا ياپرىقى» قاتارلىق هېكايە ـ پوۋېستلىرى، «ئابرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق رومانلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ «شەبنەم» ناملىق هېكايىلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان. 1979 ـ يىلى يېزىلغان.

**2. ئەسەردىكى پېرسوناژ خاراكتېرى:** ئەسەردىكى پالتاخۇن ئاكا ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، مەرد، مىللىي سەنئەتنى چىن دىلىدىن سۆيۈپ قەدىرلەيدىغان ۋە ئۇنى قوغداشنى مەسئۇلىيىتىم دەپ بىلىدىغان سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر دېهقانلىرىنىڭ ئوبرازى.

مەتيا پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل

سەنئىتىگە بېغىشلىغان، سەنئەتنى ئۆزىنىڭ بايلىقى دەپ بىلىدىغان، سەمىمىي، خۇش پېئىل خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئوبرازى.

كەنجى تىرىشچان، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان، كىتابخۇمار، ئاتا ـ ئانىسىغا كۆيۈنىدىغان، غۇرۇرلۇق، ئىرادىسى مۇستەھكەم، قابىلىيەتلىك ياش، ئەمما «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن مىللىي سەنئەتنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كېيىن مۇھەببەت ۋە مۇھىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزگىرىپ، سەنئەتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن ياشلارنىڭ ئوبرازى.

**3. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** يازغۇچى ھېكايىدە كەنجى ئوبرازى ئارقىلىق، شۇ يىللاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دۆلەتكە، خەلققە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكى، 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېڭى يۈزلىنىش بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەنىۋى ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن ۋە ئازادە ئەدەم سۈپىتىدە يېڭى ھاياتقا قەدەم قويغانلىقىنى، شۇنداقلا «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» كۈرىشى جەريانىدا ئۇزۇكسىز بارلىققا كېلىۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېچىپ بەرگەن.

## شىراق (ھېكايە)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئابدۇللا ساۋۇت 1950 ـ يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاقتۇ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «دات باسماس قىلىچ»، «تاش بوران»، «چاقماق»، «ھاياتلىق زەنجىرى» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر مىللەتلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان «شىراق» ناملىق تاللانما ھېكايىلەر توپلىمىدىن قىسقارتىپ ئېلىنغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** يازغۇچى بۇ ھېكايىدە تارىخىمىزدىكى مەشھۇر «شىراق» رىۋايىتىنى ئاساسىي تېما قىلغان. «شىراق» ئوبرازى ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتەك قەھرىمانلىق خاراكتېرىنى ئۇلۇغلىغان.

## غەزەل

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** رەبغۇزى (1279 ـ 1351) نىڭ «قىسسەسۇلئەنبىيا» 72 بابلىق چوڭ ھەجىملىك نەسرىي ئەسەر بولۇپ، ھىجرىيە 710 ـ يىلى، مىلادىيە 1311 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يېزىلغان، بۇ شېئىر شۇ چوڭ ھەجىملىك نەسرىي ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدىن ئېلىنغان پارچە.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ئاپتور بۇ غەزەلدە ئۆزىنىڭ «قىسسەسۇلئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش جەريانى، ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن ئەجرى قاتارلىقلارنى سىمۋول، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئىخچام تىل ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

## ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئەلىشىر نەۋايى (1441 — 1501) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ۋە ۋەزىر. ئۇنىڭ «خەزائىنول مەئانى» (مە- نىلەر خەزىنىسى)، «خەمسە» (بەش داستان — «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەددىي ئىسكەندەر»، «ھەيرانۇل ئەبرار»، «سەبئەئىي سەييار»)، «مەجالىسۇن نەفا- ئىس» (گۈزەللەر يىغىلىشى)، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە)، «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» (كۆ- ڭۈللەر سۆيگۈنى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار، «نەۋايى» ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، ناۋا قىلغۇچى دېگەن مەنىدە.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** 18 بېيىتتىن تەركىب تاپقان بۇ مەسنەۋىدە ئەدەپ - ئەخلاق، شەرم - ھا- يا، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرگە مېھىر - شەپقەتلىك بولۇپ، شىرىن سۆزلۈك بولۇش، سۆزنى قىسقا، ئورۇنلۇق قىلىش، توغرا نىيەتلىك بولۇش، سەمىمىي، مۇلايىم بو- لۇش، راست سۆزلەش، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش، كىشى- لەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى، خۇلق - مىجەزلىرىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇش قا- تارلىقلار ھەققىدە پەند - نەسىھەت قىلىنغان، ھوقۇق - مەنسەپكە بېرىلىش ۋە نەسەبنىڭ يۇقىرىلىقىنى پەش قى- لىش ئارقىلىق ھەقىقىي شان - شەرەپكە ئېرىشكىلى بول- مايدىغانلىقىنى، قارا نىيەتلىك، يالغانچىلىق، ئەدەپسىزلىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ كىشىنى خار قىلىدىغانلىقىنى، ناچار مىجەز ـ ئادەت-لەرنى يوقىتۇرۇۋالماسلىق كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

## ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر
(ساياھەت ئەدەبىياتى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** گۇننار ياررىڭ (1907 — 2002) شىۋېتسىيەلىك. داڭلىق تۈركولوگ، «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەر-لىرى»، «قەشقەر تېكىستلىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈر-كىي يەر ـ جاي ناملىرى — لوپنۇر ۋە تارىم ۋادىسى تىمسا-لىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان.

قەشقەرگە قايتا سەپەر» ئىككى قىسىملىق كىتاب بو-لۇپ، 1979 ـ يىلى يېزىلغان. بىرىنچى قىسمىغا 1929 — 1930 ـ يىللاردىكى قەشقەرگە قىلغان تۇنجى سەپىرىنىڭ خاتىرىسى ۋە 1978 ـ يىلىدىكى قەشقەرگە قىلغان قايتا سەپىرىنىڭ خاتىرىسى كىرگۈزۈلگەن، ئىككىنچى قىسمىغا ئاپتورنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى: بۇ ئەسەردىن گۇننار ياررىڭنىڭ قەشقەرگە، قەشقەر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە، تا-رىخىغا بولغان قىزىقىشىنى، چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتەك كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ھېس قىلا-غىلى بولىدۇ.

## هايۋانلارنىڭ ئويىنىشىدىكى سىرلار
(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** جۇلىمىڭ.

2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى: ماقالىدە ئاۋۋال هايۋانلارنىڭ تۈرلۈك ئويۇن ئويناش هەرىكەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، هايۋانلار نېمە ئۈچۈن ئويۇن ئوينايدۇ؟ دېگەن سوئال ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى ئويلىنىشقا يېتەكلەپ، ئاندىن تۈرلۈك قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، هايۋانلارنىڭ ئويۇن ئويىنىشىدىكى سەۋەبلەرنى بىر قانچە نۇقتىدىن شەرھلەپ ئۆتكەن، مىساللار ئارقىلىق سېلىشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىدىغان ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن. ئاخىرىدا خۇلاسە قىلىنغان، ئادەملەرنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن هايۋانلارنىڭ قىلىقلىرىدىكى بەزى ئورتاقلىقنى هېس قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا بۇ هەقتە ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئىستىكى ئويغاتقان.

## بىر فىزىكنىڭ تەربىيەلىنىش جەريانى
(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** كاكو مىچىئو (ياپون قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىق فىزىك).

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ئاپتور ئەسىرىنى «باللىق چاغلىرىمدىكى ئىككى قىزىقارلىق ئىش مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنياغا بولغان چۈشەنچەمنى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇردى ھەمدە مېنىڭ بىر فىزىك بولۇپ قېلىشىمغا سەۋەبچى بولدى» دەپ باشلىغان، بالىلىق چاغدىكى بۇ ئىككى قىزىقارلىق ئىش ـ سازاڭ بېلىقلار دۇنياسى ھەققىدىكى قىياس بىلەن ئېينىشتېيىنىڭ تاماملانمىغان ئىشى بولۇپ، بۇلار ئويغاتقان ئىنتىلىشنىڭ ئاپتورنىڭ ئىلىم ـ پەن يولىدا ئىزدىنىشگە سەۋەب بولغانلىقىنى ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلغان ۋە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چۈشەندۈرگەن.

## قۇشلار نېمىشقا ئۇچالايدۇ؟
### (چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئابباس بۇرھان 1932 ـ يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «ھاياتلىق سىرى»، «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى»، «ئۆسۈملۈك ئاسراش ھەققىدە»، «مۆھىت ئاسراش ھەققىدە» قاتارلىق ئىجادىي ۋە تەرجىمە كىتابلىرى نەشر قىلىنغان، بۇ ئەسىرى «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ماقالىدە ئاپتور «قۇشلار نېمىشقا ئۇچالايدۇ؟»، «ئۇلارنىڭ ئۇچۇش ماھارىتى نېمىشقا شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ؟» دېگەن سوئاللار ئارقىلىق ئەسەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىنى مەركەز قىلغان ھالدا قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغا ماسلاشقان ئالاھىدىلىكلىرى (پەي، قانات، قۇيرۇق ۋە تەن تۈزۈلۈشىدىكى فىزىيولوگىيەلىك ۋە ئاناتومىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى)

ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى كونكرېت، ئىلمىي ھالدا لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە چۈشەندۈرگەن.

## مۇقام ئۇستازى

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا:** مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ــ داڭلىق دىراماتورگ، شائىر، يازغۇچى. ئۇ 1939 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ساقىيە مەھەللىسىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بۇ ئەسەر ئۇنىڭ «ئەزىزە» ناملىق دىراممىلار توپلىمىدىن ئېلىنغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك سەنئەت مۇقام بايلىقى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە نۇرغۇنلىغان پۇتلىكاشاڭلارنىڭ بولغانلىقى، ئەمما خەلقىمىزنىڭ مۇقاملارنى ۋە مۇقام ئۇستازلىرىنى «خەلقنىڭ بايلىقى» دەپ قاراپ، ئۇلارنى قوغداپ مۇقاملارنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭى جۇڭگودا مۇقامچىلارنىڭ قەدىرلىنىپ، مۇقاملارنىڭ قايتىدىن رەتلىنىپ ساقلىنىپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تۈردە تارقالغانلىقىدىن ئىبارەت خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن، شۇنداقلا يەنە مۇقاملارنى، مۇقاملارنىڭ تەرەققىياتىنى، ئۇنىڭغا تۆھپە قوشقان كىشىلەرنى بىلىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىلگەن.

**3. ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى:** تۇردى ئاخۇن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىرامىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇ-قامى» نى تولۇق بىلىدىغان ھەم كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان داڭلىق مۇقامچى، بارلىقىنى مۇشۇ ئىشقا بېغىشلىغان تارىخىي شەخس. قاسىمجان قەھ-رى: ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» نى توپلاش، رەتلەش، سىنىغا ئېلىپ قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان رەھبەر.

تىلماچ: ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، شەخسىيەتسىز، مەس-ئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، خەلقنىڭ سەنئىتىگە مەسئۇلى-يەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ۋە-كىلى.

## گۇلدۇرماما

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا:** ساۋيۇ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق دىراماتورگ. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ۋەن جىاباۋ بولۇپ، ساۋيۇ ئۇنىڭ تەخەللۇ-سىدۇر. ساۋيۇ 1910 ـ يىلى تيەنجىندە تۇغۇلغان. 1933 ـ يىلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا «گۇل-دۇرماما» ناملىق دىرامىسىنى يازغان. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئە-سىرى، شۇنداقلا نام قازانغان ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** جۇ پۇيۈەن بىلەن لۇ شىپىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ئارقى-لىق ئەينى دەۋردىكى يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ زالىم، رەھىمسىز، ھىيلىگەر، ساختىپەز، قانخور، ۋىجدان-

سىز ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولسا، جۇ پۇيۇەن بىلەن لۇ داخەي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئارقىلىق كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇش يەنى كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارنى رەھىمسىز ئەزگەنلىكى، قۇل قىلغانلىقىدەك پاجىئەلىك رېئاللىقنى يورۇتۇپ بەرگەن.

**3. ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى:** جۇ پۇيۇەن: قويۇق فېئوداللىق خاراكتېرىگە ئىگە ئەكسىيەتچى كاپىتالىست، «گۇلدۇرماما» دىكى پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان باش جىنايەتچى، كۆرۈنۈشى سالاپەتلىك، لېكىن رەھىمسىز، تاش يۈرەك، زالىم، ئۆچىغا چىققان ھىيلىگەر، ساختىپەز، قانخور، ۋىجدانسىز نائەھلى.

لۇ شىپىڭ: جۇ پۇيۇەن تەرىپىدىن خارلانغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەمگەكچى ئايال بولۇپ، خېلى كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە. ئۇ ئاق كۆڭۈل، غورۇرى كۈچلۈك، قەيسەر، لېكىن تەقدىرچىلىك خاھىشى خېلىلا كۈچلۈك ئايال.

لۇ داخەي: خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە، جەسۇر، قورقماس، ھەقىقەت ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان، فېئودال كۈچلەر بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلالايدىغان جىگەرلىك ئەزىمەت. ئەمما، ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئەينى دەۋردىكى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاجىزلىقلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## كاشغەر (رادىپلىق غەزەل، رادىپ ــ كاشغەر)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** گۇمنام (مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقىتى) (1634 ــ 1724) نى بۇ غەزەلنىڭ ئاساسەن قەشقەردە ياشىغان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** شائىر بۇ شېئىردا قەشقەرنى ئاشىقلارغا قىبلىگاھ بولىدىغان، مېھىر ـ شەپقەت بىلەن تولغان، قىز ـ ئاياللىرى گۈزەل، تاغۇ تاشلىرى ئۈنچە ـ مارجان، سۇلىرى ئابىكەۋسەر، تۇپراقلىرى خۇشبۇي ئىپار، خارابىلىكلىرىمۇ سۇلايمان دۆلىتىگە تەڭ، لالىزارى جەننەتتىن تۇمەنمىڭ ھەسسە ئارتۇق، كىشىلىرىنىڭ تىلى شېرىن، كېلىشكەن، ئادەمنىڭ دىل بەھرىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان شەھەر، دەپ تەرىپلىگەن، بۇ ئارقىلىق كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى ئىپادىلىگەن.

## كوللىيات مەسنەۋى خەراباتى (مەسنەۋى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئابدۇللا خەراباتى (1638 ــ 1730) ئاقسۇدا تۇغۇلغان. «خەراباتى» ئۇنىڭ تەخەللۇسى، بۇ سۆز «دائىۋايى ئىشىق بىلەن خارابلاشقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** شائىر بۇ شېئىردا ئالىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى، ئىلىمنىڭ خاسىـ

يىتى، بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى قاتارلىق مۇھىم مەسىلە-لەر ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان ۋە ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئىلغار كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەخلاق ئومۇمىيۈزلۈك بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن 17 ـ، 18 ـ ئە-سىر ئىجتىمائىي ھاياتىدا بۇ ئەسەر ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئەسەردە شائىر جەمئىيەت ئەھۋالىنى تۈزىتىش-نىڭ بىردىنبىر يولى ئىلىم ـ مەرىپەت دەپ ھېسابلايدۇ، بۇ جەھەتتىكى ئۈممىدىنى ئىلىم ـ مەرىپەت تارقاتقۇچى ئا-لىملارغا باغلايدۇ ھەمدە ئالىملارنى قىزغىن مەدھىيەلەپ، كىشىلەرنى ئالىملارنى ھۆرمەتلەشكە، ئىلىم ئۆگىنىشكە، ئەمەلىي ئىش قىلىشقا، بىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلۇشقا، ئى-لىمنىڭ خاسىيىتىدىن مەنپەئەتلىنىشكە چاقىرىدۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئالىملارنى ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

## ئانا (رادىفلىق غەزەل)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئابدۇللا پوسكامى (؟ ـ 1876) پوسكام ناھىيەسىدىن، شائىر، ئۇنىڭ «كىتابى ئاب-دۇللا» ناملىق 19 بابلىق شېئىرىي ئەسىرى بار.

2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى: شېئىردا شائىر ئاتا بوغۇچىنىڭ بارلىقىنى بالىلىرىنىڭ خۇشاللىقىغا، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بېغىشلايدىغانلىقى، بالىلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈ-شىگە يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولىدىغانلىقى، ئۆزى جاپا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارتىسىمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ راھەتتى ئۇچۇن قۇربانلىق بېرىدىغان پىداكارلىق روھىدىن ئاتىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى، شەخسىيەتسىز بېغىشلاش روھىنى، مېھماندوست، كەڭ قورساق خاراكتېرىنى مەدھىيىلىگەن، پەرزەنتلەرنى ئاتىلارنى ئەزىزلەشكە، ھۆرمەتلەشكە دەۋەت قىلغان.

## كىيىم ـ كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى (مۇھاكىمە ماقالىسى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئابدۇكېرىم راخمان 1941 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى. «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» قاتارلىق تەتقىقات ئەسەرلىرى بار. بۇ ماقالىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىنغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ماقالىدە نۇقتىلىق قىلىپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ شۇ مىلەتنى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم سىمۋوللۇق بەلگە سۈپىتىدە مىللىي كىملىكنى ۋە مىللىي خاسلىقنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقى، شۇڭا بۇ خىل خاسلىقنى قەدىرلەش ھەم ئەتىۋارلاشنىڭ مۇھىملىقى، كىيىم ـ كېچەكلەر ـ

نى لايىھەلىگەندە ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىللە، زامانغا لايىقلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان.

## ئەكىلىشپەرۋەرلىك (فېلىيەتون)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** لۇ شۈن ــ ئەسلىي ئىسمى جۇشۇرىن (1881 ــ 1936)، جېجياڭ ئۆلكىسىدىن، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەشھۇر يازغۇچى، جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ھېكايە، پوۋېست، فېلىيەتونلىرى بار. بۇ ئەسەر «تېرىقاش» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىنغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ئاپتور بۇ فېلىيەتونىڭ 1 ـ بۆلىكىدە (1 ـ، 2 ـ ئابزاسلاردا) ھەجۋى قىلىش ئارقىلىق «سۇڭلاپ بېرىش» كە تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان «ئەكېلىش» مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ 2 ـ بۆلىكىدە (3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئابزاسلاردا) كىنايە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ «سۇڭلاپ بېرىش» نى تېخىمۇ چوڭقۇر تەنقىد قىلىش بىلەن بىللە، «سۇڭلاپ بېرىش» بىلەن «تاشلاپ بېرىش» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە پەرقىنى مۇھاكىمە قىلغان ھەم شۇ ئاساستا «ئەكېلىشپەرۋەرلىك» نى تەشەببۇس قىلغان؛ 3 ـ بۆلەكتە (6 ـ، 7 ـ ئابزاسلاردا) «ئەكېلىپ بېرىلگەن» نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىپ، «ئەكېلىپ بېرىش» نى قاتتىق تەنقىدلىگەن ۋە بۇ ئارقىلىق «ئېلىپ كېلىش» نىڭ «كاللىمىزنى ئىشلىتىپ، كۆزىمىزنى ئېچىپ، ئۆزىمىز ئەكېلىشىمىز كېرەكلىكىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىبارەت توپ پىرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 4 ـ بۆلەكتە (8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئابزاسلاردا) مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تۇتۇلغان ئۈچ خىل خاتا پوزىتسىيە تەنقىدلىنىپ، «ئەكېلىش-پەرۋەرلىك» تەرەپدارلىرى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نىسبەتەن تاللاش ۋە ئىجاد قىلىش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇش كېرەك، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## تىل ـ ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا
### (مۇھاكىمىلىك ماقالە)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** سۇ بۇچىڭ (1902 ــ 2003) جېجياڭدا تۇغۇلغان، جۇڭگو ھازىرقى زامان ماتېماتىكا ئالىمى. ماتېماتىكىغا ئائىت 160 پارچە ماقالىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ماقالىدە تىل ـ ئەدەبىيات بىلەن ماتېماتىكا گەرچە ئايرىم پەنلەر بولسىمۇ، ئەمما بىر ـ بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، ماتېماتىكىنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پەنلەرنىڭ ئۇلى بولغان تىل ـ ئەدەبىياتىمۇ ياخشى ئۆگىنىش كېرەكلىكى مۇھاكىمە قىلىنغان. ياشلارنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ قىممەتلىك پەيتى بولغان ساغلام، بەقۇۋۋەت، خاتىرىسى كۈچلۈك، تەپەككۇرى ئۆتكۈر، دەۋرىنى چىڭ تۇرۇپ ھەرقايسى پەنلەرنى ياخشى ئۆگىنىش، ماتېماتىكا ۋە تىل ـ ئەدەبىياتنى تەڭ ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

# كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى
(ئەدەبىي تەرجىمىھال)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** كۆلتېگىن (684 ـــ 731) ئىككىنچى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى بىلگە خاقانىنىڭ ئىنىسى. ئۇ ئاكىسى بىلەن خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پەۋقۇلئاددە تۆھپە قوشقان سەركەردە. ئۇنىڭ تۆھپىلىرى ئاجايىپ نەپىس تىل بىلەن مەڭگۈتاشقا ئويۇلغان. مەزمۇنىنى بىلگە قاغان ئېيتىپ بەرگەن، خەت ئۇلارنىڭ جىيەنى، خەتتات يوللۇغ تىگىن تەرىپىدىن چېكىلىپ، 732 ـ يىلى ئورنىتىلغان. 1889 ـ يىلى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى كوچو ـ سايدام دېگەن كۆل بويىدىن تېپىلغان، شۇڭا «كوچو ـ سايدام مەڭگۈتېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تۆت تەرەپلىك تاش بولۇپ، ئۈچ يۈزگە تۈرك ـ رونىك يېزىقى (بۇ يېزىق ئورخون ـ يېنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دا، بىر يۈزگە خەنزۇ يېزىقىدا تېكىست ئويۇلغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** بۇ «مەڭگۈتاش» تا كولتېگىننىڭ ئۇرۇش جەريانىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرى، جەڭ ماھارىتى، قەيسەرلىكى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ باتۇر، چەبدەس، قورقماس قەھرىمانلىق خاراكتېرى كۆرسىتىلگەن، شۇنداقلا ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە مۇناسىپ يۇك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەك ئورۇنغا ئىگە «مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئا-ساسەن كۆكتۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ، ئۇلار 1300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى خەلقلەرنىڭ تىلىنى، تارىخىنى، ئەدەبىيات - سەنئىتىنى، ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەك-شۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە، مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتكە ئىگە ھۆججەت ۋە بايلىق.

## يۈرىكىم يىغلايدۇ (ئەدەبىي تەرجىمىھال)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئەختەم ئۆمەر 1963 - يىلى مەكىت ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. داڭلىق يازغۇچى. ئۇنىڭ «يېپ-گانە ئارال»، «باياۋاننىڭ سىرى» ناملىق رومانلىرى، «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، قىيامەتتە قالغان سەھرا» قاتارلىق ھېكا-يە، پوۋېست توپلاملىرى بار.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** بۇ ئەسەر 1998 - يىلى يېزىلغان. ئىككى چوڭ بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان بو-لۇپ، ئالدىنقى بۆلىكىدە يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ۋاپا-تىنى يېزىش ئارقىلىق ئۇنىڭ خەلق قەلبىدىكى يۇكسەك ئورنىنى، خەلقىمىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى-نى ئىپادىلىگەن؛ كېيىنكى بۆلەكتە يازغۇچىنىڭ مەكتەپتى-كى پائالىيەتلىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېسىل خىس-لەت - پەزىلەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھەمدە ئالىم - ئۆ-لىما، بىلىملىك زاتلارنى، ئەدىب - سەنئەتكارلىرىمىزنى

هايات ۋاقتىدا ئوبدان قەدىرلەش كېرەكلىكىنى ئىپادىلىگەن.

## ليەن پو ۋە لىن شياڭرۇ قىسسىسى
(تەزكىرە ئەدەبىياتى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** سىماچيەن (م ب 145 ــ 87) خەن سۇلالىسىدە ياشىغان مەشھۇر ئەدىب ۋە تارىخشۇناس. ئۇنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرى جۇڭگو تارىخىنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ قېلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

لىن شياڭرۇ يىراقنى كۆرىدىغان، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان، تەدبىرلىك، دانا، باتۇر، قەيسەر، تۈز كۆڭۈل، قارنى ـ كۆكسى كەڭ، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە ۋەزىر.

ليەن پو گەرچە باتۇر، قەيسەر، ئەلەم ماھارىتىدە تەڭداشسىز بولسىمۇ لىن شياڭرۇدەك يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، قىسمەن ھەسەتخورلۇق ئىللەتلىرىگە ئىگە، لېكىن خاتالىقىنى تونۇشقا جۈرئەتلىك سەركەردە.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** تېكىستتە ئاساسلىق قىلىپ لىن شياڭرۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، باتۇر، قورقماس روھى قىزغىن مەدھىيەلەنگەن. ئەسەردە لىن شياڭرۇنىڭ بۇ خىل روھى قاشتېشىنى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ كېلىش ۋە مىيەنچىدىكى ئۇچرىشىش جەريانىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئەمما ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر نۇقتا شۇكى، ئۇ ليەن پو بىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەن بولغان ئۇقۇشماسلىقنى تۈگەتمەكچى بولغاندا، كۈرەش جەريانىدىكى خاراكتېرىدىن پەرقلىق ھالدا كەڭ قورساق، ئەپۇچان، شەخسىيەتسىز خاراكتېرىنى نامايان قىلىدۇ ۋە تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا ئىچىدىكى ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزئارا كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇپ، ئىناق ئۆتۈش، زىچ ھەمكارلىشىش كېرەكلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى چۈشەنگەن لىيەن پو ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىك قىلغانلىقىدىن ناھايىتى خىجىل بولۇپ، دۈمبىسىنى يالىڭاچلاپ، تىكەنلىك شاخنى يۈدۈپ لىن شياڭرۇنىڭ ئالدىغا كەچۈرۈم سوراپ بارىدۇ. بۇ ئەدەبىي تەرجىمىھالدا ئاپتور بۇ ئىككى سەركەردىنىڭ خاراكتېرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جانلىق ۋە تەسىرلىك يورۇتۇپ بەرگەن.

## ئوۋچى ئەسلىمىلىرى

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا:** تۇختى ئايۇپ 1945 ـ يىلى كۇچا ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ھېكايىدە ئوۋچىلىق ۋە ئوۋچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى تېما قىلىنغان. ئاپتور بۇ تېما ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتى، ئۆز نەپسى ۋە خۇشاللىقى ئۈچۈن باشقا جانلىقلارغا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق

قىلىۋاتقانلىقىدەك قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان ھەمدە بىر قىسىم كىشىلەردىكى دىلى بىلەن تىلى بىر دەك بولماسلىق، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاچ كۆزلۈك قىلىش، ئۆز پايدىسىغا پەتىۋا چىقىرىپ ئادىمىيلىك ئەھكاملىرى ۋە ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلارنى بۇزۇشتەك ئىللەتلەرنى ئېچىپ تاشلىغان. «مەن» نىڭ ئوۋدىن كېيىنكى پىسخىكىلىق تەسۋىرلىرى ۋە پۇشايمىنى ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھايۋانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرغان.

**3. پېرسوناژلار: 1) باۋۇدۇن ئاخۇن:** ئادىمىيلىك خىسلەتكە ئىگە، ئۆز كەسپىگە ۋە كەسپىي ئەخلاقىقا رىئايە قىلىدىغان، ھەق ـ ناھەق قارىشى ئېنىق پېرسوناژ.

**2) ئىمام ئاخۇن:** ئاتالمىش «ھۆرمەت، نوپۇز ئىگىلىرى» نىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئازغىنا ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەرقانداق مىزان ، قائىدە، ئۆرپ ـ ئادەتنى، ئىنسانىيلىقنى قايرىپ قويۇپ، تەبىئەت جانلىقلىرىغا رەھىمسىزلىك قىلىدىغان، ھايۋانىي خىسلەتكە ئىگە قانخور كىشى.

## ئالا ئىت قىياسى (پوۋىست)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا:** چىڭغىز ئايتماتوف 1928 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قىرغىزىستاننىڭ تالاس ئوبلاستىدىكى شىكەر ئاۋۇلىدا تۇغۇلۇپ 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمەلىي مىساللارنى ئېلىپ چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان.

## مۇھەممەت باغراش ئىزدەنمە ھېكايىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى (ئەدەبىي ئوبزور)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** كېرىمجان ئابدۇرېھىم 1965 ـ يىلى كونىشەھەر ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئوبزورچى. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدچىلىك مەسىلىلىرى»، «ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەققىدە»، «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى» ناملىق توپلامدىن ئېلىنغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** بۇ ئوبزوردا مۇھەممەت باغراش ئىجادىيىتىدىكى ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بولۇش، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزىش، ئەسەر ئىدىيەسىنىڭ ئابستراكتلىقى، سىمۋول ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئەسەردە غەلىتە تەركىب، تەپسىلاتلار بولۇش، ئەسەرنى ۋەقەسىزلەندۈرۈش قاتارلىق ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

## ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخى«دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى ( قىسقا خەۋەر )

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** جۇرئەت كامىل

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** بۇ قىسقا خەۋەر بولۇپ، «نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامدىن ئېلىنغان. خەۋەرنىڭ بىرىنچى ئابزاسىدا ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخى «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» دىن ئورۇن ئالدى، دەپ يېزىلىپ، خەۋەرنىڭ ئەڭ قىزىق نۇقتىسى، جەلپكار مەزمۇنى قىسقا، ئېنىق، ئوـمۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەنگەن. كېيىنكى ئابزاسلاردا بىرىنچى ئابزاستىكى مەزمۇن كونكرېتلاشتۇرۇلغان، پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

## كېلەچەككە تۇتاشقان رىشتە
(ئەدەبىي ئاخبارات)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم 1969 ـ يىلى چاپچالدا تۇغۇلغان.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** غازى ئەھمەتنىڭ «خاماندا»، «جىنايى ھۆكۈم»، «مۇقام» قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولغان ماي بوياق رەسىملىرىنىڭ تە ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىرى، ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت مائارىپى ۋە رەسساملىق سەنئىتى ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت دەرىجىلىك سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى بەجانىدىل ئىشلىگەنلىكى، نۇرغۇن شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەنلىكى، ماي بوياق رەسىمدىن باشقا، جۇڭگوچە رەسىم، ھۆسنخەت، ھەيكەلتىراشلىق، نەقاشلىق، مىنىياتۇرا قاتارلىق كەسىپلەردىمۇ زور تۆھپە ياراتقانلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىنى بېزەش خىزمىتىدە گۈزەل سەنئەت باش لايىھەلىگۈچىلىك ۋەزىپىسىنى ناھايىتى سۈپەتلىك تاماملاپ، ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى قاتارلىق ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ئاخىرىدا غازى ئەھمەد ئاكا بىلەن بولغان سۆھبەت مەزمۇنى ئەينەن بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، خەلقى ۋە كەسپىنى سۆيۈش، بۇلارغا ئۆزىنى بېغىشلاش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۇزۇكسىز يېڭىلىق يارىتىش روھى، دۇرۇس خىزمەت ئىستىلىغا ئىگە بولۇشتەك كۆچلۈك دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

## ئوسۇۋىتىسىمدا خەۋەر قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق (تەپسىلىي خەۋەر)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** روسسېنتار (ئامېرىكا مۇخبىرى).

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ئاپتور «ئوبيېكتىپ خەۋەر قىلىش»، «مۇخبىر خەۋەرگە شەخسىي ھېسسى-

ياتىنى ئارىلاشتۇرماسلىق» تەك رامكىلارنى دادىل بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقا ساياھەتچىلەرنىڭ ئۇسۇۋىتىسىم لاگېرىنى ساياھەت قىلغان چاغدىكى تەسىراتلىرىنى ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلغان. ساياھەتچىلەرنىڭ ئورۇش ئاخىرلىشىپ 13 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئەينى يىللاردىكى ئوسۇۋىتىسىم جازا لاگېرىدىكى زەھەرلىك گاز ئۆيلىرى، جەسەت كۆيدۈرۈش ئۆيلىرى، ئاياللار كامېرى، تەجرىبىخانا، خاتىرە تېمى، بوغۇپ ئۆلتۈرۈش جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان يەر ئاستى ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلغاندا ساياھەتچىلەرنىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەن ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنگە ئەينى دەۋردىكى پاجىئەنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

## جانلىقلار جەمئىيىتى
(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** لۇئىس توماس (1913 — 1991)، ئامېرىكا

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** بۇ ئەسەردە بىر قىسىم توپلىشىپ ياشايدىغان جانلىقلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ھەرىكەت جەريانىدا ئىپادىلەيدىغان يۇكسەك ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئىپادىلىگەن. «نۇرغۇن يەككە ھايۋانلارنىڭ بىرلىشىپ جانلىقلار توپى ھاسىل قىلىش ھادىسىسى» نى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنئەنىۋى بىيولوگىيەدىكى يەككە ھەرد-كەت ۋە ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنى زىيادە تەكىت-لەشتەك نۇقتىئىينەزەرىگە قارىتا ئويلىنىش ئېلىپ بې-رىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى قارىغۇلارچە چوڭ تۇتىد-غانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ كىرىزىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى تولۇق تونۇپ كەتمىگەنلىكىگە قارىتا ئا-گاھلاندۇرۇش بەرگەن.

## ئادەم بەدىنىنىڭ قورغىنى — تېرە
(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** پەرىدە ئابلىز 1965 - يىلى پىچاندا تۇغۇلغان. تېرە كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە دوكتور ئاشتى.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** ئاپتور بۇ ماقالە-دە ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم ئورگان بول-غان تېرىنىڭ تۈزۈلۈشى، رولى، تېرىدە بولىدىغان ئۆزگى-رىشلەرگە ئاساسەن ھەر خىل كېسەللىك ئالامەتلىرىنى بى-لىۋالغىلى بولىدىغانلىقى ۋە تېرىنى قانداق ئاسراش كې-رەكلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق چۈشەنچە بەرگەن. لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن، چۈ-شەندۈرۈشنىڭ ئېنىقلىما بېرىش، تۈرگە ئايرىش، سانلىق مەلۇمات كەلتۈرۈش، مىسال كەلتۈرۈش، سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

# يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

(چۈشەندۈرۈش ماقالىسى)

**1. ئەسەرنىڭ ئاپتورى:** ئۇمىد خالىق 1966 ـ يىلى ئاۋاتتا تۇغۇلغان، پوسدوكتور.

**2. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى:** بۇ ئەسەردە ئاپتور يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ھەم پايدىلىق ھەم زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى يازغان، شۇنداقلا يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى توغرا، پىششىق، سىستېمىلىق ئېگىلەش ئارقىلىق يەر ئاستى سۈيىنىڭ پايدىسىز تەسىرىنى ئازايتىپ، پايدىلىق تەسىرىنى يەنىمۇ جانلاندۇرغىلى، ئۇنى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئون بىرىنچى باب   ئىجادىيەت

## يېزىقچىلىق

### قەلب ئورتاقلىقى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدى-غان ئادەم ۋە ئىشلارنى يېزىش

**تېما ھەققىدە مۇھاكىمە**

تۇرمۇش تولىمۇ رەڭدار، بىراق بىرەر نەرسىنى يازماقچى بولغىنىمىزدا ئۇ دائىم تولىمۇ قۇرغاقتەك، يازغۇدەك ھېچ-نېمە يوقتەك ھېس قىلىپ قالىمىز. بۇنىڭغا تۇرمۇشنى كۆزىتىشكە ماھىر بولمىغانلىقىمىز سەۋەبچى بولغان. ئەمە-لىيەتتە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىر ـ بىرىدىن ئانچە پەرق-لىنىپ كەتمەيدۇ. ھەرقانچە مەشھۇر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشى-مۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. بىرلا پەرقى، ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا سەزگۈر، تۇرمۇشتىكى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالالايدىغان نەرسە-لەرنى بايقىيالايدۇ. شۇڭا بىزدە مۇشۇنداق سەزگۈرلۈكنى يېتىلدۈرىدىغان ئاڭنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئالەمگە مەشھۇر بۈيۈك شەخسلەر، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان چوڭ ۋەقەلەر بىزنى ھاياجانغا سېلىپلا قالماي، يەنە

كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى گۈزەل نەرسىلەرمۇ بىزنىڭ يۈرەك تارىمىزنى چېكەلەيدۇ. مەسىلەن: سەممىيلىك بىلەن ئېيتىلغان بىرەر ئېغىز گەپ، ئاق كۆڭۈللۈك بالقىپ تۇرىدىغان تەبەسسۇم دېگەندەكلەر. قەلبىمىز ئويغاق، سەزگۈر بولىدىكەن، تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلارنى ھەر ۋاقىت ئۇچرىتىپ تۇرالايمىز.

تۇرمۇشتا كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئادەم ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىزدە ئۇنى بايقايدىغان سەزگۈر قەلب بولمىغانلىقتىن، بىزنى ھاياجانغا سالالمايدۇ. تۇرمۇشقا تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يۈزلىنەلىگەندىلا، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكلەرنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

تەسىرلىنىش ھېسسىيات جەھەتتىكى ئورتاقلىقنىمۇ، ئىدراكىي ئويلىنىشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. سىز ھاياجانلىنىپ باققانمۇ؟ تۇرمۇشتىكى قايسى تەرەپلەر سىزنى تەسىرلەندۈرگەن؟ سىزنى تەسىرلەندۈرگىنى قانداق ئادەم ياكى ئىشلار؟ سىز قانداق تەسىراتقا ئىگە بولغان؟

ئادەتتە، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئادەم ۋە ئىشلارنى يېزىشقا مۇنداق بىر نەچچە تەرەپتىن تۇتۇش قىلىشقا بولىدۇ.

تەسىرلەندۈرۈش نۇقتىسىنى قېزىش: بۇنىڭدا ئاۋۋال ئۆز تۇرمۇشىدىكى جۇغلانمىلاردىن خام ماتېرىيال تېپىش كېرەك. بۇنىڭدا، نېمە ئىش، قەيەردە بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن دېگەندەك نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش ھەمدە ئۇنى قېزىش ئىنتايىن مۇھىم. تەسىرلەندۈرۈش نۇقتىسىنى قازغاندا تەپسىلاتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى ئوبرازلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

خام ماتېرىيالنى پىششىقلاش: خام ماتېرىيالنى پىششىقلاش جەريانى ئادەتتە باش تېمىنى قېزىش، ئىدىيەنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت. شۇڭا، بىزنى تەسىرلەندۈرگەن ئادەم ۋە ئىشلار ئارىسىدىن قىممەتنى بارلىرىنى تاللاپ ۋە پىششىقلاشقا ماھىر بولۇشىمىز ھەمدە ئۇلار نېمىشقا بىزنى تەسىرلەندۈردى. بىز قانداق ئىلھامغا ئېرىشتۇق، دېگەن نۇقتىلار بويىچە يېزىشنى باشلىشىمىز كېرەك.

قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش: يېزىشتىن ئاۋۋال نېمىنى، كىمنى يېزىش ھەمدە بايانىنى قايسى نۇقتىدىن راۋاجلاندۇرۇشنى ئويدان ئويلىشىمىز كېرەك.

يېزىقچىلىق مەشىقى

1. ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن ئادەم ۋە ئىشلار ساقلانغان بولىدۇ، قېنى ئەسلەپ بېقىڭ، سىزنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى كىم ۋە نېمە ئىش؟ ئاندىن «تەسىراتىم» دېگەن سۆزدىن بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ. ئەسەرنىڭ ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ.

2. ھايات بەئەينى ئېقىپ تۇرغان ئەزىم دەرياغا ئوخشايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىلگىرىكى ئەسلىمىلەر بارغانچە غۇۋالىشىپ بارىدۇ، لېكىن بەزىبىر بەزى ئادەم ۋە ئىشلار قەلب تەكتىگە چوڭقۇر ئورناپ، ھەر ۋاقىت كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولۇپ تۇرىدۇ. «ھەر قېتىم ئاشۇ كۈننى ئەسلىگىنىمدە» دېگەن تېمىدا بىر پارچە بايان خاراكتېرلىك ئەسەر يېزىپ بېقىڭ.

# تەبىئەت دۇنياسىغا يېقىنلىشىش، مەنزىرە تەسۋىرىدە ئالاھىدىلىكنى چىڭ تۇتۇش كېرەك

## تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

نېمىشقا ياپيېشىل دالىلارغا بېرىپ سەيلە قىلساق كۆڭ-لىمىز يايراپ كېتىدۇ؟ نېمىشقا شەھەرلىكلەر تاغقا يېقىن يېشىلچىلىق جايلاردىكى ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قى-لىشىدۇ؟ نېمىشقا كىشىلەر گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرسە ھا-ياجانغا چۈمۈشىدۇ؟ چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى تەبىئەت دۇنياسى، يەنى ئەتراپىمىزدىكى ياشاش مۇھىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىن ماددىي ئېھتى-ياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، يەنە مەنىۋى جەھەتتىنمۇ تەسەل-لى تاپالايدۇ.

ئىنسانىيەت تەبىئەت دۇنياسىدىكى سانسىز مەۋجۇداتنىڭ بىرى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇلارنىڭ قې-رىنداشلىرى بار. ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچرى-شىش جەريانىدا باشقا مەۋجۇدات بىلەن مەلۇم باغلىنىشقا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇلاردا دائىم بەلگىلىك تونۇش ۋە باغلانما تەسەۋۋۇرلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. تېز ئېقىپ كې-تىۋاتقان دەريا ــ ئېقىنلارنى كۆرگىنىمىزدە كەتكەن ۋاقىت-نىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى؛ قايتا ئۇنۇپ چىققان گى-ياھلارنى كۆرگىنىمىزدە ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر چىداملىقلى-قىنى ئويلاپ يېتىمىز، جىمجىت، خىلۋەت ئورمانلىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇرساق، پاراكەندە كۆڭلىمىز ئارام تېپىپ قالىدۇ؛ بورانلىق يامغۇرغا دۇچ كەلسەك، ئىچىمىز سىقىلىدۇ. يالغۇز بىر كۆز يەسلىنىلا ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇ نۇرغۇن ئوخشىمىغان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. تاغلارنىڭ تاقىرلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسەك غەمكىنلىككە تولىمىز. مەي بولۇپ پىشقان مېۋىلەرنى كۆرسەك خۇشاللىقتا چۆمىمىز، كۆز يەنە ئايلىنىپ كېلىپ قالغاندا بولسا ھاياجانلىقنىڭ داۋاملىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

## يېزىقچىلىق مەشقى

تەبىئەت دۇنياسىغا يېقىنلىشىش، تەبىئەت دۇنياسىنى تونۇش، تەبىئەت دۇنياسىدىن زوق ئېلىش ئارقىلىق ھېسسىياتنى تاۋلاپ، لىرىك ھېس - تۇيغۇلارنى ئىزھار قىلغىلى بولىدۇ. سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟ تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

1. تۆۋەندىكى تەلەپلەر بويىچە بىرەر بەتلىك مەنزىرە تەسۋىرى يېزىپ بېقىڭ:

1) «ئىسسىق» سۆزىنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ، مەلۇم مەنزىرە تەسۋىرى ئارقىلىق ھاۋانىڭ بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى ھەم ئادەملەرنىڭ دىمىقچىلىقتا چىدىيالماي قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىڭ.

2) گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغقان چاغدىكى مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ بېقىڭ.

2. كۆز مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىپ، بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ. تېمىسى ۋە ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ.

# پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى يارقىنلىق. ئادەملەرنى يازغاندا خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك

## تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۈزەللىك پەردازسىزلىقى، تەبىئىيلىكى بىلەن نۇرانە كۆرۈنىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگىمۇ نۇرغۇن گۈزەللىكلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەمما، بۇنى پەقەت گۈزەل قەلبكە ئىگە ھەمدە كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنى پايقىيالايدىغان كىشىلەرلا بىلەلەيدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا قايسى كىشىلەر سىزگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان؟ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىڭىزدا سىزگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەر بارمۇ؟

## يېزىقچىلىق مەشىقى

1. كوچا، بازارلارغا چىقىپ، ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان، موزدۇزچىلىق قىلىۋاتقان يەنە باشقا ئىشلارنى قىلىۋاتقان كىشىلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھەرىكەتلىرى ھەمدە ئۇلانما ھەرىكەتلىرىنى يېزىپ بېقىڭ. بۇنىڭدا ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىڭىز ئەكس ئەتسۇن.

2. بىرەر بوۋاينى تەسۋىرلەپ يېزىپ بېقىڭ. بۇنىڭدا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى قىياس قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ ئۇنىڭ قوللىرى، يۈزى ۋە بەدىنىگە قانداق ئىزنالارنى سالغانلىقىنى تەسۋىرلەشكە، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى، ئىنسانىي پەزىلىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېرىڭ.

3. ئاۋامدىن ئالاھىدە پەرقلىق كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا «غەلىتە ئادەم» دەپ قارىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ «غەلىتىلىكى» ئارقىسىدا نۇرغۇن ياخشى تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. سىز شۇنداق دەپ قارالغان كىشىلەردىن بىرەرنى تېپىپ كۆزىتىپ بېقىڭ ھەمدە ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى يېزىپ بېقىڭ.

4. بەزىلەر ئىنسانىي پەزىلەت پەقەت ئېسىل كىشىلەردىلا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ھاياتنىڭ ھېچقانچە قىزىقى يوق، ئىنسانىي پەزىلەت دېگەندىن سۆز ئېچىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئىنسانىي پەزىلەتنى تۇتقىلى بولمايدۇ، ئۇنى بار بولسۇن دېسىڭىز بار بولىدۇ، يوق بولسۇن دېسىڭىز يوق بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ھەرقانداق كىشىدە ئىنسانىي پەزىلەت بولماي قالمايدۇ، دەپ قارىشىدۇ... ئىنسانىي پەزىلەت بىزدىن زادى قانچىلىك يىراقلىقتىدۇ؟ ئۇنىڭ «سىرلىق ئىزنالىرى» نى تاپقىلى بولارمۇ؟ رېئال تۇرمۇشىڭىزدىكى ۋەقە ۋە ئادەملەر بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا كۆزقارىشىڭىزنى ئىپادىلەپ بېقىڭ.

## مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان دۇنيا. شەيئىلەرنى دولقۇنسىمان يېزىش كېرەك

### تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

جەمئىيەتتىكى شەيئىلەر مۇرەككەپ كېلىدۇ. ئۇنداقتا،

ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى قەيەردە؟ بەلكىم بۇ ئاساسلىقى ئۇنىڭ «كۆپ تەرەپلىمىلىكلىكى» ۋە «ئۆزگىرىشچانلىقى» دا بولسا كېرەك.

سېرۋانتېسنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرى «دون كىخوت» تىكى دون كىخوت رىتسارلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى تولا ئوقۇپ نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان ئەخمەق تىپ. ئۇ نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئالىيجانابلىقمۇ بار. ئۇ ناھەقچىلىقنى كۆرسە كۆكرەك كېرىپ چىقالايدۇ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى «كۆپ تەرەپلىمىلىك».

جەمئىيەتتىكى شەيئىلەر يەنە «ئۆزگىرىشچان» كېلىدۇ. بىر پارچە ئەسەر ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، شۇڭا يانشى ئەسەردە شەيئىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغان ئېلىنغان «كۆپ تەرەپلىمىلىك» ۋە «ئۆزگىرىشچانلىق» قا قانداق قارايسىز؟ كونكرېت مىسال ئېلىپ، بۇ ھەقتىكى تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ باقالامسىز؟

**يېزىقچىلىق مەشقى**

ئۇلار زادى كىملەردۇ؟

xx ساۋاقداش مومىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. يېقىندا مومىسى پۇتىنى سۇندۇرۇۋالغانلىقتىن، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. xx ھەر كۈنى مەكتەپتىن يېنىپلا مومىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى ئالدىراپ ئۆيىگە قايتىدۇ. بىراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەر كۈنى ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ كىرىشكە تېرىشىپ، مۇمكىن بولسا بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلسە، «بىر نەچچە ساۋاقدىشىڭ تېخى ھېلىلا ئۆيدە ئىشلىرىنى قىلىشىپ بىرىپ كېتىپ قالدى» دەيدۇ. ئۇلار زادى كىملەردۇ؟....

## ئۇچۇشسىزلىققا دادىل يۈزلىنىش، تەسۋىرلەشنى ئۆگىنىش

### تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئۇچۇشسىزلىقمۇ بىر خىل مەكتەپ، نۇرغۇن داڭدار، بۈيۈك شەخسلەر مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چېنىقىپ، ئاجايىپ شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇچۇشسىزلىق ئالدىدا باش ئەگمەي، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان پېرسوناژلار ھەققىدىكى تەسۋىرلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: بىتخوۋېن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە داڭلىق كومپوزىتور. ئۇ ئىجادىيەتتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە گاس بولۇپ قالغان. لېكىن، ئۇ بەختىسىز تەقدىر بىلەن قەتئىي ئېلىشىپ، مۇزىكا ئىجادىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن داۋاملاشتۇرغان.

سىز ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا قانداق ئۇچۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىسى سىزگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن؟ بۇ ئۇچۇشسىزلىققا قارىتا سىز قانداق مۇئامىلىدە بولغان؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئويدانراق ئويلىشىپ كۆرۈپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىقىڭ. بۇ ئېھتىمال سىزنىڭ كىشىلىك ھايات يولىڭىزدىكى بىباھا روھىي بايلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

يېزىقچىلىق مەشىقى

1. ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قەتئىي پۇشايمان قىلمىغان، ئەكسىچە ئۆزىنى تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە ئۈندىگەن بىر كىشىنى تەسۋىرلەپ بىر ئەسەر يېزىڭ. تېمىسى ۋە ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ.
2. تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىپ بىرەر پارچە خاتىرە يېزىڭ. تەسۋىرلەش ئوبيېكتىغا تاش يېزىقىدىن ئۈنۈپ چىققان مۇخ، تىك قىيالاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارىغاي، قاقاس چۆلدە چوغدەك ئېچىلىپ تۇرغان يۇلغۇن ياكى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان توغراقلاردىن خالىغان بىرىنى تاللىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن، ناچار شارائىتتىمۇ كۆكلىيالايدىغان چىداملىق ئۆسۈملۈكتىن بىرەرىنى تاللىسىڭىزلا بولىدى. تەسۋىرنىڭ جانلىق، ئەتراپلىق، ئۆز تەجرىبىڭىز بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن بولۇشىغا دىققەت قىلىڭ.

# گۈزەللىكنى بايقاش، لىرىكىنى ئۆگىنىش

## تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

رېئال دۇنيادا گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما كىشىلەر ھامان گۈزەللىكنى قوغلىشىدۇ ھەمدە تۇرمۇشتا گۈزەللىك بولمىسا بولمايدۇ، گۈزەللىكسىز تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

زادى نېمىنىڭ گۈزەللىك دەپ قارىلىدىغانلىقى ھەققىدە قەدىمدىن ھازىرغىچە ئوخشىمىغان تەبىرلەر بېرىلىپ كەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گەن بولسىمۇ، بۇ بىزنىڭ گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا ھەمدە گۈزەللىك ئىزدىشىمىزگە تەسىر كۆرسىتەلىگىنى يوق. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى ئاساسەن ئوخشاش، مەسىلەن: قاملاشقان بەدەن، يېقىملىق ئاۋاز، مەززىلىك تائام، ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ، ئاكتىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ئىدىيە، ئالىيجاناب پەزىلەت دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى كىشىلەر تەرىپىدىن بىردەك گۈزەللىك دەپ قارىلىدۇ.

تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، گۈزەللىكنى بايقاشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. پەقەت كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىدىغان، قېتىرقىنىپ ئويلىنىدىغانلار بولساق، گۈزەل مەنزىرە، گۈزەل شەيئىلەر، گۈزەل ئادەم ۋە گۈزەللىككە تولغان قەلبلەرنى بايقىيالايمىز.

## يېزىقچىلىق مەشقى

1. ئەگرى ـ بۈگرى چېغىر يول، شىر ـ شىر ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تاغ تىزمىلىرى، تىپتىنچ ئورمان، كۆز يەتكۈسىز ئاسمان، بىپايان دېڭىز، قاتمۇ قات قۇم بارخانلىرى... يەر شارىدىكى ھەرقانداق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا بۇنداق مەنزىرىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. سىزگە بۇنداق مەنزىرىلەردىن ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى قايسى؟ ئۆزىڭىز ئەڭ گۈزەل دەپ قارىغان بىرەر مەنزىرىنى تۇتقا قىلىپ بىرەر پارچە لىرىك ئەسەر يېزىڭ.

2. بىرەر پارچە مەنزىرە رەسىمگە قاراپ ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكتىن زوق ئېلىڭ، ئاندىن ئۇنىڭدىكى بەزى تەرەپلەرنى

ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆز ھېسسىياتىڭىزنى ئىپادىلەپ بېقىڭ.

3. سىزدە بۇنداق كەچۈرمىشلەر بولۇپ باققانمۇ؟

ئىللىق بىر تەبەسسۇم قەلب بوستانلىقىڭىزغا سۇپسۇزۇك سۇدەك سىڭىپ كىرەلىگەنمۇ؟

مۇلايىملىق بىلەن ئېيتىلغان بىرەر ئېغىز گەپ سىزنى باھار شامىلىدەك پەپىلەپ باققانمۇ؟

بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر ھەرىكىتى سىزدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرالىغانمۇ؟

ئاددىي، ئەمما تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىرەر بۇيۇمنى تا ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتامسىز؟

سىزنىڭ قەلبىڭىزنى لەرزىگە سالغان ھەمدە سىزگە بىدىلىندۇرمەي چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مۇشۇنداق كەچۈرمىشلەردىن بىرەرىنى ئەسلەپ، لىرىك تۈيغۇغا باي بولغان بىرەر پارچە شېئىر ياكى نەسر يېزىپ بېقىڭ.

## باغۋەنگە مەدھىيە. بايان نۇقتىسىنى تاللاشنى ئۆگىنىش

### تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى. ئەل ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن «ئانىلار سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى»، «بىلىم ئالساڭ تىلىڭ چىقار، ئالىمساڭ بىلىڭ چىقار» دېگەن ماقاللاردىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«ئوقۇتقۇچى — ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» (م. ئى. كالىنىن)، «كىشىلىك جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىنەرلىك مېھنەت يوقتۇر. چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر» (ئەخمەتجان قاسىمى) دېگەن ھېكمەتلەردىن بىدە ئەزەلدىنلا ئۇستاز، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئەنئەنىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىپلا قالماي، يەنە قانداق ئادەم بولۇش ھەققىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ئەمەلىيەتتە بىلىم - مەرىپەتكە، ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاقىغا بولغان ھۆرمەتتۇر.

## يېزىقچىلىق مەشقى

1. سىز «ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەش» كە قانداق قارايسىز؟ قايسى ئوقۇتقۇچىڭىز سىزگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان؟ ئۇنىڭ زادى قايسى تەرىپى سىزنى تەسىرلەندۇرگەن؟

2. سىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتى ۋە جاپا - مۇشەققىتىنى چۈشىنەمسىز؟ ئۆزىڭىزنى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلىنىپ بېقىڭ ھەمدە ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆزۈش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ پارچە ئوقۇتقۇچىلار خاتىرىسى يېزىڭ.

3. چۈش كۆرگەن شەكىلدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىنى يېزىپ بېقىڭ.

# تەسەۋۋۇر دۇنياسى. توقۇلما توقۇشنى ئۆگىنىش

## نېما ھەققىدە مۇھاكىمە

تەسەۋۋۇر دېگەن زادى نېمە؟ تەسەۋۋۇر ئادەمنىڭ كاللىـسىدىكى ئوبرازغا قارىتا يەنىمۇ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، يېڭىچە ئوبراز شەكىللەندۈرۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى زاماندا خەلقىمىز ئۇچۇشتىن ئىبارەت ئارزۇ ئاساسىدا ئۇچار گىلەم، ياغاچ ئات قاتارلىق چۆچەكلەرنى توقۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىگەن.

كىشىلەر ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى كۆرۈپ، بىزنىڭمۇ قانىتىمىز بولغان بولسا ـ ھە، دەپ ئارزۇ قىلىشقان ھەمدە شۇنىڭ تۈرتكىسىدە كېيىن ئايروپىلان بارلىققا كەلگەن. بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى؛ تەسەۋۋۇر بولمايدىكەن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى؛ تەسەۋۋۇرنىڭ يەنە پەننىي ئىختىرانىڭمۇ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى، تەسەۋۋۇر بولمايدىكەن، بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەننىڭمۇ بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قولدا چۆرۈيدىغان فاتېفوندىن ئىستېرېئولۇق ئاۋاز ياڭراتقۇغىچە، شامالدۈرغۇچتىن ھاۋا تەڭشىگۈچكىچە، كېسەك مۇزلاردىن توڭلاتقۇغىچە، چوتتىن كومپيۇتېرغىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بىرىكمىسىنىڭ مەھسۇلى. تەسەۋۋۇر بولماي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىكەن، ئىنسانىيەت ئەقىل بۇلىقىنىڭ كۆزى ئېتىلىپ قا-
لىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى خىز-
مەت بولسۇن ياكى پەن - تېخنىكا ياكى بەدىئىي ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللىنايلى، تەسەۋۋۇر كەم بولسا بولمايدىغان بىر
خىل ئىقتىدار.

تەسەۋۋۇر ئەدەبىي ئەسەرلەردە كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەيلى
بىر پۈتۈنلۈك ياكى قىسمەنلىك، مەيلى توقۇلما ئەسەرلەر
ياكى رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر بولسۇن، ھەم-
مىسىلا تەسەۋۋۇردىن ئايرىلالمايدۇ.

## يېزىقچىلىق مەشقى

1. تۆۋەندە ئىلمىي فانتازىيە يازغۇچىسى فرىدىك براۋىن-
نىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ قىسقا ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايە
دەپ ئاتالغان ئەسىرى بېرىلدى. سىز ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ
يېزىپ بېقىڭ.

يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئادەم ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز
ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى.

2. كىچىك سەييارىلەرنىڭ يەر شارىغا ئۇرۇلۇش ھادىسى-
سى بۇرۇنمۇ بولۇپ باققان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يۈز بېرىش
ئېھتىمالى بار. كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر كۈنى، بىر كىچىك
سەييارە يەر شارىغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ... دەيلى. تە-
سەۋۋۇرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، يەر شارىدىكى ئادەملەرنىڭ
بۇنىڭغا قانداق تەدبىر قوللانغانلىقى ھەمدە ئاخىرىنىڭ
قانداق بولغانلىقىنى يېزىپ بېقىڭ.

3. «پەي»، «كۆپۈك»، «ئىس» قاتارلىق نەرسىلەرنى تېما
قىلىپ، «يېنىكلىك» ئىپادىلەنگەن بىرەر پارچە يېزىڭ.

# كۆپ ئويلاش ھەم ئويلاشقا ماھىر بولۇش. نۇقتىئىنەزەر تىكلەشنى تاللاشنى ئۆگىنىش

## تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

«بىر ئانا ئىككى قىزىنى ئېلىپ باغچىغا كىرىپتۇ. قىزلىرى باغقا كىرىپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن، چوڭ قىزى:

— بۇ يەر بەك ئەسكىكەن، باغدا ئەتىرگۈللەر بولغان بىلەن تىكەن بەك كۆپ ئىكەن، — دەپتۇ.

— بۇ يەر بەك ياخشىكەن، — دەپتۇ كىچىك قىزى، — تىكەنلەرنىڭ ئارىسىدا چىرايلىق گۈللەر بار ئىكەن.»

كۆپ تەرەپلىمە تەپەككۇر ئىچىدە تەتۈر تەپەككۇر ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كىشىلەر مەسىلىلەرگە ئۇدۇل قاراشقا ئادەتلەنگەن، شۇڭا، تەپەككۇر جەھەتتە ئاسانلا بىر ـ كىنمە ھالەتتە قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى ياقلىمىلىققا يەنى ھەم ئومۇمىيلىققا ھەم ئايرىمىلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقلىقى تەتۈر تەپەككۇر ئۈچۈن كەڭ بوشلۇق ھازىرلاپ بەردى. تەپەككۇرنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ساۋاقداشلار بەزى ئەقلىيە سۆزلەر، تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ ئادەتتە پەقەت مەلۇم بىر نۇقتىدىنلا قارىغاندا شەيئىلەرنىڭ بىرلا تەرىپىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە باشقا نۇقتىلاردىمۇ ئويلىنىپ باقسا بولىدۇ.

چەت ئەللىك بىر ئوقۇتقۇچى دۆلىتىمىزنىڭ مەكتەپلىرـ

...رىدە ئىمتىھاندا كۆچۈرمىچىلىك قىلىش ئەھۋالىنىڭ ...
ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، «كۆچۈرمىچىلىك قاچان تۈ-
گەيدۇ؟» دېگەن تېمىدا تەنقىد ماقالىسى يازغان. شۇنىڭ بىر-
لەن مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئىمتىھاندا كۆ-
چۈرمىچىلىك قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ ما-
قالە يېزىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ماقالىلەردە ئاساسەن ئاي-
رىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە مۇھاكىمە
ئېلىپ بېرىلغان:

1. ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان ئىمتىھان تۈزۈمى تەنقىد قىل-
لىنىپ، ئىمتىھان مەزمۇنى، شەكلى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا باھا
بېرىش ئۆلچىمى كۆچۈرمىچىلىك قىلىشقا سەۋەبچى بولغان
دەپ قارالغان.

2. ساختا ئىجتىمائىي كەيپىيات تەنقىد قىلىنىپ، كۆ-
چۈرمىچىلىك جەمئىيەتتىكى چىرىكلىشىشنىڭ بىر خىل
ئىپادىسى دەپ قارالغان.

3. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر ئېلىشنىلا كۆزلەپ،
سەممىيلىككە سەل قارىغانلىقى تەنقىد قىلىنىپ، ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كۆچۈر-
مىچىلىكنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىشنىڭ ئاساسلىق ئۇ-
سۇلى دەپ قارالغان.

ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇ ئۈچ نۇقتىدىن يېزىلغان ماقا-
لىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلا ھېسابلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈ-
چىنچى نۇقتىدا تۇرۇپ يېزىلغان ماقالە ئەڭ كۆپ. بۇنىڭ
سەۋەبى ئۈچىنچى نۇقتىنىڭ قاراتمىلىقى ئەڭ كۈچلۈك
بولغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدۇ.

ئاسان ئېتىراپ قىلىنىدۇ، شۇڭا قايىل قىلىش كۈچىمۇ كۈچلۈك.

سىز يۇقىرىدىكى تەھلىلگە قوشۇلامسىز؟ سىزچە قانداق مۇھاكىمە نۇقتىسى يېڭى ھەم قاراتمىلىققا ئىگە ھېسابلىنىدۇ؟ يېڭى ۋە قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشتىن باشقا، مۇھاكىمە نۇقتىسىنى تاللاشتا يەنە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

### يېزىقچىلىق مەشقى

1. گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگېل بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق ھېكمەتنى ئېيتقان: «مەڭگۈ ئازگالدا يېتىپ كۆككە قارىمايدىغان كىشىلەرلا ئازگالغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ»، بۇ ھېكمەتلىك سۆزدىن ئىلھام ئېلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

2. دانتىنىڭ: «باشقىلار نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن، ئۆز يولىڭىزدا مېڭىۋېرىڭ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار، بۇ سۆزنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر. سىز بۇنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟ بىرەر نۇقتىنى چىقىش قىلىپ بىرەر پارچە ئەسەر يېزىپ بېقىڭ.

## باشقىلارنى ئەپۇ قىلىش. دەلىلنى تاللاش ۋە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش

### نېما ھەققىدە مۇھاكىمە

باشقىلارنى ئەپۇ قىلىش بىر خىل ئالىيجانابلىق، كەچۈرۈشنى بىلگەندە باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىشلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالدى ـ كەينىنى ئويلاشقىلى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى، ئادەملەر ئوتتۇرى-سىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا دوستلۇقتا بولغان قەلب ئارزۇسىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

باشقىلارنى ئەپۇ قىلىش ئادىمىي پەزىلەتكە بولغان بىر خىل ھۆرمەت. ئادىمىيلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ھەممە ئادەم باراۋەر. خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەم بولسىمۇ، ئۇنى قوتقۇزۇپ قېلىش نۇقتىسىدىن ياردەم قىلغاندىلا، ھەقىقىي كەچۈرگەنلىك بولىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەر ئارا زىددىيەتتىن ساقلى-نىش تەس. زىددىيەتنى پەسەيتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش. ئۆز ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭ، قايسى زىددىيەتلەر كەچۈرگەنلىك تۈپەيلى پەسىيىپتۇ، قايسى زىددىيەتلەر باشقىلارنى ئەپۇ قىلمىغان-لىق تۈپەيلى تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىپتۇ؟ بۇلارغا قارى-تا سىز قانداق قاراشتا؟

## يېزىقچىلىق مەشقى

1. «كەچۈرۈش» تېمىسىدا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ. نۇقتىئىنەزەرنى دەلىللەشتە تۆۋەندىكى جۈملىلەر-دىن مۇۋاپىق پايدىلىنىڭ:

«كەچۈرۈشنى بىلگەندىلا، ئاندىن باشقىلار بىلەن يېقىن ئۆتكىلى بولىدۇ.»

«كەچۈرۈش باشقىلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەش دېگەنلىكتۇر. باشقىلارغا بەدەل تۆلىگەندىلا، ئاندىن ئۆز مەنىۋىيىتىنى تې-خىمۇ بېيىتقىلى بولىدۇ.»

«كەچۈرۈش كەڭ قورساقلىقنىڭ ئىپادىسى. شەپقەتسىز ـ لىك بولسا يارامسىزلىقنىڭ بەلگىسى.»

«كەڭ قورساقلىق ــ خۇش پۇراقلىق گۈل، دوستلۇق ئۇنىڭ شىرىن مېۋىسى؛ كەڭ قورساقلىق چۈشىنىشنىڭ كۆۋرۈكى، سەمىمىيلىك ۋە ئىشەنچ ئۇنىڭ ئۈلتىشى.»

## ھاياتنى قەدىرلەش. دەللەشنى ئۆگىنىۋېلىش

### تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى ئوستروۋېسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» ناملىق رومانىدىكى باش قەھرىمان پاۋىل ـ نىڭ ئىنقىلابىي قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىدا ئۆز سەپدى ـ شىغا چوڭقۇر قايغۇرغان چاغدىكى مۇنۇ مونولوگىغا قاراپ باقايلى:

«ئىنسان ئۈچۈن ھايات ئەڭ قىممەتلىك. ئۇ، كىشىگە پە ـ قەت بىر قېتىم كېلىدۇ. كىشى ئۆز ھاياتىنى شۇنداق ئۆت ـ كۈزۈشى كېرەككى، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىگىنىد ـ دە، يىللار مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ دەپ يۈرىكى ئۆرتەنمەي ـ دىغان بولسۇن، تۇرمۇشتا چاكىنا ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ ـ تىمەن دەپ خىجىل بولمايدىغان بولسۇن. ئۆلۈش ئالدىدا: ‹پۈتۈن ھاياتىمنى ۋە بارلىق زېھنىمنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇ ـ لۇغۋار ئىشقا ــ ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى يولىدىكى كۈ ـ رەشكە بېغىشلىدىم› دېيەلىسۇن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### يېزىقچىلىق مەشقى

1. خېلىن كېللېر ئەما، گاچا ھەم گاس ئايال يازغۇچى، پېداگوك. ئۇ «ئەگەر ماڭا ئۈچ كۈن يورۇقلۇق بېرىلسە» دې- گەن ئەسىرىدە كۆرەلەيدىغان كۆزلىرى تورۇقلۇقمۇ ئۇنى جايىدا ئىشلىتەلمىگەنلەرگە چوڭقۇر ئېچىنغان. ئۆزىدىكى ئىمكانىيەتلەرنى قەدىرلەش ئاڭلىقلىققا باغلىق. مۇشۇ تې- مىنى چۆرىدەپ بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ.

2. كىمنىڭ ھاياتى ئەڭ مەنىلىك ئۆتكەن؟ بەزىلەر ئىن- قىلاپ مەزگىللىرىدە پاۋېل كورچاگىننىڭ ھاياتى ئەڭ مەنى- لىك ئۆتكەن دېسە، بەزىلەر بۈگۈنكى كۈندە بىل گايتىسنىڭ ھاياتى ئەڭ مەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. سىزچىچۇ؟ مۇشۇ ھەقتە بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ.

## مېھىر ـ مۇھەببەت. مۇھاكىمىدىكى بايانىنى ئۆگىنىش

### تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئاق كۆڭۈللۈك بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت ئاق كۆڭۈللۈك ئامىللى- رىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. قەلبى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان ئادەم ۋە ئىشلارغا قارىتا دائىم ئاق كۆ- ڭۈللۈك، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاق كۆڭۈل، ئېغىر ـ بېسىق كىشى شەپقەتسىزلىكنى تەرك ئې- تىپ، گۈزەللىكنى ياقلايدۇ، قەلبى رەزىللىك بىلەن تولغان كىشىلەرنىمۇ تەسىرلەندۈرۈپ ياخشىلىق يولىغا باشلايدۇ.

قەلبى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولغان ئادەم گەرچە گۈزەللىككە، تەبىئەت دۇنياسىغا، كىشىلەر ۋە بارلىق جاندىلىقلار بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتۈشكە تەشنا بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلار بوزەك قىلىنىش، تەڭسىزلىك ۋە رەزىللىككلەر ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. گۈزەل شەيئىلەرگە ئىنتىلىش، رەزىل نەرسىلەرنى قامچىلاش قەلبى ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولغان كىشىلەرنىڭ ئېنىق پوزىتسىيەسى.

تۇرمۇشتا سىز قانداق مېھىر - مۇھەببەتلەرنىڭ قۇدرىتىدىن تەسىرلەنگەن؟ كونكرېت مىساللارنى توپلاپ بېقىڭ ھەمدە رەتلەڭ.

بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق مېھىر - مۇھەببەتنىڭ قەلبى رەزىللىك بىلەن تولغان كىشىلەرنى قانداق قىلىپ رەھىمدىل، ياخشى ئادەم قىلىپ ئۆزگەرتكەنلىكىگە قاراپ بېقىڭ.

جەمئىيىتىمىزدە مېھىر - مۇھەببەت ھەققىدىكى يۈرىكىمىزنى لەرزىگە سېلىپ، ھاياجانلىق كۆز ياشلىرىمىزنى ئاقتۇرىدىغان تەسىرلىك ئىشلارمۇ، شەپقەتسىزلىك بىلەن تولغان، قەلبىمىزنى مۇجۇپ، بىزنى غەزەپ - نەپرەتكە مۇپتىلا قىلىدىغان ئېچىنىشلىق ئىشلارمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. سىز مۇشۇنداق ئىشلارغا قارىتا قانداق ئويلاردا بولۇپ باققان؟

**يېزىقچىلىق مەشىقى**

1. ھەربىر ئادەمنىڭ مېھىر - مۇھەببەتتى خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. گەرچە ئوخشاش بىر ئادەمگە ئۆز مېھىر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشتە ئىشلەتكەن تىلى، ئۇسۇلى ۋە ھېسسىياتى ئوخشىمايدۇ. تۆۋەندە تىلغا ئېلىنغان سالاھىيىتى ئوخشاشمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئورنىدا «مېھىر ـ مۇھەببەت دېگەن زادى نېمە؟» دېگەن مەسىلىنى شەرھلەپ بېقىڭ.

تەلەپ: بايان ئوچۇق، ئاددىي ھەم پىشقان بولۇش، تەسۋىرلەر ئوبرازلىق، جانلىق بولۇش، مۇھاكىمە چوڭقۇر، قايىل قىلارلىق بولۇش، لىرىكا ھېسسىياتلىق، مەنىلەرگە باي بولۇش كېرەك.

دوستۇم دەيدۇكى: مېھىر ـ مۇھەببەت قىيىنچىلىق مەزگىلىدە بېرىلگەن ياردەم، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك چاغدىكى تەسەللى، تايانچىسىز قالغان چاغدىكى قارانچۇق، ئۈتۈق قازانغان چاغدا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش.

ئاپام دەيدۇكى:                    مۇئەللىم دەيدۇكى:

## ۋاقىتقا نەبىر بېرىش. مۇھاكىمىنى كېڭەيتىشنى ئۆگىنىش

### تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

لۇشۇن مۇنداق دېگەنىدى: «ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر. باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە خورىتىش ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ھاياتىغا زىيان سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.»

فرانكلىن: «ۋاقىت پۇل دېمەكتۇر» دېگەنىدى.

ۋاقىت تەبىرىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى يوق. سىز ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك قانداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغان؟ تويلاپ كۆرۈپ بېقىڭ. ۋاقىت توغرۇلۇق يەنە قانداق قاراشلار بار ئىكەن؟ سىز ئۇلارنى قانداق چۈشەندىڭىز؟ قانداق بىۋاسىتە تەسىراتىڭىز بار؟ ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ.

مۇھاكىمىنى كېڭەيتىش بىر كۆز قاراشنى چۆرىدەپ، ئوخشاش بىر قاتلامدا، ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشتۇر. ئوخشاشمىغان نۇقتىلار ئارىسىدا بىر خىل تەڭداش مۇناسىۋەت بولۇپ، مۇھاكىمە پاراللېل ھالەتتە قانات يايدۇرۇلىدۇ، ئۆزئارا كېسىشمەيدۇ. مۇھاكىمىنى بۇنداق قانات يايدۇرغاندا، قائىدىنى ئەتراپلىق سۆزلىگىلى بولىدۇ، تەرتىپى ئېنىق بولىدۇ.

ئويلاپ باقايلى، بىز ئوقۇپ بولغان مۇھاكىمىلىك ئەسەرلەرنىڭ قايسىلىرىدا مۇھاكىمە كېڭەيتىش شەكلىدە راۋاجلانغان؟

## يېزىقچىلىق مەشىقى

1. تۆۋەندىكى سوئاللار ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقىتقا بولغان چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

«بىز مەھرۇم بولغىنىمىزنى ئۆتمۈش، تېخى ئېرىشمىگىنىمىزنى كەلگۈسى، قولىمىزدا بارىنى ھازىر دەپئاتايمىز. لېكىن، ئۆتمۈش قايتا مەۋجۇت بولمايدۇ، كەلگۈسى مەۋجۇت ئەمەس، ھازىر بولسا بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. دۇنيادا ھەقىقەتەن ۋاقىت دېگەن نەرسە بارمۇ؟ شۇ تۈپەيلى، سىزدە كىشىلىك تۇرمۇشقا قارىتا قانداق ئوي ـ پىكىرلەر قوزغىلىدۇ؟»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



2. سائەت ئوخشاش شەكلى ئارقىلىق ۋاقىتنى ئۆلچەيدۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان پەيتلەردىكى ۋاقىتنىڭ ئۇزاقلىقىغا بولغان تۇيغۇسى ئوخشاش بولمايدۇ، گويا ئادەمنىڭ ھەربىكىتى ۋاقىتنى ئۆزگەرتەلەيدىغاندەك بىلىنىدۇ. سىزدە شۇنداق تۇيغۇ بارمۇ؟

«سائەتنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىت» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

## بەختنى تېپىش. مۇھاكىمىنى چوڭقۇرلاشتۇ - رۇشنى ئۆگىنىش

### تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

كىشىلىك ھاياتتىكى غايىلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن، كىشىلەر ئاخىرقى ھېسابتا «بەخت» نىلا كۆزلەيدۇ.

بەخت دېگەن نېمە؟ ئۇ قەيەردە؟

بەزىلەر: «ئازاب بولمىغان پەيتنىڭ ئۆزى بەخت» دەيدۇ.

بەزىلەر: «بەخت تاشقى دۇنيادا ئەمەس، بەلكى قەلبىمىز - دە» دەيدۇ.

ئىرلاندىيەلىك يازغۇچى باركىلىر «بەخت» ناملىق ئەسە - رىدە بەختنى مۇنداق شەرھلىگەنىدى:

«بەختلىك تۇرمۇشتا ئۈچ ئامىل كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇ - نىڭ بىرى ئۈمىد، ئىككىنچىسى قىلىدىغان ئىش بولۇش، ئۈچىنچىسى باشقىلارنى سۆيەلەيدىغان بولۇش.

تۇرمۇشىمىز مۇھەببەتلىك ئۆتسە كەمتەر، جۇشقۇن بو - لۇپ كېتىمىز، گويا مىڭلىغان ئىشلار كۈتۈپ تۇرغاندەك،

يېڭىدىن ـ يېڭى ئۈمىدلەرگە تولىمىز. مۇھەببەت بولسا، هايات باهار پەيزىگە بولىدۇ، دۇنيا رەڭدار كۆرۈنىدۇ.

ئەڭ گۈزەل تىلىكىمىز: ‹تەڭرىم، بىزگە، باشقىلارغا يار ـ دەم بەرگۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغايسەن!› »

يۇقىرىقىلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن قانداق تەسىراتقا كەل ـ دىڭىز؟ بۇ سۆزلەرنى قوللامسىز؟ ئەگەر قوللىسىڭىز، سىز ـ نىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاش تەسىراتىڭىز بولغانمىدى؟ ئەگەر قوللىمىسىڭىز، ئۆزىڭىز قانداق قارايسىز؟

**يېزىقچىلىق مەشىقى**

1. ئويلاپ بېقىڭ، بەختلىك تۇرمۇشىمىز قانداق قولغا كېلىدۇ؟ «بەخت كېلىدۇ» دېگەن تېمىدا بىر پارچە مۇهاكى ـ مە ماقالىسى يېزىڭ.

2. تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتىڭىزنى ياكى ئويلىغانلىرىڭىزنى ئەسەر قى ـ لىپ يېزىڭ.

1) خۇشاللىق قەيەردە؟

«بىر توپ ياش خۇشاللىق ئىزدەپ چىقىپ، نۇرغۇن ئاۋا ـ رىچىلىككە، دەرد ـ ئەلەمگە ۋە ئازابقا دۇچار بوپتۇ. ئۇلار سوقراتتىن، خۇشاللىق زادى قەيەردە؟ ـ دەپ سوراپتۇ. سوقرات:

ـــ سىلەر ئاۋۋال بىر كېمە ياساڭلار، ـــ دەپتۇ.

بۇ ياشلار خۇشاللىق ئىزدەيدىغان ئىشنى ۋاقىتلىق تاشلاپ قويۇپ، قورال ـ سايمانلارنى تېپىپ كېلىپ، قىرىق توققۇز كۈن سەرپ قىلىپ، بىر ئېگىز هەم يوغان دەرەخنى هەرىدەپ كېسىپ، بىر قېيىق ياساپتۇ. قېيىقنى سۇغا سې ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىپ، سوقراتنىمۇ قىيىنقا چاقىرىپ كېلىپ، بىرلىكتە پالاق ئۇرغاچ، بىللە ناخشا ئېيتىپتۇ. سوقرات:

— بالىلىرىم، خۇشال بولدۇڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ياشلار تەڭلا:

— بەك خۇشال بولدۇق! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سوقرات:

— خۇشاللىق مۇشۇنداق بولىدۇ، ئۇ دائىم بىز بىر ئېنىق نىشان ئۇچۇن ئالدىراپ، باشقا ئىشلارغا يېتىشەلمىگەن ۋاقتىمىزدا توساتتىن يېتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ.»

## ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش. رەددىيە بېرىشنى ئۆگىنىش

### تىپما ھەققىدە مۇھاكىمە

بەزى ساۋاقداشلار: «ئۆزىگە ئىشىنىش ئۇچۇن شۇنىڭغا لايىق دەسمايە بولۇشى كېرەك، ماھارىتى يۇقىرى ئادەمنىڭ يۈرىكى چوڭ بولىدۇ»، دېيىشىدۇ. ئۆزىنىڭ باشقىلارغا يېتىشەلمەيدىغانلىقى ئېنىق تۇرسا، قانداقمۇ ئۆزىگە ئىشىنەلەيدۇ؟ بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى نۇقتا بار: بىرى، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش. مەلۇم جەھەتتە باشقىلارغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ھەممىلا تەرەپتە يا قالمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ يېتەلىگەندىلا، ئۆزىگە ئىشەنچ كۈچىيىدۇ. ئىككىنچىسى، كېلەچەكنى كۆرۈپ يېتىش، ئىنتايىن ئاز ساندىكى تۇغما تالانتلىقلاردىن باشقا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ساپاسى كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

«تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگەنگەندە، ھەقىقىي تالانتقا ئېرىشـ-
كىلى بولىدۇ»، ئۆزىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق
باشقىلارغا يېتىشىۋالالايدىغانلىقىغا، باشقىلاردىن ئېشىپ
كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش لازىم.

دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۆزىگە ئىشىنىش چوڭچىـ-
لىق، جاھىللىق ئەمەس، سىز بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى
ئايرىيالامسىز؟ سىز يەنە قانداق مەسىلىنى ئويلاپ يەتتىـ-
ڭىز؟ ئەمەلىيەتتە بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ بېقىڭ. ئاندىن
ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ بېقىڭ.

**يېزىقچىلىق مەشقى**

1. مۇنازىرە تېمىسى:

توغرا تەرەپ: ئوقۇشىسىزلىق ئالدىدا قەتئىي بوشاشماسـ-
لىق كېرەك.

قارشى تەرەپ: ئوقۇشىسىزلىقتا ئۆچرىغاندا باشقىدىن
تاللاش كېرەك.

سىز خالىغان بىر تەرەپنى تاللاپ مۇنازىرىگە قاتنىشىپ،
بىر پارچە مۇنازىرە ماقالىسى يېزىڭ.

2. بەزىلەر: ھەرقانچە تىرىشقىنىم بىلەن كۆزگە كۆرۈنـ-
گەن شەخسلەر بىلەن تەڭ بولالمايمەن، شۇنداقكەن، ئىكـ-
كىنچى رەتكە چېكىنىپ «2 ـ دەرىجىلىك پۇقرا» بولغىنىم
ياخشى، دەيدۇ، بۇنى قوللايدىغانلار ئاقىلانىلىك بولىدى، دەپ
ماختايدۇ، قارشى تۇرىدىغانلار ئۇنى پاسسىپلىق دەپ قارايـ-
دۇ. بىر پارچە ماقالە يېزىپ، كۆز قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ بېقىڭ.

3. مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن: ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر قىز ئوقۇغۇچىسى ئاپتوبۇستا بىر چەت ئەللىككە ئورۇن بېرىپتىكەن، بىر نەچچە يىگىت ئۇنى زاڭلىق قىلىپ: «تا-زىمۇ بىر ئەجنەبىيگە چوقۇنىدىغان بىر نېمىكەن!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قوزغىلىپ كېتىپتۇ. بەزىلەر، بۇ قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئەدەپلىك ئىش قىلغىنى خاتا ئەمەس، دەپتۇ. يەنە بەزىلەر، بۇ بەزى ئوقۇغۇچىلاردا ئۇزاقتىن بۇيان ساقلانغان مىللىي ئىشەنچ كەملىكىنىڭ ئىپادىسى، دەپتۇ. سىز قانداق قارايسىز؟ مۇشۇ ھەقتە بىر پارچە رەددىيە ماقا-لىسى يېزىڭ.

## تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇش. دىيالېكتىكىلىق تەھلىل ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش

### ئېما ھەققىدە مۇھاكىمە

قائىدە سۆزلەپ مۇھاكىمە قىلغاندا، دىيالېكتىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش، بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنداق بولسا، بىر تەرەپلىمىلىكتىن قانداق ساقلان-غىلى بولىدۇ؟ ئادەتتە مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم:

1. تەھلىل ئەتراپلىق بولۇشى لازىم. شەيئىلەرنىڭ ھەمە-مىسى ئىككى تەرەپلىمىلىك بولىدۇ، بەزىدە پەقەت بىر تە-رەپىنىلا سۆزلىگەندە ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپ، يەنە بىر تە-رىپىنىمۇ سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

2. مەسىلىلەرگە تۇرغۇن ھالەتتە قاراشتىن ساقلىنىش لازىم. دۇنيادا پەقەت ئۆزگەرمەيدىغان شەيئى يوق، ئەگەر

تىنچ، يەككە ـ يېگانە نەزەر بىلەن شەيئىلەرگە قارايدىغان بولسام ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى تونۇپ يېتەلەيمىز، تەھلىل قىلساقمۇ توغرا يەكۇنگە ئېرىشەلمەيمىز.

3. قارشى تەرەپنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلىش كېرەك. شەيئىلەرنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپى مۇئەييەن شارائىتتا قارشى تەرەپكە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: ياخشى ئىش يامان ئىشقا ئۆزگىرىشى مۇمكىن، يامان ئىشمۇ ياخشى ئىشقا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. سىز مۇشۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈپ بېرەلەمسىز؟ سىزنىڭچە قانداق ئەھۋالدا ئۆزگىرىدۇ؟

## يېزىقچىلىق مەشىقى

1. سىز تۆۋەندىكى گەپكە قوشۇلامسىز؟ «بۈگۈنكى ئەدەبىيات» دېگەن تېمىدا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ.

بەزىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئەدەبىيات بىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان سەزگۈرلۈكىمىزنى ئاشۇرۇپ، تەسەۋۋۇر كۈچىمىزنى يېتىلدۈرۈپ، ھېسسىياتىمىزنى تېخىمۇ نازۇكلاشتۇرىدۇ، بېيىتىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بولسا بارغانسېرى ئاددىيلىشىدۇ، قوپاللىشىدۇ، ئەمەلىي مەنپەئەتكە يۈزلىنىدۇ. ئەگەر تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي، ھېسسىياتى نازۇك ۋە مول، چېچەن ئادەم بولىمەن دېيدىكەنمىز، بۇ ھامان بىر مەغلۇبىيەتچى بولىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

2. «ئىشلار ھەرگىز مەڭگۈلۈك ئەمەس،
ئۆتۈپ كېتەر ھەش ـ پەش دېگۈچە.
يىراقلاردا قالسا ھەربىر ئىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ قالار تاتلىق ئەسلىمە» دېگەن مىسرالار بار.

«يوقىتىش ۋە ئېرىشىش» دېگەن تېمىدا بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىڭ.

## ئىشلار ئارقىلىق داۋلىنى تەھلىل قىلىش. يېزىقچىلىقتىكى تېرەنلىك

**تېما ھەققىدە مۇھاكىمە**

مۇھاكىمىلىك ئەسەرلەرنى يازغاندا قائىدە سۆزلەشكە، يەنە كېلىپ باشقىلار دەپ باقمىغان ياكى باشقىلار توغرا، مۇكەممەل دېيەلمىگەن قائىدىلەرنى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، بۇنداق قائىدىلەرنى نەدىن تاپىمىز؟ ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى كۆزىتىش ۋە كۆزەتكەنلىرىمىزنى يەكۈنلەش ئارقىلىق ئېرىشىمىز.

كىچىكتىن چوڭنى كۆرۈش. يەنى كىچىك ئىشلاردىن چوڭ قائىدىلەرنى قېزىپ چىقىش.

سىلىشتۇرۇپ پەرقلەندۈرۈش. ئىنسانلار شەيئىلەرنى ئاساسلىقى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرىدۇ. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوخشىمىغان شەيئىلەرنى پەرقىنى ئاسانلا تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. پەرقنىڭ ئۆزى ئالاھىدىلىك دېمەكتۇر. ئالاھىدىلىكنى تونۇش دېگەنلىك — شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىش دېگەنلىك. كونىلارنىڭ: «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەن ھېكمىتىمۇ دەل شۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتىلغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان «كىچىكتىن چوڭنى كۆرۈش»،

«سىلىشتۇرۇپ پەرقلەندۈرۈش» تىن باشقا شەيئىلەر ھەققىدە ئىزدىنىشنىڭ يەنە «تېشىدىن ئىچىنى كۆرۈپ يېتىش»، «سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىش» قاتارلىق ئۇسۇللىرىمۇ بار.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كۆپىنچە ئادەم مەلۇم ھادىسىدىن چوڭقۇر داۋلىلارنى بىلىۋالالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە. قېنى ئەسلەپ بېقىڭ، سىز مەلۇم بىر داۋلىنى قانداق ھېس قىلىپ يەتكەن؟

**يېزىقچىلىق مەشقى**

1. دەۋرنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلىرى ئەل ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ھەر خىل رەسىم - ئاتمىلەرگە بېقىپ بولىدۇ. ئەل ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن مەلۇم بىر خىل قائىدە - يوسۇننىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە پەيدا بولۇش سەۋەبى ھەمدە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى قىياس قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

2. تامچىدىمۇ قۇياش ئەكس ئېتىدۇ، بىر تال گۈلدىنمۇ پۈتكۈل ئاتموسفېرانى بىلگىلى بولىدۇ، دېگەن گەپ بار. سىز تەبىئەت دۇنياسىدىن نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟ «تەبىئەت دۇنياسى ئىلھاملىرى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

3. تۆۋەندە بېرىلگەن ئەقلىيە سۆزنى ئوقۇپ، «ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

△ ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۇنىڭ قانچىلىك نەرسىگە ئېرىشكەنلىكىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قوشقان تۆھپىسىگە قاراپ ئايرىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## قىرىنداشلىق مېھرىگە مەدھىيە. كۆچەيتىپ يېزىشنى ئۆگىنىش

### تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

قېرىنداشلىق مېھرى دۇنيادىكى ئەڭ سەمىمىي، ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ قىممەتلىك ھېسسىيات بولۇپ، ھايات مۇساپىمىزگە ئەگىشىپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن، قەلب چوڭقۇرلۇقلىرىمىزنى خۇددى يارقىن كۈن نۇرىدەك يورۇتۇپ تۇرغان بولىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلىق مېھىر - مۇھەببىتى بولمايدىكەن، ھايات بەكمۇ مەنىسىز تۇيۇلىدۇ!

ساۋاقداشلار، بىرلىكتە قېرىنداشلىق مېھىر تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تېپىپ بېقىڭلار ھەمدە بۇ ئەسەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ شۇنچە يۈرەك تارىنى چېكەلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىڭلار.

### يېزىقچىلىق مەشىقى

1. «قېرىنداشلىق مېھرى» تېما قىلىپ، ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەسىر قىلغان، ئېسىڭىزدىن زادىلا چىقمايدىغان بىرەر تەپسىلاتنى يېزىپ بېقىڭ. بۇنىڭدا ھېسسىياتنىڭ چىن، تەسۋىرلەرنىڭ نازۇك، ئىشلەتكەن تىلىڭىزنىڭ جانلىق بولۇشىغا دىققەت قىلىڭ.

2. «ئانىنىڭ كۆزلىرى ئايدەك نۇرانە ھەم مېھرىبان؛ ئاتىنىڭ كۆزلىرى سۈرلۈك ھەم ئويچان؛ ئاكا - ئىنى، ھەمدە سىڭىللارنىڭ كۆزلىرىدىن سەمىمىي - راستچىللىق چىقىپ

تۇرىدۇ.»

ئادەتتە، سىزمۇ مۇشۇنداق تۈيغۇدا بولۇپ باققانمۇ؟ «كۆز» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ. ئەسەر ماۋزۇسى بىلەن ژانىرىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ.

# پىكىرنى تاۋلاش. تېتىملىق يېزىشنى ئۆگىنىش

## تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

ئەسلىدە تىل بىلەن ئىدىيە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تىل ئىدىيەنىڭ ئىزھارچىسى بولسا، ئىدىيە تىلنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. تىل ئىدىيەگە ئەگىشىدۇ. ئوي ـ پىكىرلەر ئېنىق بولغاندا يازغان سۆز ـ جۈملىلەرمۇ ئېنىق بولىدۇ. ئوي ـ پىكىر توغرا بولغاندا يازغان سۆز ـ جۈملىلەرمۇ توغرا چىقىدۇ. ئىدىيە ئېقىن سۇدەك راۋان بولغاندا، تىلمۇ خۇددى ئويناق دولقۇنلاردەك شاشىلىشىپ كېتىدۇ؛ شەيئىلەرنى تونۇش قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى، سۆز ـ جۈملىلەر شۇنچە ھېكمەتكە باي بولىدۇ. بەزىلەر ئەسەرنى ياخشى يازالمىغانلىقنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ خەتنى چىرايلىق يازالمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئىملا قائىدىسى، گىرامماتىكىلىق ساۋاتلارغا پۇختا بولسىلا، ئەسەرنى ياخشى يازغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل خاتا قاراش. كۆڭۈلدە يېزىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر تېما بولغان، ئۇنى بىرەر ئەسەر قىلىپ يېزىشقا ئىنتىلگەن ھەمدە ئۇنى يېزىپ بولۇپ قەدەممۇ قەدەم پىشۇرغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

**يېزىقچىلىق مەشىقى**

1. ئىلگىرى يېزىپ قويۇپ قويغان بىرەر پارچە ئەسىرىڭىزنى ئۆزگەرتىپ بېقىڭ ياكى قايتا يېزىپ چىقىڭ. بۇنىڭدا پىكىرنىڭ چوڭقۇر، تىلنىڭ راۋان ھەم گۈزەل بولۇشىغا دىققەت قىلىڭ.

يېزىش ماھارىتى يېزىشقا ئۇستا بولۇشتىلا ئەمەس، بەلكى يامان يېزىلغانلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقىمۇ ماھىر بولۇشتا.

— چېخوپ

ئۆزى بىلمەيدىغان تورمۇشنى زورمۇ زور يازغان يازغۇچىدىن ئونى بولسا، توققۇزى مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ.

— بېلىنىسكىي

مەن ئەسەر يازغىنىمدا، تۇنجى جۈملىنى قانداق يېزىش ئۇستىدە ئۇزاق باش قاتۇرىمەن. شۇ ئەسىرىم ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان، مەلۇم جەھەتتە شۇ ئەسەرنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان بىرقانچە ئىغىر تېپىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى يەنە باشلىنىشتىنلا ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرىدىغان سۆزلەرنى يېزىشقىمۇ تىرىشىمەن. لېكىن، ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى قانداق چۈشۈرۈشنى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويىمەن، ئىش قىلىپ قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى پۈتۈنلەي دىتلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قانداق باشلاش ھەققىدە ئىزدىنىمەن.

— چىڭغىز ئايتماتوف

بىر گىرام ئالتۇن قېزىشقا بىر توننا قۇمنى تاسقاشقا

توغرا كەلسە، شېئىر يېزىشتا بىر سۆزنى تاللاش ئۈچۈن سۆز كانلىرىدىن نەچچە مىڭلاپ سۆزنى تاسقاشقا توغرا كې-لىدۇ.

ــ ماياكوۋسكىي

## يېڭىلىق يارىتىش. يېڭىچە يېزىشنى ئۆگىنىش

### تېما ھەققىدە مۇھاكىمە

يېڭىلىق يارىتىشتا ئالدى بىلەن ھازىرقى ھالىتىمىز-گىلا قانائەت قىلىپ قالماي، تېخىمۇ يۇقىرىغا ئىنتىلىش-كە، تېخىمۇ كۈچلۈك ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە تولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا ھازىرغىلا بېقىنىپ قېلىپ، ئالغا ئىلگىرى-لىمىگەندە، يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى پەيدا بولمايدۇ.

يېڭىلىق يارىتىش كونا تەپەككۇر ئەندىزىلىرىنى ئاڭلىق ھالدا بۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەمدە تەپەككۇر ئەندىزىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزگەرتىش بەك تەسكە تو-تايدۇ. بىر ساۋاقداش تاپشۇرۇق ئەسىرىدە مۇنداق بىر ئىش-نى يازغان: ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە توك قوڭغۇراق بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە توك قوڭغۇراقنى باسماي، ئادىتى بويىچە داۋاملىق ئىشىكنى چەككەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر پارچە قەغەزگە «ئىشىك چەكمەي، قوڭغۇراقنى بېسىڭلار» دېگەن سۆزنى يېزىپ، ئىشىككە چاپلىغان. بىراق شۇ چاغدا شامال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىپ، ئىشىك گۆپپىدە يېپىلىپ كەتكەن. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز ئىشىكنى چېكىپ، مومىسىغا ئىشىك-نى ئېچىپ بېرىشنى ئېيتقان. مانا بۇ ئىش تەپەككۇر ئەندى-زىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى، نا-ھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاڭلىق ھالدا ئۆز-گەرتىش ئېلىپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بې-رىدۇ.

## يېزىقچىلىق مەشقى

1. بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمىزدا نۇرغۇن ئۇن-تۇلغۇسىز ھېكايىلەر يۈز بەرگەن. بۇ ھېكايىلەرنىڭ بەزى-لىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالسا، بەزىلىرى قاتتىق تە-سىرلەندۈرىدۇ، بەزىلىرى بەئەينى چۈشتەك تۇيۇلىدۇ. «ئۇن-تۇلماس ھېكايە» دېگەن تېمىدا ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەسىر قىلغان بىرەر ھېكايىنى يېزىپ بېقىڭ.

2. ئېسىڭىزدە قالغان بىرەر مەسەل ياكى چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىگە ئاساسەن، ئۇنى قايتىدىن يېزىپ بېقىڭ.

3. «كىتاب ئوقۇش ۋە تورغا چىقىش» دېگەن تېمىدا بى-رەر پارچە ئەسەر يېزىپ بېقىڭ.

# قوشۇمچە I . زۆرۆر دەرسلىكتىكى كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىسى ۋە يەشمىسى

## ئاتىلار سۆزى

ئەسلىسى ۋە يەشمىسى
قىلماغۇ قىلىقلارنى
ئاشنۇچا سانمىش كەرەك
سانمادىن قىلماشتا كىن
نەتىگىن تانمىش كەرەك
يەشمىسى:
قىلماسلىققا تېگىشلىك قىلىقلارنى،
ئالدى بىلەن ئويلاش كېرەك.
ئويلىماي قىلغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭدىن تاناسلىق كېرەك.

كىرىككەن تونلار كىردىن
سوۋ ئۆزە يۇمىش كېرەك.
سۆز كىردى كىتمەس يۇسا
نەتىگىن تانمىش كەرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەشمىسى:

كىر باسقان كىيىمنىڭ كىرىنى
سۇ بىلەن يۇسا چىقىپ كېتىدۇ.
سۆز كىرىنى يۇيۇپ چىقىرىشنىڭ
ھېچقانداق ئامالى يوق.

ئايىپسىز تىشكە ئەر
يۇيۇنىن سۇنىمىش كەرەك
ئۇل ئانداش تۇزۇن بىرلە
تىرىگلىك قىلمىش كەرەك

يەشمىسى:

ئەيىپسىز ئايالالارغا
ئەرلەر بويىننى ئەگىش كېرەك
شۇنداق پەزىلەتلىك ئايال بىلەن
ئۆمۈر بويى بىرگە تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك

ئاقىقات بولسا تۇزۇن
ئاڭا جان بىرمىش كەرەك
مەڭى چىن ئۇل مەڭى ئۇق
تاقى نە ئايمىش كەرەك
ئىش قىلغۇ ئەيگۈ ئىشىنى
كۆركىتۇر كۆنى يولىنى
كەسمەڭلار ئەگرى تالنى
توبەسىندا مېۋە بار

يەشمىسى:

ئۇ راستلا دۇرۇس بولسا
ئاڭا جاننى بېرىش كېرەك.
بۇ ئەبەدىي مەڭگۈلۈك ھەقىقەت،
ئۇنىڭغا يەنە نېمە دېيىشنىڭ ھاجىتى بار؟
دوست بولساڭ ياخشى بىلەن دوست بول،
ئۇ ساڭا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ئەگرى تال (دوستىنىڭ ئاچچىق نەسىھەتى) دەپ
كېسىۋەتمەڭلار (خاپا بولماڭلار)
ئۇنىڭ شاخلىرىدا (نەسىھەتىدە) مېۋىسى
(پايدىلىق تەرەپ) بار

ئەردەملىگ كىشى ئەردىنى بىرلە تۇز ئول (بىلەن بىللە)
ئەردەمسىز كىشى ئەتۇك ئىچىندەكى ئۇلياق بىرلە تۇز
ئول
(پەزىلەتلىك كىشى گۆھەر
پەزىلەتسىز كىشى يېتەك).

بۇيانلىغ كىشى بۇرقانلار بىرلە تۇز ئول
بۇيانسىز كىشى بوق باقىر بىرلە تۇز ئول
(ساۋاپلىق ئىش قىلغۇچى بۇرخاندۇر،
ئىنساپسىز كىشى ئەسكى مىستۇر)

بەگىمىسىنمەيۈك بەگ بولسا بەلتىر سايۇ بەلگە بالۇر،
ئاتا قىسىمىنىما يوق ئانىخ بولسا ئارت سايۇ ماياقا يۇر.
(ئەمەل تۇتمىغان كىشى ئەمەل تۇتسا ھەر دوقمۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قامچا قويۇر
ئاتنغى چىممىغاننىڭ نامى چىقسا ھەربىر تاغ ئۆتكىلىگە
بەلگە سالۇر)

ياغمۇر ياغسا قاپۇڭ بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرگەك
(يامغۇر ياغقاندا يېپىنچاڭ بولسا يېپىنۋال
ياۋۇز ئادەم يېقىنلاشسا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل).

قۇچۇ تاغىندا قاپلا يوق
قۇدۇغ سۇۋىندا بالىق يوق
(قۇچۇ بىغىدا قاپلان يوق
قۇدۇق سۇيىدە بېلىق يوق).

ئەر قۇتى بەلىڭ
سۇۋ قۇتى تەرىڭ
(ئەرنىڭ قۇتى قورقماسلىقتا
سۇنىڭ قۇتى چوڭقۇرلۇقتا).

## ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا

### يۈسۈف خاس ھاجىپ

ئەسلىمىسى ۋە يەشمىسى:
1. كىشىدە ئىككى ئات، بۇ تىلدا يۇيۇر،

بىر ياخشى بىر ئەسكى جاھاندا قالۇر.

1 - بېيىتتا: ئادەمدىن بۇ جاھاندا ياخشى ياكى ياماندىن ئىبارەت ئىككى نامدىن بىرسىنىڭ قالىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

2. يامانغا يېقىنلاشما قىلغاي زىيان
يامانلىق چاقۇر ئۇ بولۇپ بىر يىلان.

2 - بېيىتتا: يامانلىقنىڭ خۇددى زەھەرلىك يىلان كەبى چېقىپ ئادەمگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغانلىقى ئېيتىلىپ، يامانلىققا يېقىنلاشماسلىق ئاگاھلاندۇرۇلغان.

3، 4. كىشىگە ھەم ئۆزگە قىلما سەن زىيان
ھەۋەسنى قويۇپ، قىل ياخشىلىق ھامان.
بالا - زورلۇق ۋاقتىدا قىل ياخشىلىق
تىلىڭ ھەم قولۇڭدىن يۇيۇنسۇن خەلق.

3 -، 4 - بېيىتتا: ھەۋەسنىڭ - نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىككە، ئۆمۈربويى گەپ - سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتتە ياخشىلىقنى مىزان قىلىپ، ياخشى ئىش - ھەرىكەت ۋە سۆزلەر ئارقىلىق خەلقنى سۆيۈندۈرۈشكە دەۋەت قىلىنغان.

5. يوغانچى تەكەببۇر، تېتىقسىز بولۇر
ئۇنى كىبىرسى كۇنمۇكۇن پەس قىلۇر.

5 - بېيىتتا: يوغانچىلىق، تەكەببۇرلۇق سۆكۈلۈپ، ئۇنىڭ ئادەمنى بارغانسېرى پەسلەشتۈرىدىغان تېتىقسىز ئىللەت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

6، 7. ئۇيات كىمدە بولسا، سىلىق خۇيلۇق ئول
ناچار ئىشقا ھەرگىز ئۇ سۇنمايدۇ قول

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇيات بارچە يامان ئىشتىن توسقۇچى
پۇتۇن ياخشى ئىشقا ئۇلاشتۇرغۇي.

6 _، 7 _ بېيىتتا: ئۇيات ـ ئار ـ نومۇسنىڭ كىشىنى يامان ئىشتىن توسۇپ، بارلىق ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇردىغان ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكى، ئويياتلىق كىشىنىڭ ياخشى خۇيلۇق بولىدىغانلىقى، ناچار ئىشقا قول سۇنمايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

8. ئېغىر يۈك كىشىگە ئۆزۈمچىل قىلىق
ئۆزۈمچىل قىلىققا ئوق ئات، قارشى چىق.

8 _ بېيىتتا: ئۆزۈمچىلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ كىشىگە ئېغىر يۈك ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپ، ئۇنداق بولمىغۇر ئىللەتنى تەرك ئېتىشكە دەۋەت قىلىنغان.

9. هاۋاغا بېرىلمە، ئەقىل بىرلە كەس
تېنىڭ باش كۆتۈرسە، بىلىم بىرلە باس.

9 _ بېيىتتا: هاۋايى ـ هەۋەسكە بېرىلمەسلىك، قۇتىرىغان هەۋەس ـ ئىستەك ئوتلىرىنى ئەقىل ـ هوش بىلەن تىزگىنلەپ، تەننىڭ ۋۇۋەسىنى بىلىم بىلەن بېسىش كونترول قىلىشقا چاقىرىق قىلىغان.

10. قوشۇلما پىتنىخورغا بارما يېقىن
ئۇنىڭكىم، تىلىدىن چىقار ئوت چېقىن.

11. هەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق
ئۆزىنى ئۆزى يەپ، سىزەر ئۇ ئاداق.

12. تۇپىڭ پىلتىزىڭنى پاساتلىق قىرار
بۇ ياخشى ئىزىڭنى پاساتلىق بۇزار.

10 ـ، 11 ـ، 12 ـ بېيىتتا: پىتنىخورلۇق، ھەسەتخور ـ لۇقنىڭ يامان كۆرسىتىلىپ، بۇنداق داۋاسىز كېسەللەردىن يىراق تۇرۇشقا، ئۇلارنى يوقىتىۋېتىشقا ئاساسلىق دالالەت قىلىنىغان.

# پارچىلار

## ئەھمەد يەسسەۋى

ئەسلىسى ۋە يەشمىسى:
غەرىپ ـ پەقىر، يېتىملەرنى قىلغىل شادىمان،
خۇلۇقلەر قىلىپ ئەزىز جانىڭ قىلغىل قۇربان.
تۆئىمە تاپساڭ جانىڭ بىلەن قىلغىل مېھمان،
بۇ سۆزلەرنى ھەقدىن ئىشىتىپ كەلدىم مانا.

ئايا دوستلار، نادان بىلەن ئۇلپەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تۇيۇپ ئۆلدۈم مانا.
توغرا ئېيتسام ئەگرى بولغا بوينىن تولغار،
قانلار يۇتۇپ، غەم زەھرىغە تويدۇم مانا.

تەما قىلما نادانلاردىن قەدرىڭ بىلمەس،
زۇلمەت ئىچرە يول ئاداشساڭ يولغا سالماس.
بويتۇڭ قىسىپ زار قىلساڭ قۇلۇڭ تۇتماس،
نادانلاردىن شىكۋە ئەيلەب كەلدىم مانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھېرىس ئۆتمىنى تىزلەتكەن ياخشى ــ يامان سۆزلەتكەن،
زەھرى قاتلغە سالغان نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟
مەنلىك ئاتىن مىندۇرگەن، يامان ــ ياروق قىلدۇرغان،
ھەرام مالنى يىغدۇرغان نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟

ئاتا ــ ئانا، ئوغۇل ــ قىز، بىر ــ بىرىدىن ئايرىغان،
ئۆلۈغ قايغۇغا قويغان نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟
ئەي قول ئەھمەد ھەققە ئۆي، نەفسىنىڭ سۆزىنى سەن قوي،
بىل يالغانچى ھەرىز گۆي نەفسى ھەۋا ئەمەسمۇ؟

**بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل:**

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىلارنى مەزمۇن جەھەتتىن ئۈچ بۆلەككە بۆلىمىز.

بىرىنچى بۆلەك: كەمبەغەل، يېتىملەرگە شەپقەت قىلىشنى مەزمۇن قىلغان بىرىنچى كۇپلېت بولۇپ، بۇ كۇپلېتتا شائىر كىشىلەرنى كەمبەغەل، يېتىملەرنى خۇشال ــ خۇرام قىلىشقا، ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن مېھمان قىلىشقا، ئۇلارغا ئىلتىپات، شاپائەت كۆرسىتىش يولىدا جېنىنىمۇ ئايىماسلىققا چاقىرىق قىلىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك: نادانلار بىلەن ئۈلپەت بولماسلىققا دەۋەت قىلىنغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۇپلېتتا تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ كۇپلېتتا شائىر كىشى قەدرىنى بىلمەيدىغان، كىشىنى توغرا يولغا باشلىمايدىغان، كىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلمايدىغان، كىشىنى توغرا يولغا باشلىمايدى-

غان، كىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلمايدىغان، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ قىڭغىر يولغا ماڭىدىغان، شۇ سەۋەبلىك كىشى ئىچىنى ئاچچىق قىلىدىغان نادانلار ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇلپەت بولماسلىققا چاقىرىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەك: نەپسى ھاۋاھ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. تۆتىنچى، بەشىنچى كۇپلېت بولۇپ، بۇ بۆلەكتە شائىر ئاچ كۆزلۈك ئوتىنى ئۇلغايتقۇچى، كىشىنى خۇشامەتچىلىك، پەتىنخورلۇق يولىغا باشلىغۇچى، ھارام مالنى يىغدۇرغۇچى، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالغۇچى نەپسى ھاۋانى قاتتىق قامچىلاپ، نەپسىنى تەرك ئېتىشكە ئۈندەيدۇ.

## غەزەل

### رەبغۇزى

غەزەلنىڭ بېيىتلار بويىچە يەشمىسى

رەبغۇزىنىڭ بۇ غەزىلى جەمئىي سەككىز بېيىتتىن تۈزۈلگەن بولۇپ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك:

1. ئۇش تۇگەتتىم بۇ كىتابنى، ئەي يارانلار، ئەر يۈزى، بىر يىل ئىچرە كەچتى ئانىڭ يىيى، قىشى، ياز، كۈزى.

1 ـ بېيىت: ئەي، قېرىنداشلار! مەن بۇ كىتابنى باھار، ياز، كۈز، قىش بىر يىل ئىچىدە يېزىپ تۈگەتتىم.

2. ئويمۇ باردىم، ئۆزۈم ئۈزدۈم، سۆزنى تۈزدۈم تۈنلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەن، ئەرتە تۇردۇم، خامە ئوردۇم ئەمگەنىپ تۇن - كۈندۈزى.

2 - بېيت: سەھەر تۇرۇپلا قولۇمغا قەلەم ئېلىپ جاپا - مۇشەققەتتە كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ بۇ كىتابنى يازدىم.

3. باغ قوپاردىم، تال ياغاچلىق، باش يوپۇرماق ئال چېچەك، يېمىشى ھېكمەتتۇپازىل ئايەت ئەخبار يۇلتۇزى.

3 - بېيت: مەن شۇنداق بىر باغ بەرپا قىلماقچى، بۇ باغ تال ياغاچلىق، گۈل - چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن. ئۇنىڭ شېرىن مېۋىسى ئىلىم - ھېكمەتكە پەزىلەتكە باشلىغۇچى چولپاندۇر.

4. قان قورۇتتۇم، جان تۈزاتتىم، كان چىقاردىم تاش قازىپ، ساپ قىزىل ئالتۇن ساچىغلاپ، بىزەدىم بۇ يەر يۈزى.

4 - بېيت: پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئەجىر سىڭدۇرۇپ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، نۇرغۇن دۇردانىلارنى تاللاپ چىقتىم. كىشىلەرگە ھەدىيە قىلدىم.

5. خاتىرە پىكىرنى ئەكتىم پەردە ئىچرە تۇگمەدەك، كەزلەدىم مەن تەگمەلەردىن تەگمەسۇن دەپ يات كۆزى.

5 - بېيت: مەن ئۆز پىكىرىمنى ياتلارنىڭ كۆزىدىن ساقلاش ئۈچۈن يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويدۇم.

6. يەتتە يۈز ئون ئەردى يىلغە كىم بىتىلدى بۇ كىتاب، تۇغمىش ئەردى ئول ئوغۇزدا قۇت سەئادەت يۇلتۇزى.

6 - بېيت: مەن بۇنى ھىجرىيە 710 - يىلى، يەنى، ھۇد ئېيىنىڭ بېشىدا مىلادىيە 1311 - يىلىنىڭ بېشىدا رابات ئوغۇز دېگەن جايدا تاماملىدىم.

7. ئۆزگەلەر كۆپ، ئالمۇنچە تۇزۇكلەر ئەل تۇزگەنىپ، مەن گۆھەر، ئىنجۇ تۇزدۇم گېزىبان بايان يازدى.

7 ـ بېيىت: مەن باشقا جايلارنى، يۇرتلارنى كېزىپ دەشت ـ سەھرالاردىن ئېشىپ ئەڭ سەرخىللىرىنى تاللاپ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم.

8. كۈن تۇغاردىن كۈن باتارغە تەگدى ئەرسە سۆزلەرىم، ئاندىن قوبدى مىسىر شەھرى، مۇندا تاسىر رەبغۇزى.

8 ـ بېيىت: مېنىڭ كىتابىم كەڭ جاھانغا تارقالسا، مېنىڭ نامىم خەلق ئالەمگە نامايان بولىدۇ. خۇددى مىسىر شەھىرىنىڭ نامى خەلققە نامايان بولغاندەك.

سۆزلەرگە ئىزاھات: ئۇش ـ خۇددى، بۇگۇن، هازىر، هازىرلا، هېلىلا؛ دەرەخ، شاخ ۋە مۆڭگۈزگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرىسى؛ قۇش ۋە ئاتلارنىڭ تۇغۇرى؛ ئوي ـ نەيچە، تۇرۇبا؛ قومۇش؛ ئازگال؛ ئەرتە ـ ئەتىگەن، سەھەر؛ ئەتە؛ ئەمگەنىپ ــ جاپا چېكىپ؛ ئال ـ قىزىل، قىزغۇچ؛ پازىل ـ پەزىلەتلىك، بىلىملىك؛ مەڭگۈلۈك؛ ئايەت ـ نىشان، بەلگىلەر؛ قۇرئان جۈملىلىرى؛ ئەخبار ـ خەۋەر، مەلۇمات، ئۇچۇرلار؛ ساچىغ ـ قۇربانلىق ئۈچۈن تاشلانغان نەرسە؛ ئەك ـ تىرىناق؛ هۇت ـ ئون ئىككى بۇرچنىڭ ئون ئىككىنچىسى؛ شەمسىيە (قۇياش) يىلى هېسابىدىكى ئاي نامى (فېۋرال، مارت ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ)؛ بېلىق؛ ئەرسە ـ ئالەم، دۇنيا؛ ناسىر ـ ياردەم بەرگۈچى، قۇتقۇزغۇچى، قوغدىغۇچى؛ ئاللا؛ دوست، هەمراھ؛ قوپتى ـ چىقتى، كۆتۈرۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا

## ئەلىشىر نەۋائىي

ئەسلىسى ۋە يەشمىسى:

1) «ئەلگە شەرەف بولمادى جاھانۇسەف،
لىك شەرەف كەلدى ھەياۋۇ ئەدەب»

1. مەنسەپ ۋە نەسەپنىڭ يۇقىرىلىقى كىشىگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرەلمەيدۇ، لېكىن ھەقىقىي شان ـ شەرەپ كەلتۈرگۈچى نەرسە ئىنساندىكى ئەدەپ ۋە ھايادۇر.

2) بولماس ئەدەپسىز كىشىلەر ئەرجۇمەنىد،
پەست ئېتەر ئۇل خەيلنى چەرخى بەلەنىد.

2. ئەدەپسىز كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئەزىز بولالمايدۇ، بۇنداق كىشىلەر ئاخىرى دەۋر تەرىپىدىن خارلىققا دۇچار قىلىنىدۇ.

3) تەركى ئەدەبدىن بىرى كۆلگۈدۇرۇر،
كۆلگۈ ئەدەب تەركىغە بەلگۈدۇرۇر.

3. ئەدەپسىزلىكنىڭ بىر ئالامىتى ئورۇنسىز كۈلۈشتۇر، چۈنكى ئورۇنسىز كۈلكە ئەدەپسىزلىكنىڭ بەلگىسى.

4) كىمكى ئۇلۇغراق ئاڭا خىدمەت كىرەك،
ئولكى كىچىكرەك، ئاڭا شەفقەت كىرەك.

4. ھەربىر ئادەم ئۆزىدىن چوڭلارغا خىزمەت قىلىشى، ئۆزىدىن كىچىكلەرگە مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىشى كې-رەك.

5) ئەيىش، نەۋائىي، نىچە دىلكەشىدۇرۇر،
لىك ئەدەب بىرلە ھەيا خۇشدۇرۇر.

5. ئەي نەۋائىي، بەزمە ۋە زىياپەتلەر ھەرقانچە كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، ئەدەب ۋە ھايا بىلەن ئولتۇرۇش ياخشىدۇر.

6) بىر دېگەننى ئىككى دېمەك خۇش ئەمەس،
سۆزچۇ تەكرار تاپدى دىلكەش ئەمەس.

6. بىر قېتىم ئېيتقان دۆزنى يەنە ياندۇرۇپ دېيىش ياخشى ئەمەس، تەكرارلانغان سۆز كۆڭۈلگە ياقمايدۇ.

7) خوبكىم يوقتۇر شەمايىل بىرلە شېرىن سۆز ئاڭا،
سەيىد بولماس ئەل، نىچە كىم بولسە زىيبا سۇرەتى.

7. بىراۋنىڭ كۆرۈنۈشى ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ ئەخلاقلىق ۋە شېرىن سۆزلۈك بولمىغا، ھېچكىم ئۇنىڭغا مايىل بولمايدۇ.

8) خىلئەتىن زەربەفىت دىيبادىن گەر ئەتسۇن، بىل يەقىن،
كىم نەمۇدار ئىچرەدۇر زەر بەفىت دىيبا سۇرەتى.

8. ئۇنداقلار ئەگەر نەپىس زەربابتىن كىيىم كىيىۋاتقان ھالەتتىمۇ، سەن ئۇنى نەپىس زەرباب كىيىملەرنى كۆرگەزمە قىلىدىغان بىر قارانچۇق، دەپ بىلگەن.

9) گەرچە قۇياشتىن پەرۋەرىش ئالەم يۇزىغە ئام ئىرۇر،
سەھرادە قامغاغۇ تىكەن، بوستاندا سەرۋۇگۇل بىتۇر.

9. گەرچە قۇياش نۇرى پۈتۈن ئالەمگە تەكشى چېچىلىپ، ئورتاق پەرۋىش قىلسىمۇ، يەنىلا چۆلدە قامغاق ۋە تىكەنلەر ئۈندۇ، بوستاندا بولسا سەرۋى ۋە گۇللەر ئۆسىدۇ.

10) بەرمەس تەتۋىل چۇ سۇخەندان سۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىش مۇختەسەر ئۇلچە بولغاي ئىمكان سۆزنىگە.

10. ناتىق كىشى بەك ئۇزۇن سۆز قىلمايدۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقا سۆزلەش لازىم.

11) گەر ئىش غەرى مەۋقىئىدە مەۋجۇد ئىرۇر،
كىشى ھەرنىكىم قىلدى مەردۇد ئىرۇر.

11. بىر ئىش قىلىشتا ئەگەر نىيەت نا توغرا بولسا، كىشى ھەرقانچە ھەرىكەت قىلغان بىلەنمۇ، ئىشنىڭ نەتىجىسى خاتا بولىدۇ.

12) مۇلايىم تەكەللۇم، ۋەھشىلەرنى ئۇلفەت سارى باشقارۇر،

12. مۇلايىم سۆز دۈشمەن كۆچلەرنىمۇ دوستلاشتۇرالايدۇ.

13) تەۋەززۇ ياخشى ئەمما ياخشىراقدۇر،
ئەگەر دەئىپ ئەتسە ئانى ئەھلى دەۋلەت.

13. كىچىك پېئىللىق ياخشى خىسلەت، ئەگەر دۆلەتمەن كىشىلەر ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلسا، بۇ تېخىمۇ ياخشىدۇر.

14) نىچە زەرۇرەت ئارا قالغان چاغدا،
چى دىمەس ئەرسەڭ، دىمە يالغان داغى.

14. ئەگەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن راست گەپ قىلىشقا ئىمكان بولمىسا، يالغان سۆزنىمۇ سۆزلىمە.

15) تەبىئەتكە ھەرنىكى ئادەت بولۇر،
چۇ ئەسكىردى ئادەت، تەبىئەت بولۇر.

15. ئەگەر كىشى ئۆز مىجەزىگە بىرەر ناچار ئىشنى ئادەت قىلىۋالسا، ئۇ ئادەت كونىرىغانسېرى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىدۇ.

16) نىكىم قىلىدۇ جاھىلكى، ئېردى يەمان،
تۇتۇپ ئەكسىنى تاپدىم ئاندىن ئەمان.

16. بىلىمسىز كىشىلەر قانداق يامان ئىشنى قىلغان بولسا، مەن ئۇنىڭ ئىشىنىڭ تەتۈرىنى قىلىپ، ئۇ ئىشتىن ئامانلىق تاپتىم.

17) كىمكى، تىلەسەڭ بىلەي، مەقالىن ئاڭلا،
ئەسلىن دىسەڭ ئاڭلايىن، فەئالىن ئاڭلا.

17. ھەرقانداق كىشىنىڭ مىجەز خۇلقىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باق، ئەگەر ئۇنىڭ تېگى تەكتىنى بىلەي دېسەڭ، ئۇنىڭ خۇي پەيلىنى كۆزەتكىن.

18) كىر دىگارىغە باقىپ، ئەسىل ھالىن ئاڭلا،
ئەسلىغە ىل ئانىڭ مىسالىن ئاڭلا.

18. چۈنكى قىلىۋاتقان قىلىقىغا قاراپ، كىشىنىڭ ئەلى قىياپىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمەل ۋە ھەرىكەت ھەر كىم-نىڭ ئەسلىي قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدۇر.

**سۆزلەرگە ئىزاھات:**

جاھ — مەنسەپ، ئەرجۇمەندە — ئەزىز، خەيلى — ئەل — جامائەت، چەرخى — زامان، مۇبكىم — بىراۋ، شەمايىل — قامەت، خىلئەت — كىيىم، زەربەفت — زەرباب، دىبا — نە-پىس يىپەك رەخت، نەمۇردا — ئاشكارا، نامايان، تەۋىل — ئۇزۇن، مۇختەسەر — قىسقا، تەۋازۇ — كىچىك پېئىل، دەئىب — ئەدەت، قىلىق، خىسلەت، مەردۇد — رەت قىلىن-غان، موغلانغان، داغ — يەنە، ھەمدە، ئەرسەڭ — مەيدان، سەھنە، ساراي — تەرەپ، ياق، مەقالىن — سۆز، بايان، فە-ئال — ئىشچان، بىرەر ئىشقا غەيرەت بىلەن كىرىشىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىق، ھەرىكەت، كىردىگار ـ ياراتقۇچى.

## كاشىغەر

### گۇمنام

ئەسلىسى ۋە يەشمىسى:

1. مەززەئى لۇتىفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشىغەر،
ئىشىق ئىلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مازارى كاشىغەر.

يەشمىسى: قەشقەر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تېرىلگەن جاي-دۇر، ئۇنىڭ مازارى ئىشىقلارنىڭ مېبلىگاھىدۇر.

2. ئىشىق ئۇلىپەت چەشمەسىدىن دەردۇ مېھنەت جۇش ئېتەر،
تۇپراغى ھەسرەت بىلەن بىتكەن ھېسارى كاشىغەر.

يەشمىسى: ئىشىق ـ ئۇلپەت بۇلىقىدىن دەرد ـ مېھنەت جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قورغانلىرى ھەسرەت توپىسى بىلەن قۇرۇلغان.

3. دىلرەبالەر باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلىگەي،
بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۇلئۇزارى كاشىغەر.

يەشمىسى: قەشقەرنىڭ گۈل يۈزلۈكلىرى جىلۋىلىك بىر بېقىشى بىلەن، ھەرقانداق گۈزەللەرنىڭ باغرىنى خۇددى بە-دەخشان ياقۇتىدەك قىزىل قان قىلىدۇ.

4. ئابى رۇكناباد، گۇلگەشتى مۇسەللا سەھىل ئېرۇر،
خۇلدىدىن ئەفزۇن تۇمەنىمىڭ لالىزارى كاشىغەر.

يەشمىسى: ئۇنىڭ ئالدىدا رۇكناباد سۈيى ۋە مۇسەللا

گۈلشىنى چاغلىقلار بىر نەرسە، ئۇنىڭ لالىزارى جەننەتتىن تۇمەنمىڭ ھەسسە ئارتۇق.

5. ئەيش ئىلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى،
چۈن سۇلەيمان دۆلەتىدۇر خارى ـ زارى كاشىغەر.

يەشمىسى: كۆڭۈل ئاچاي دېگەن كىشىلەرگە بۇ جاينىڭ ھەتتا تىكەنلىرىدىنمۇ گۈل پۇرىقى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەيرانىلىرى سۇلايمان دۆلىتىگە تەڭدۇر.

6. ئود، ئەنبەر تۇپراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى،
دۇررى ـ مارجان تاشلەرىدۇر كۇھسارى كاشىغەر.

يەشمىسى: ئۇنىڭ تۇپىسى ئىپار پۇرايدۇ، سۇلىرى بولسا ئابى كەۋسەر، قەشقەر تاغلىرىنىڭ تاشلىرى ئۈنچە ـ مارجاندۇر.

7. ياپەرى، ياھۆرى يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشىغەر.

يەشمىسى: كىمكى قەشقەرگە كېلىپ قالسا، ئۇ ھۆر ـ پەرىلەرگىمۇ، جەننەتكىمۇ ھەۋەس قىلمايدۇ. ئۆز يۇرتىنى بولسا ئۇنتۇپلا كېتىدۇ.

8. ھوشمەندۇر، دەردمەندۇ، مەردزەندۇلەب چۇقەند،
نار خەندان، سىب رەنا ھەرنە بارى كاشىغەر.

يەشمىسى: ئەقىللىق كىشىلەر بولسۇن، دەردمەنلەر بولسۇن، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، لىۋى خۇددى قەنشېكەرنىڭ ئۆزى، قەشقەر كىشىسىنىڭ يۈزى كۈلۈپ تۇرغان ئانار ياكى قىپقىزىل ئالما.

9. كاشىغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمىنامىنىڭ پايلاغىدۇر،
دىلكۇشا ئىشرەت پەزا ھەر سەبزارى كاشىغەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەشمىسى: قەشقەر شەھىرىنى گۈمىنامىنىڭ بايلىقى دەپ بىلىڭلار، قەشقەرنىڭ ياپيېشىل چىمەن باغلىرى كىشىنىڭ دىل بەھرىنى ئاچىدۇ. كىشىگە ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ.

**سۆزلەرگە ئىزاھات:**

مەززەئى ـ تېرىلغۇ يەر. چەشمە ـ بۇلاق. دىلرەبەلەر ـ گۈزەل، نازىنىن. غەمزە ـ جىلۋە، ناز ـ كەرەشمە. گۈلئۇزا-رى ـ گۈليۈزلۈك. گۈلگەشتى ـ گۈلشەن. مۇسەللا ـ مەس-چىت. سەھىل ـ ئاسان. خۇلىد ـ جەننەت، مەڭگۈلۈك. ئەفزۇن ـ ئۆزەل. خارىدىن ـ تىكەنلىرىدىن. دۇررى ـ مار-جان ـ ئۈنچە ـ مەرۋايىت. كۇھسار ـ تاغلىق. ھوشمەندۇ ـ ئەقىللىق، مەرىد ـ زەندۇ ـ ئەر ـ ئايال. نارخەندان ـ ئې-چىلغان ئانار گۈلى. سىب ـ رەنا ـ قىزىل ئالما. دىلكۇ-شا ـ يېقىملىق. ئىشرەت ـ پەزا ـ ئىشرەت كۆپ. سەبزا-رى ـ يېشىللىق.

# كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بايان

## ئابدۇللا خاراباتى

ئەسلىسى ۋە يەشمىسى:

1. ئەي قاياشىم ئىستە ئالىم سۆبەتىن،
جان ۋە كۆڭلۈڭ بىرلە قىلغىل خىزمەتىن.

بۇ بېيىتتا: ئالىملارنىڭ سۆھبىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قو-

يولغان.

2. كىمكى كۆرسە ئەھلى ئالىمنى ھەقىر،
ئول كىشىنىڭ بىگۇمان ئۆرى كەمىر.

بۇ بېيىتتا: كىمدەكىم ئالىملارنى پەست كۆرسە، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ياخشى كۈن كۆرمەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

3. ھەر كىشىكىم ئالىمغا كۈلپەت قىلماغاي،
كىمكى قىلسا تەڭرى رەھمەت قىلماغان.

بۇ بېيىتتا: ئالىمغا ئازار بەرگەن كىشىگە تەڭرىنىڭمۇ شەپقەت قىلمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

4. گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئېتەر،
بىر ئۆمۈر ئۆز قەلبىنى ئازاد ئېتەر.

بۇ بېيىتتا: بىراۋ ئالىمغا ياخشىلىق قىلسا، ھاياتىنىڭ مەڭگۈ خۇشال ئۆتىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

5. پەندى ئالىم كورغا گوياكى ھاسا،
روھىغا ھەم بولغىسىدۇر كۆپ غىزا.

بۇ بېيىتتا: ئالىم كىشىلەرنىڭ نەسىھەتىنىڭ ئىنسانلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ، كىشىلەر قەلبىگە شىپاھ بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

6. ھېچ لەززەت ئىلىمدىن خۇشتىر ئەمەس،
ئىلىمسىزلەر خەلق ئارا بەھتىر ئەمەس.

بۇ بېيىتتا: ئىلىم لەززىتىنىڭ ھەممە لەززەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئىلىمسىزلەرنىڭ مەڭگۈ خورلۇقتا ئۆتىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

7. ئىلىمسىزلەر خەلق ئارا ئادەم ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلىمسىز ئىككى جاھان مەھرىم ئەمەس.

بۇ بېيىتتا: بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئىككى دۇنيادا مەڭگۇ ياخشىلىق كۆرەلمەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

8. ئىلىمدىن، ئەئىمالىدىن بولغاي تېقىن

ئىلىمسىز، ئەئىمالسىز بولغاي لەئىن.

بۇ بېيىتتا: بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ چوقۇم ياخشى بولىدىغانلىقى، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ لەنەتكە قالىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

9. ھەر دىيارنىڭ چىراغىدۇر ئالىمى،

ھەرقارا تۈننىڭكى ماھى ئالىمى.

بۇ بېيىتتا: ئالىملار ھەر دىيارنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ھەم ئاي ھەم چىراغدۇر.

10. ئىلىم بىرلە سەيىر ئېتەر ئەرشىن ۋە ئېلى،

ھەم فالەك، يەرۇ ـ تەھتە سارى.

بۇ بېيىتتا: بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ھەممە جاينى ساياھەت قىلالايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

11. ئىلىم بىر ئاتدۇركى خۇش رەفتارلىق،

كىمكى مەرگەپ بولسا كۆرمەس خارلىق.

بۇ بېيىتتا: كىمكى بىلىمنى توغرا يولغا ئىشلىتەلىسە، مەڭگۇ خار بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

12. ئىلىمسىز ھەسرەتتىدۇر، پىرۇ ـ جۇۋان،

ئىلىم ئىستەپ كۇنۇ ـ تۈن يورگىل رەۋان.

بۇ بېيىتتا: ئىلىمسىزلىكنىڭ كىشىنى ھەسرەتتە قويىدىغانلىقى، شۇڭا ئىلىم ئىستەشنىڭ لازىملىقى ئوتتۇرىغا

قويۇلغان.

13. ھەر دىيارنىڭكى باغى ئالىمى،
ھەر دىيارنىڭكى شاھى ئالىمى.

بۇ بېيىتتا: ئالىملارنىڭ، بىلىملىكلەرنىڭ ھەربىر دى ـ يارنىڭ شاھى بولالايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

14. ئىككى قىسمى ئادىمىي ھۆرمەتتەدۇر،
مۇندىن ئۆزگە پارچىسى ھەسرەتتەدۇر.

بۇ بېيىتتا: ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ ئادەمنى ئەزىز قىلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن بىرسى كەم بولسا مەڭگۈ ھەسرەتتە قالىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

15. ئىستە ئىلمى ۋەھىم قىلسا ئەمەل،
كۆڭلىگە ئىككى جاھان قىلماس خەلەل.

بۇ بېيىتتا: كىمكى ئالىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلسا مەڭگۈ خارلىقتا قالمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قو ـ يۇلغان.

16. ھەر كىشىنىڭ ئىلمى يوق ناداندۇر،
قىلغان پېئىلى ئۇنىڭ ھايۋاندۇر.

بۇ بېيىتتا: ئىلىمسىز كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

17. ئىلىمغە قىل ئەي قاياش ئۆمرىڭنى سەرپ،
بەھرە ئالغىل ئىلىمدىن بىر نەچچە ھەر.

بۇ بېيىتتا: كىشىلەرنى ئىلىم ئېلىشقا چاقىرغان.

18. غاپىلا ئۆمرى ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
ئىلىمسىز ـ ئەئمالسىز تاپقاي زەرەر.

بۇ بېيىتتا: بىلىم ئالمىغان كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ زىيان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارتىدىغانلىقى ئۇتتۇرىغا قويۇلغان.

19. مەن نىچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادىلەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادىلەر.

بۇ بېيىتتا: ئالىملار ئېتىبارسىز قىلىنىۋاتقان بۇ دەۋردە مەن ئۇلارنىڭ قايسى بىرىگە پەرياد چېكەي، ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا مەن قانداقمۇ خۇشال بولالايمەن.

**سۆزلەرگە ئىزاھات:**

كوللىيات ـ بىر يۇرۇش، بىر پۈتۈن. خاراباتى ـ داۋايى ئىشىق بىلەن خاراب بولغۇچى. ھەقىر ـ كەمسىتىلگەن. كەمىر ـ كەملەپ كەتكەن. خۇشتىر ـ خۇشتاق. بەھتىر ـ ياخشىراق. مەھرىم ـ يات، غەيرى، ئىگە بولالماسلىق. ئەئمالدىن ـ ئىش ـ ئەمەلدىن. تېقىن ـ جەزىم، مۇتلەق. ماھى ـ ئېيى. ئەرش ـ ئېگىز، ئېگىزلىكتىكى تەخت. ئېلى ـ بەلەن، مەرتىۋىلىك. فەلەك ـ ئاسمان. تەھتە سارى ـ بەر ئاستى. رەفتدرلىق ـ يولى ئوچۇق، راۋانلىق. مەرگەپ ـ مىنىش، مىنىدىغان ئۇلاغ. ۋەھىم ـ قورقۇش، ئەندىشە. خەلەل ـ شىكەسىت (كۆڭلى ئازار يېگەن) تاپقان، لەئىن ـ پىرۇ ـ جۇۋان ـ قېرى ـ ياش، بەھرە ـ پايدا، ئۇلۇش.

# قوشۇمچە II . ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن ئۆرنەكلەر

○ ئابرۇيىڭنى ياشلىقتىن ساقلا، چاپىنىڭنى يېڭى چېـ-
غىدا ساقلا.

○ ئات ئالساڭ ئاي كېڭەش، خوتۇن ئالساڭ يىل كېـ-
ڭەش.

○ ئات ئالساڭ مىنىپ كۆر، چىنە ئالساڭ چېكىپ كۆر.

○ ئات ئالساڭ يېقىندىن ئال، خوتۇن ئالساڭ يىراقتىن
ئال.

○ ئاتقا ئىگەر كېرەك، ئىگەرگە ئەر كېرەك.

○ ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ.

○ ئاتنى بەيگىدە سىنا، مەردنى مەيداندا سىنا.

○ ئاتا بالىسى بولغۇچە، يۇرت بالىسى بول.

○ ئاتا قارغىشى ئوق، ئانا قارغىشى دوق.

○ ئاتا كەسپىنى تاشلىغان، پېشانىسىنى قاشلىغان.

○ ئاتا كۆرگەن ئوق ياسار، ئانا كۆرگەن تون پىچار.

○ ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن.

○ ئالتۇن باش ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە، پاقىباش ئاناڭ
بىلەن قال.

○ ئاتادىن ھىممەت، ئوغۇلدىن خىزمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



○ ئاتلىق يېتىم ـ كۆل يېتىم، ئانىلىق يېتىم ـ گۈل يېتىم.
○ ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرىدۇ، چىچالمىغان پوقىدىن كۆرىدۇ.
○ ئاتمىش ياشلىقتىن سورىما، ئالتە ياشلىقتىن سورا.
○ ئاچچىق ئالدىدا يورۇيدۇ، ئەقىل كەينىدە يورۇيدۇ.
○ ئاچ نېمىنى يېمەيدۇ، توق نېمىنى دېمەيدۇ.
○ ئادەمگە ئەقىل كېرەك، پاتقاقتا شېغىل كېرەك.
○ ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن سەمرىيدۇ.
○ ئادەمنى ئارزۇ ئۇچۇرىدۇ، قۇشنى قانات ئۇچۇرىدۇ.
○ ئادەمنى غەم يەيدۇ، تۆمۈرنى نەم يەيدۇ.
○ ئادەمنىڭ ئادەملىكى ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنەر.
○ ئادەمنىڭ قىممىتى سۆزى بىلەن، ئاشنىڭ تەمى تۇزى بىلەن.
○ ئادەمنىڭ يېتى يوق، ئالتۇننىڭ دېتى يوق.
○ ئادەمى يوق ئۆيدە ئۈچكىنىڭ ئېتى.
○ ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن، ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن.
○ ئاردا قاڭشار بولمىسا، ئىككى كۆز بىر ـ بىرىنى يەر.
○ ئاز سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلا؛ ئاز يە، كۆپ چاينا.
○ ئاستا ماڭغان تاغ ئاشار، يۈگۈرگەن باغ ئاشار.
○ ئاغزىدىن ھەسەل تامىدۇ، كۆڭلىدىن زەھەر تامىدۇ.
○ ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا، ئالتۇن تاۋاقتا سۇ ئىد-

چەرسەن.

○ ئالغاندا بىسمىللا، بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللا.

○ ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاقتا كۆرۈپ بوز ئال.

○ ئاي تۇندە كېرەك، ئەقىل كۈندە كېرەك.

○ ئابدال ئاتقا مىنسە باي بولدۇم دەر، چامغۇر ئاشقا كىرسە ماي بولدۇم دەر.

○ ئاتقا مىنگەشمە، مىنگەشكەندىن كېيىن ئۈندەشمە.

○ ئاتا كەمچىلىكى ئەمەس، لاتا كەمچىللىكى.

○ ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن، ئاتاڭنى كۆمگەنلەر ئۆلمىسۇن.

○ ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئىتتىپتۇ توڭ-گۇزنى.

○ ئاتاقتا بار، ساناقتا يوق.

○ ئاچ كۆز تويماس، بېخىل بېيىماس.

○ ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى توقلۇقتا ئۇنتۇما.

○ ئادەم ئادەم بىلەن، پىستە بادام بىلەن.

○ ئادەم بولمىساڭ ئەقىلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولىسەن ساقىلىڭ بىلەن.

○ ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، هايۋان تۇياقتىن.

○ دېگىنىڭگە قارىما، قىلغىنىڭغا قارا.

○ ئارىدا قاڭشار بولمىسا ئىككى كۆز بىر ـ بىرىنى يەر.

○ ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان، توختاپ قالغان يامان.

○ ئايدا كەلگەنگە ئاياغ، كۈندە كەلگەنگە تاياق.

○ ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا.

○ ئەزمە ئويلانغىچە تەۋەككۇلچى مەقسەتكە يېتەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق، ئۆتۈكىنىڭ چەمى يوق.
○ ئەل ئامانلىقنى تىلەر، دۈشمەن يامانلىقنى تىلەر.
○ ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق، ھۇرۇننىڭ جېنى تاتلىق.
○ ئەگرى كىشى ئازىدۇ، توغرا كىشى ئۇزىدۇ.
○ ئەقلى يوق باشتىن، سۈيى يوق قاپاق ياخشى.
○ ئەقىلسىزنىڭ ئېپى يوق، تىڭشىغۇدەك گېپى يوق.
○ ئەقىل تۈزۈماس، بىلىم خورىماس.
○ ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، يامان تۇغقان ئۆلگەندە ياخشى.
○ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېسە، بەش تەڭگەمنى بەر دەپتۇ.
○ ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت.
○ ئەزرائىل جان دېسە، بەش بالا نان دەيدۇ.
○ ئەجىلى يۈتكەن قاغا قارچىغا بىلەن ئوينار.
○ بار چاغدا ھورى چىقىدۇ، يوق چاغدا شورى چىقىدۇ.
○ بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەمچى.
○ باردا پولدۇرۇڭ ـ پولدۇرۇڭ، يوقىدا قاراپ ئولتۇ-رۇڭ.
○ بارىنى ئايىما، يوققا كايىما.
○ باشتا سۇ بولسا، ئاياغدا نان بولىدۇ.
○ ئەردىن قالغان ئەر ئەمەس، دان بەرمىگەن يەر ئەمەس.
○ ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگۈچە، ئۆزى ئۆلسۇن.
○ ئەسكى ھارۋا يول بۇزار، ئەسكى ئادەم يۇرت بۇزار.
○ ئەقىللىق ئۆزىنى ئەيىبلەر، ئەقىلسىز ئۆزگىنى ئە-يىبلەر.
○ ئەل قايان سەن شۇ يان.

○ ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن، ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن.

○ باتۇرلۇق بىلەن بۆرە تۇت، ئەقىل بىلەن تۈلكە تۇت.

○ بار ماختانسا ئېچىلىدۇ، يوق ماختانسا چېچىلىدۇ.

○ بازاردا مىڭ كىشى كۆڭۈلدە بىر كىشى.

○ باش قەدەردە بولسا، پۇت شۇ يەردە بولۇر.

○ باققالنىڭ ئالدى، قاسساپنىڭ كەينى ياخشى.

○ بالاڭنىڭ ئويىنىشىغا باق، قازاننىڭ قايىنىشىغا باق.

○ باي بايغا ئاقار، سۇ سايغا ئاقار.

○ بۇقا بويىنىغا يىغار، ئابدال قويىنىغا يىغار.

○ بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن، تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان.

○ بىر بىكار ئوننى بىكار قىلىپتۇ.

○ بىر كۈن بۇرۇن تېرىساڭ، ئون كۈن بۇرۇن يىغىسەن.

○ بىرنى كەسسەڭ ئوننى تىك.

○ بىر ئىت كۆرۈپ قاۋىسا، مىڭ ئىت كۆرمەي قاۋايدۇ.

○ بىلىمسىزگە ھال ئېيتقىچە، ئىچىڭدە سېسىپ كەتسۇن.

○ باشتا قاتتىق ئىش، ئاياغدا تاتلىق ئىش.

○ بار ئوخشىتىدۇ، يوق قاقشىتىدۇ.

○ بالا كەلسە قوش كېلەر، ئامەت كەلسە خوش كېلەر.

○ باي مېلىنى سۆزلەر، گاداي مۇڭىنى سۆزلەر.

○ باي يۇرتىنىڭ ئوزۇقى، باتۇر يۇرتىنىڭ قوزۇقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ بەرسە قولىدىن ئالار، بەرمىسە يولىدىن ئالار.
○ بەزىدە خۇدا بىلەن رۇسۇل، بەزىدە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل.
○ بۇ يەردە ئوغرى يوق، ھېلى قويغان ھېلى يوق.
○ بېخىلدىن پۇل ئالماق، پېتىر ناندىن قىل ئالماق.
○ بېشىڭ ئىككى بولمىغۇچە، قاچاڭ ئىككى بولماس.
○ بىر پاتمان ئالتۇنۇڭ بولغۇچە، بىر تاپان يېرىڭ بولسۇن.
○ پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق.
○ پاقا سوزۇلۇپ يىلان بولماس، موماي ياسىنىپ جۇۋان بولماس.
○ پالتىدىن زۇۋان كەپتۇ، قاتىلدىن ئىمان كەپتۇ.
○ پايدىنى كۆرسە بۆرگىدەك چاققان، زىياننى كۆرسە كىرپىدەك ياتقان.
○ پەمسىزنىڭ پاراسىتى يوق، ئەمسىزنىڭ پاراغىتى يوق.
○ پۇتتىن يىقىلغان تۇرار، تىلدىن يىقىلغان تۇرالماس.
○ پەمى يوق كىشىنىڭ، مەززىسى يوق ئىشىنىڭ.
○ پۇختا ئىشتىن چاتاق چىقماس، يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس.
○ پۇل ئالدىدا ئېزىقما، مەنسەپ دېسە قىزىقما.
○ پۇل بار چاغدا مىڭى دوست، پۇل تۈگىگەندە قېنى دوست.
○ پۇل ـ مال كېتەر بوشلۇقتىن، پۇرسەت كېتەر خۇشلۇقتىن.

○ پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە.
○ پۈتكەن ئىشقا ئىگە تولا، ئۇرۇشتىن كېيىن باتۇر تولا.
○ پىچاق تاشتا بىلىنىدۇ، ئادەم ئىشتا بىلىنىدۇ.
○ پادىشاھلىق ئەل بىلەن، تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.
○ پىل تۆشۈكتىن قورقىدۇ، چاشقان مۈشۈكتىن قورقىدۇ.
○ پىلنىڭ ئۆمرىگە چىشىنىڭ قىممەتلىكى سەۋەبكار.
○ تاپقىنىم پاك، قولىقىم ساق.
○ تارتىنساڭ سۆزۈڭنى كىم قىلۇر، ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلۇر.
○ تازغا مەنسەپ تەگسە، چەللىدە ئات چاپار.
○ تاسما يېگەن ئىت ئۆلگۈچە خۇيىنى تاشلىماس.
○ تاغقا چىقسا كېيىك، سۇغا كىرسە بېلىق.
○ تاڭ سۆزلىمە تاڭدا كېلۇر، ئالدىرىمىغىن ئاستا كېلۇر.
○ تام تېشىپ تېرىق ئاپتۇ، سۇ تېشىپ بېلىق ئاپتۇ.
○ تاياق گۆشتىن ئۆتەر، تىل سۆڭەكتىن ئۆتەر.
○ تەقدىرگە تايىنىپ ياشىماي، تەدبىرگە تايىنىپ ياشا.
○ تەمىنى بىلەي دېسەڭ تېتىپ كۆر، ئېپىنى بىلەي دېسەڭ ئېيتىپ كۆر.
○ توپ توپقا يىقىلار، يالغۇز ئازغالغا.
○ توخۇ تويماس، كۆرگەننى قويماس.
○ توغرا سۆز تاشنى يارار، تۆھمەت باشنى يارار.
○ تۇرغانلارغا تۇۋرۇك بول، ماڭغانلارغا كۆۋرۈك بول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ تېرىساڭ ئالىسەن، ئىزدىسەڭ تاپىسەن.
○ تىرىك بولۇپ ساندا يوق، ئۆلۈك بولۇپ گۆردە يوق.
○ تام تۆۋىدىن قېرىيدۇ، دەرەخ ئۇچىدىن قېرىيدۇ، ئادەم ئىچىدىن قېرىيدۇ.
○ تاينى باقسا ئات بولۇر، بۆرىنى باقسا يات بولۇر.
○ توغرا سۆز تۆمۈرنى تېشەر، سىلىق سۆز قىلىچنى كېسەر.
○ تۇگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقماپتۇ.
○ تېرىغان ئوراپ يەر، تېرىمىغان سوراپ يەر.
○ تىكەن بولۇپ پۇتقا كىرگۈچە، چىمەن بولۇپ باشقا قادال.
○ تىلغا ئىختىيار بەرمىسەڭ، ئەلگە ئېتىبارسىز بولىسەن.
○ تىلىڭ قاتتىق بولسا ياغلىنۇەت، يۇمشاق بولسا داغلىنۇەت.
○ تىلىڭ كۆيسە تۈز يالا، ئىچىڭ كۆيسە مۇز يالا.
○ تامغا ئۇنگەن بامبۇكنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، پوستى قېلىن، ئىچى كاۋاك.
○ توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر.
○ تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز.
○ تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر، تاپالمىغىنى چۈجە خوراز.
○ تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا ئۆچكىنى ئاسماندا كۆر.
○ تاغدا يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ.
○ تەرساغا گەپ ئۆتمەس، تاشقا مىخ ئۆتمەس.

○ تىلى يامانىنىڭ دىلى يامان.

○ تاتلىق سۆزلۈك دۈشمەندىن ئاچچىق سۆزلۈك دوست ياخشى.

○ جان دوستۇڭ جېنىڭدىن كېچەر، مال دوستۇڭ مېلىڭدىن كېچەر.

○ جانلىق نادان ئۆلۈك، جانسىز ئالىم تىرىك.

○ جان راھىتى جان بىلەن، تەن راھىتى پەم بىلەن.

○ جەڭدە ئۆلسە بىر كىشى، ئىز باسىدۇ مىڭ كىشى.

○ جېدەل نەدىن كېلەر — تالاشتىن، بالا نەدىن كېلەر — قاياشتىن.

○ جىم ئولتۇرساڭ مۆڭ دەيدۇ، ئېگىز ئولتۇرساڭ دۆڭ دەيدۇ.

○ جىق بولسا كېتەر، ئاز بولسا يېتەر.

○ جېدەلنى باشلىغان لاپچى، ئۇسسۇلنى باشلىغان داپچى.

○ جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.

○ جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماپتۇ.

○ جاي بەرگەنگە جان بەر.

○ جاھاندا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى.

○ جاپانى كىم تولا چەكسە، گۆھەرنى شۇ ئالار تاشتىن.

○ جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق، ئىناق بولماي سائادەت يوق.

○ چاپىنى تىزىدىن ئاشماس، ئالدىنى ياپسا كەينىنى ياپماس.

○ چاقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ چاپىنىغا قارىما، ئادەمگە قارا.
○ چاشقانغا كېپەك ئالدۇرماس، قوڭغۇزغا تېزەك ئالدۇرماس.
○ چاڭقىغانغا سۇ بەر، مۇزلىغانغا ئوت.
○ چالا موللا ۋالاقلايدۇ، ئەگرى نوغۇچ تاراقلايدۇ.
○ چەككىنىم جەبىر - جاپا، ئاڭلىغىنىم تەنە - تاپا.
○ چۆچۈرە چۆرۈلگىچە، ئۇگرە ئۆرۈلگىچە.
○ چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر، ئۆپكىنىڭ دورىسى چامغۇر.
○ چىشىمغا قارىما، ئىشىمغا قارا.
○ چىرىغىڭ قانچە بولسا، سايەڭ شۇنچە بولار.
○ چىۋىن دېگەن مەينەت نېمە، قونغان نەرسىنى يۇماي يېمە.
○ چاپىقىنى ئالىمەن دەپ، كۆزىنى قارىغۇ قىپتۇ.
○ چىققىلى بولمايدىغان تاغ يوق، ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا يوق.
○ چىۋىنىنىڭ كۆڭلى گەندىدە.
○ چىشى يوق كۆپ چاينايدۇ، ئەقلى يوق كۆپ قاينايدۇ.
○ چېچەن كىشى سۆز باشلار، ئادىل كىشى ئەل باشلار.
○ چوڭ باشنى ئاچسا، كىچىك كۆتىنى ئاچار.
○ چوڭ نان پىشقىچە، كىچىك توقاچ كۆيۈپ كېتىپتۇ.
○ چىرايىنىڭ ئاقلىقىدىن، كۆڭلىنىڭ ئاقلىقى ئەلا.
○ چىرايلىقنىڭ دەردى يامان، سەتنىڭ هالى يامان.
○ چىدىماسنىڭ نالىسى تولا، خۇشياقماسنىڭ باهانىسى تولا.

○ خۇشامەتچىنىڭ چىشى بولمىسىمۇ سۆڭەك غاجار.
○ خامان تەپكەن ئاپتاپ تىلەر، كۆمۈر ساتقان يامغۇر تىلەر.
○ خەلپەم كۆلمەپتۇ كۆلسە تىلىقىپ قاپتۇ.
○ خامان ئالماق ــ شەھەر ئالماق.
○ خانغا يارىغان بىشىم، تازغا يارىماپتۇ.
○ خەلقنى ئالدايمەن دېگىنىڭ ئۆزۈڭنى ئالدىغىنىڭ.
○ خەلق ئېيتماس، ئېيتسا خاتا بولماس.
○ خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس.
○ خۇدا قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسا، ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ.
○ خۇدا بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز، مۈشۈككە قامەت بەرمىگەن.
○ خويمۇ سەنەم سالغۇم بار، پۇتۇم قوپال قولۇم گال.
○ خورازنىڭ تاجىسى بولغۇچە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بول.
○ خىيال كېچىدە ئېچىلار، گۈل سەھەردە ئېچىلار.
○ خىل خىلىدا ياخشى، پىچاق غىلىپىدا ياخشى.
○ داچەن ئوينا تاۋكادا، پۇلنى خەجلە ھېيتگاھدا.
○ دەريانى بۆلگەن تارام، قوشۇننى بۆلگەن قارام.
○ دورغا نەدە، بولسا، يورغا شۇ يەردە.
○ دوست باشقا باقار، دۈشمەن ئاياغقا.
○ دوستۇڭنىڭ سۆزىدىن چىقما، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىدەك قىلما.
○ دوستنىڭ كونىسى ياخشى، چاپاننىڭ يېڭىسى ياخشى.

○ دوست ياخشى يېرىڭنى كۆرەر، دۈشمەن يامان يېرىڭنى كۆرەر.

○ دوغاپچى ئاپتاپ تىلىسە، ماتاڭچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.

○ دۇنيادا ئەخمەق بولمىسا، ئەقىل ئىگىلىرى زېرىكىپ قالار.

○ دۇنيادا ئىككى ئۆلۈم يوق، بىرىدىن قۇتۇلغان ھېچكىم يوق.

○ دۆڭنى كۆرۈپ تاغ دەرمەن، گۈلنى كۆرۈپ باغ دەرمەن.

○ دۆلەت يۈزى ئاق، مەينەت يۈزى قارا.

○ دۈشمەن قەست قىلار، دوست قۇتۇلدۇرار.

○ دۈشمەن سىرىڭنى ئوغرىلايدۇ، دوست خاتايىڭنى توغرىلايدۇ.

○ دېمىگەننى دېگىلى، يېمىگەننى يېگىلى بولار.

○ داننىڭ توقلۇقى تۇپراقتا باغلىق، گۈلنىڭ جامالى ياپراقتا باغلىق.

○ دەرەخ غولىدىن سۇنماس، شېخىدىن سۇنار.

○ دۇكانچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى يامان.

○ دېھقاننىڭ ئوبدىنى يېرىنى تېرىيدۇ، ئادەمنىڭ ئوبدىنى يۇرتىدا قېرىيدۇ.

○ دېدەك مونچاق ئاسسا كىرمىگەن ئۆيى قالماپتۇ، قۇل ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭى قالماپتۇ.

○ دوست بىلەن ئىناق بول، دۈشمەندىن يىراق بول.

○ دۈشمەنىنىڭ قارغىشىدىن قورقما، ئەلنىڭ قارغىشىدىن قورق.
○ دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق، ئەل سۆيگەنىنىڭ يولى ئوچۇق.
○ دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، دېمەي دېسەم دىلىم كۆيىدۇ.
○ دۈشمىنىڭگە ئۆلۈم تىلىگىچە، ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە.
○ راست گەپ بوسۇغىدىن چىققىچە، يالغان گەپ يەتتە تاغدىن ھالقىپتۇ.
○ رەھمى يوق ئادەمدىن رەھمى بار ئىت ياخشى.
○ رەمچىگە ئىشەنمە، رەمسىزمۇ يۈرمە.
○ رەخت پۇل ئەمەس، ھۈنەر پۇل.
○ رەڭمۇرەڭ بولاي دەيمەن، ھېچنېمە رەڭ بولالمايمەن.
○ رەمچىنىڭ رەمىدىن، ئۆزۈڭنىڭ خىيالى ياخشى.
○ راستنى كۆرسە يالغان قاچىدۇ، يولۋاسنى كۆرسە تايغان قاچىدۇ.
○ راست بىلەن يالغان بىر يەردە بولالماس.
○ رازى بولمىغان ئاش قورساق ئاغرىتار.
○ زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلا، پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىدىن ساقلا.
○ زامانغا قاراپ ئىش تۇت، يوتقانغا قاراپ سۇن پۇت.
○ زامانەڭ تۈلكە بولسا، سەن ئۇنىڭ تايغىنى بول.
○ زىغىر تېرىغان يەر، كېزىك بولغان ئەر.
○ زېرەك تېپىپ سۆزلەيدۇ، قوپال كۆپۈپ سۆزلەيدۇ.
○ زورلىغاننىڭ زورى بار، ئىسسىق ناننىڭ ھورى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ زىيان ئاچچىق، پايدا تاتلىق.
○ ساتمىدا قىلغان گەپنى سارايدا قىلغىلى بولماپتۇ.
○ ساراڭ بولساڭ پىرە ئوينا، ئەل ـ يۇرتتىن نېرى ئوينا.
○ سارىخان ئاچام ئۆيىدە، ئەخلەت كۆلى تۆرىدە.
○ ساقلىساڭ يۈز كۈنلۈك، ساقلىمىساڭ بىر كۈنلۈك.
○ ساقال باسسا قېرىمىكىن دېمە، چىۋىن چاقسا ھەرىـ مىكىن دېمە.
○ ساقلىلىغىنىڭ ئېقى بار، بالىلىقىڭ تېخى بار.
○ ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە قاراپ دەم.
○ سەپەردە ياخشى ھەمراھ تۇغقان بىلەن ئوخشاش.
○ سەركە ھوشيار بولسا، مالغا ئاپەت يەتمەس.
○ سەكرىگەننى باس، يىقىلغاننى يۆلە.
○ ساقالغا قاراپ بۆرۈت، پوشكالغا قاراپ دۈرۈت.
○ سەپەر قىلغان يول بىلەر، كۆپنى كۆرگەن مول بىلەر.
○ سەللە دېگەن يوك، ساقال دېگەن تۈك.
○ سەن بۆرىنى ئايىساڭ، بۆرە سېنى تالايدۇ.
○ سەۋەب قىل، تەلەپ قىل.
○ سەۋەب قىلساڭ زاۋال يوق، قىلالمىساڭ ئامال يوق.
○ سۇنىڭ پۇلى سۇغا كەتتى، قالدى قېتىقنىڭ بەش پۇلى.
○ سۇ يەرنىڭ قېنى، يەر دېھقاننىڭ جېنى.
○ سۆز قېلىپىدا ياخشى، پىچاق غىلىپىدا ياخشى.
○ سۆز كۆرىكى ماقال، ئەر كۆرىكى ساقال.

○ سۆزلىگەن ئەخمەق بولسىمۇ، ئاڭلىغان ئەقىللىق بولسۇن.
○ سۈت ئىچىپ ئاغرى كۆيگەن، قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچەر.
○ سېنىڭ نەپسىڭ بالادۇر، ئاخىرى ئوتقا سالادۇر.
○ سىنالمىغان يولداشتىن يولدىكى تاش ياخشى.
○ سەن سالا ـ مەن سالا، ئاتقا بوغۇزنى كىم سالا.
○ سەن كەلسەڭ نېمە ئېلىپ كېلىسەن، مەن بارسام نېمە ئېيتىپ بېرىسەن.
○ سودىگەرنىڭ جېنى پۇل، خوتۇنى تۇل.
○ سورا ـ سورا بىلىم ئاپتۇ، ئۇيىلا ـ ئۇيىلا كېيىن قاپتۇ.
○ سۆزلىسەم تىلىم كۆيىدۇ، سۆزلىمىسەم دىلىم كۆيىدۇ.
○ سۆيدۇرگەنمۇ تىل، تەزدۇرگەنمۇ تىل.
○ سۆھبەتدىشىڭ قانداق بولسا، سەنمۇ شۇنداق بولىسەن.
○ سىرلىساڭ سىرلىق ئاياغ، سىرلىمىساڭ ئىتقا يالاق.
○ شاپتۇلدا باغ قىلما، ئۆچكىدە مال قىلما.
○ شالاڭ ئاش باش كۆرسىتەر، قويۇق ئاش چەش كۆرسىتەر.
○ شامال تۆۋەندىن كېلەر، ئاپتاپ يۇقىرىدىن كېلەر.
○ شامالنىڭ ئالدى قويۇن، جېدەلنىڭ ئالدى ئويۇن
○ شەرىئەت ئىزدىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى، تەرىقەت ئىزدىسەڭ ئاغرىتما جاننى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ شەھەردە كۆز كېرەك، جاڭگالدا قولاق كېرەك.
○ غەم باسسا، غەپلەتمۇ باسار.
○ غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار، بىغەرەزدىن مەرەز تۇغۇلار.
○ غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس، ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى كەس.
○ غىرىچقا ئېرىشىپ غۇلاچقا تىكىلىپتۇ.
○ غاز كەلدى ـ ياز كەلدى، غاز كەتتى ـ ياز كەتتى.
○ قاپاقتا نېمە بولسا تېشىغا شۇ تەپچەر.
○ قاچىنىڭ تېگىدە قاچا بار، ساقتىن زېرەك گاچا بار.
○ قاراڭغۇنى دەپ ھاڭۋاقما، يورۇقلۇقنى ئىزدەپ تاپ.
○ قارنىم ئۇچۇن يىغلىمايمەن، قەدرىم ئۇچۇن يىغلايمەن.
○ قارىغۇغا يول كۆرسەتسە ئۆزۈم تاپقان يول دەيدۇ.
○ قارىغۇ ئېشەككە تۇزلۇق سۇ، قاتتىق نانغا مۇزلۇق سۇ.
○ قازانغا چۆمۈچ كېرەك، تاۋاققا قوشۇق كېرەك.
○ قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر.
○ قاپاق بېغى بىلەن، تاسما يېغى بىلەن.
○ قاردا پولۇ، يامغۇردا شورپا، بوراندا ئۇيقۇ.
○ قارلىغاچ پەس ئۇچتى، يەرگە يامغۇر چۈشتى.
○ قانچىلىك ئۇخلىساڭ، شۇنچىلىك ئاچ قالىسەن.
○ قامچىغا كۈچىمەي، يەمگە كۈچە.
○ قەدىرلىگىن ۋاقتىڭنى، ئىشەنمىگىن ئۆمرۈڭگە.
○ قەرز سوزۇلسا قالىدۇ، ئاغرىق سوزۇلسا ئالىدۇ.
○ قەرز ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي، تۇغۇلۇپ ئۆلمىد-

گىنىڭنى كۆرەي.
○ قورساقنىڭ ئاچقىنى ئەقىلنىڭ قاچقىنى.
○ قورقۇنچاق ھەسەتخور بولۇر، نامەرد قەسەمخور بولۇر.
○ قوشناڭنى كولىساڭ كۆپەر، ئوتنى كولىساڭ ئۆچەر.
○ قولۇڭنى يۇيۇپ يۇر، غېمىڭنى قىلىپ يۇر.
○ قوناقلىقتا ماش بولماس، قېرى كىشى ياش بولماس.
○ قوينى قوتاندا سات، ئاشنى ئورىدا.
○ قورساقتا نان بولسا، بىلەكتە جان بولىدۇ.
○ قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر.
○ قورقۇنچاقنىڭ تۇمىقى بولغۇچە، باتۇرنىڭ چومىقى بول.
○ قوشناڭ كەلسە ئاشقا، چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا.
○ قوناقنى دۆڭگە تېرى، بېدىنى ئويغا تېرى.
○ قوينى سەركە باشلايدۇ، ئويۇننى ئەركە باشلايدۇ.
○ قۇش ئاسماندا ئۇچسا، سايىسى يەرگە چۈشەر.
○ قۇشنى يەم ئالدايدۇ، ئادەمنى گەپ ئالدايدۇ.
○ قېرىلىق بىلەن ئۆلمەس، ياشلىق بىلەن تۇرماس.
○ قىرىق كىشى بىر ياق، قىڭغىر كىشى بىر ياق.
○ قىشلىقى قايان باراي، يازلىقى ساراي سالاي.
○ قېرىنىڭ چىشى يوق تۆشكە ئامراق، مۇشۇكنىڭ پۇ-لى يوق گۆشكە ئامراق.
○ قىلغان ئىشىڭ پىلانسىز، ئاتقان ئوقۇڭ نىشانسىز.
○ قىلىچتەك ئۆتكۈر بولما، تاياقتەك قوپال بولما.
○ قىيىن ئىشنىڭ بېشىغا، باتۇر كېلەر قېشىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ قىرىغاندا ئۆگەنگەن بىلىم قومغا خەت يازغاندەك (قومغا مۆھۈر باسقاندەك).
○ قاغىنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ، قوشقاچنىڭ پۇتى سۇنۇپتۇ.
○ قوم يىغىلسا تاغ بولۇر، ئەل يىغىلسا باغ بولۇر.
○ قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىدۇ.
○ قول قولنى يۇسا، قول بېرىپ يۈزنى يۇيىدۇ.
○ قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ.
○ قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يا ـ رىسى يۇقار.
○ قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.
○ قىلغان ئىشىڭ پىلانسىز، ئاتقان ئوقۇڭ نىشانسىز.
○ قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا.
○ قىلتىرىقسىز بېلىق بولماس، نۇقسانسىز ئادەم بول ـ ماس.
○ قولدەك ئىشلە، بەگدەك ياشا.
○ قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر.
○ قورقۇنچاقنىڭ تومىقى بولغۇچە، باتۇرنىڭ چومىقى بول.
○ قوش بالىسى ئۇۋىدا نېمە يېسە، ئۇچقاندا شۇنى ئىز ـ دەيدۇ.
○ قولۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما.
○ قارىغۇنىڭ شەھىرىگە بارساڭ، بىر كۆزۈڭنى قى ـ سىۋال.
○ قوشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن ، ئالتۇننى زەر ـ

گەر سوقسۇن.
○ قاشقا سانىساڭ كۆزگە، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە.
○ قازى ئاچ قالسا بازار كېزىدۇ، سوپى ئاچ قالسا مازار كېزىدۇ.
○ قېرى كالا پاتقاقتا يىقىلسا قوپالمايدۇ.
○ قولى گۈل ئېتىدۇ غىزا، قولى گال تارتىدۇ ئىزا.
○ قارىمۇقنىڭ دانىسى بولغۇچە، بۇغداينىڭ سامىنى بول.
○ قۇزغۇنغا تاغ ياخشى، بۇلبۇلغا باغ ياخشى.
○ قۇم چېچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە.
○ قاغا بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق.
○ قېتىق ئىچكەن قۇتۇلدى، تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى.
○ قويچى كېچىك ئىزدىگۇچە، تۆگىچى سۇدىن ئۆتۈپ بولار.
○ قىزىم يەپ قىرغا چىقتى، ئوغلۇم يەپ ئوۋغا چىقتى.
○ قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرماس.
○ قوشتىن چىقىرىپ ساپانغا، ساپاندىن چىقىرىپ قوشقا سالماق.
○ كەڭ كىيىم كېرىلىپ يىرتىلار، تار كىيىم تارتىلىپ يىرتىلار.
○ كۆن چىقمايمۇ كۆن كەچ بولىدۇ، ساقال چىقمايمۇ ئەر قېرىيدۇ.
○ كەتمەن گويا كاندۇر، ئۇنى چاپساڭ ناندۇر.
○ كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمنى چىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەپ.

○ كۆپ ئاتقان مەرگەن بولماس، كۆپ سۆزلىگەن بىلەن سۆزمەن بولماس.

○ كىم چاپاننى يېڭى كىيسە باي غوجامنىڭ ئوغلى شۇ، كىم چاپاننى كونا كىيسە تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ.

○ كىشىنىڭ تامىقىنى يەپ تىلىڭ قىسقىرايدۇ، كىشىنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىپ قولۇڭ قىسقىرايدۇ.

○ كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول.

○ كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ.

○ كالا سۇ ئىچسە، موزاي مۇز يالار.

○ كالىنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا، تۇيىقى سىرقىراپتۇ.

○ كەمبەغەلنىڭ مۇشۇكى چاشقان تۇتسا، باينىڭ مۇشۇكى توشقان تۇتار.

○ كۆيۈمى يوق تۇغقاندىن يات ياخشى، ئىسسىقى يوق كاڭدىن كات ياخشى.

○ كۇلمە كىشىنىڭ دەردىگە، ئۆزۈڭگە كېلەر ئەتىگە.

○ كىشىنىڭ تۆگىدەك ئەيىبى كۆرۈنەر، ئۆزۈڭنىڭ تۆگىدەك ئەيىبى كۆرۈنمەس.

○ كۆرسە ئويۇن، كۆرمىسە قويۇن.

○ كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى تارت.

○ كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق.

○ كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا.

○ كۆلكە ئادەمنى ياشارتىدۇ، غەم ـ قايغۇ ئادەمنى قاقشىتىدۇ (چاچنى ئاقارتىدۇ).

○ كەتمەن چاپقان جىگدە يەپتۇ، ئوڭغا ياتقان گىردە يەپتۇ.

○ كۆنلۈك ئىشىڭنى سەھەردىن باشلا، يىللىق ئىشىڭنى باھاردىن باشلا.

○ كۆتۈرۈشنى بىلسەڭ تاشمۇ يەڭگىل.

○ كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولۇر، كۆپ يول يۈرگەن يولچى بولۇر.

○ كۈننى تۇسۇۋالغىلى بولماس، ۋاقىتنى سىتىۋالغىلى بولماس.

○ كۈندۈزدە ئاچ قالساڭ، كېچىسى يۇلتۇز سانا.

○ كۆز قورققاق، قول باتۇر.

○ كەنجى كېۋەزنىڭ غوزىسى يوق، تولا گەپنىڭ مەززىسى يوق.

○ گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن.

○ كاللا ئۈتلەپ قۇلاق يەپتۇ، پاچاق ئۈتلەپ تۇياق يەپتۇ.

○ كالىنىڭ گۆشى بىر كۈن، سۈتى ھەر كۈن.

○ كەسسە پىچاق ئۆتمەيدۇ، چەكسە قان چىقمايدۇ.

○ كەل دېمەك بار، كەت دېمەك يوق.

○ كەمبەغەلنىڭ كۆڭلى، خۇدانىڭ ئۆيى.

○ كۆپ تۇرغاندىن سورىماي، كۆپ يۈرگەندىن سورا.

○ كۆپ ياشىغان نېمە بىلەر، كۆپنى كۆرگەن شۇ بىلەر.

○ كۆرگىنىم كۆپ، يېگىنىم چۆپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ كۆرپە سېلىش ھۆرمەت، داستىخان سېلىش ھىممەت.
○ كۆرۈنمەيدىغان قىر يوق، ئېچىلمايدىغان سىر يوق.
○ كۆز دېگەن كامار ئېمە، كۆرمىسە بىكار ئېمە.
○ كۆڭۈل ئويغا تويمايدۇ، بۆرە قويغا تويمايدۇ.
○ كەمتەر بولساڭ ئۇزارسەن، مەغرۇرلانساڭ غۇلارسەن.
○ كۆككە باقماي، كۆپكە باق.
○ كۈچى بار تاغقا چىقار، ئەقلى بار كۆككە چىقار.
○ كۈنلۈك يولغا چىقساڭ، ئايلىق ئوزۇق ئال.
○ كېپىل بولساڭ، كۆپىنىڭ كۆيەر.
○ كىشىدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلۇر.
○ كىشىگە كۈلسەڭ، ئۆزۈڭگە يىغلايسەن.
○ گەپدان بولغۇچە، ئىشچان بول.
○ كۈتكەندە مېھمان كەلمەس، ياسانغاندا يىغا كەلمەس.
○ كۈچى بار تاغقا چىقار، ئەقلى بار كۆككە چىقار.
○ كۈنلۈك يولغا چىقساڭ ئايلىق ئوزۇق ئال.
○ كېلىنىنى كەلگەندە كۆر، چاچ تەڭگىنى سالغاندا كۆر.
○ كىشىگە ئىشەنگۈچە، بىلەكىڭ كۈچىگە ئىشەن.
○ كىشىنى ئالدىغانلىق، ئۆزىنى ئالدىغانلىق.
○ كىمنىڭ قەيىرى ئاغرىسا، شۇ يەرنى سۆزلەر.
○ كىيىمىڭگە ئوت تۇتاشسا، ئۆزۈڭنى سۇغا تاشلا.
○ كىم كولىسا ئورىنى، ئۆزى چۈشەر ئاخىرى.
○ گۆھەرلىك بولغاندىن، ھۈنەرلىك بولغان ئارتۇق.
○ گەپتە گەپ بار، قورساقتا دەرد بار.
○ گەپ ۋاقتىدا ياخشى، كاۋاپ زىخىدا ياخشى.

○ گەپكە گەپ كەلگەندە، ئاتاڭدىن يانما.
○ گەپ قىلسا ۋالاقتەككەن دەيدۇ، گەپ قىلمىسا مۆرد-مەسكەن دەيدۇ.
○ گەپنى تېجىمەلدىن سورا، يولنى كارۋاندىن سورا.
○ گەپنى ئويلاپ دە، نانىنى چايناپ يە.
○ گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار، ئۇماچ مېھمانىنى قاچۇرار.
○ گۆرگە كىرگەن تىرىك چىقماس، ئۆيگە كىرگەن قۇ-رۇق چىقماس.
○ گېپى گەپكە ئوخشىماس، ئاغزى گەپتىن بوشىماس.
○ گىلەمنىڭ ئېسىللىقى قىلىدىن، سودىگەرنىڭ خې-رىدارلىقى تىلىدىن.
○ گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا.
○ گۆدەك بىلمەس ھېچنېمە، بىلمىگەندىن كېيىن سۆزلىمە.
○ لايغا ئۆتمىگەن پىچاق، قولغا ئۆتەر.
○ ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا.
○ مەنسەپ گۆرگە يېقىن، مەرىپەت گۈلگە يېقىن.
○ موللا بولماق ئاسان، ئادەم بولماق قىيىن.
○ مۇدۇرمەيدىغان ئات يوق، يېڭىلىشمەيدىغان ئادەم يوق.
○ مېڭىشقا ئېرىنسەڭ، كېيىن يۈگۈرەيسەن.
○ مېلىڭ مىڭغا يەتكۈچە، دوستۇڭ مىڭغا يەتسۇن.
○ مېھنەتتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ.
○ مىڭ دوست ئاز، بىر دۇشمەن كۆپ.
○ مىڭ ئېغىز كاپ ـ كاپتىن بىر ئېغىز چىپ ـ چاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياخشى.
○ مازاردىن مەدەت تىلىگۈچە، توغراقتىن ئامۇت تىلە.
○ مەن پىچاق بولاي، سەن لول گۆش بول.
○ مەنمۇ ئىدىم سىنىڭدەك، سەنمۇ بولارسەن مەندەك.
○ مۇھەببەت چىراي تالىلىماس، ئۇيقۇ جاي تاللىماس.
○ مۇدۇرمەيدىغان ئات يوق، يېڭىلىشمايدىغان ئادەم يوق.
○ مىننەتلىك ئېشىڭدىن، قازىنىمىنىڭ ئىچى ياخشى.
○ نەپسى دېگەن بالادۇر، ئاخىر ئوتقا سالادۇر.
○ نېسى يېمەك گۆشنى، تېشىپ چىقىدۇ تۆشنى.
○ هارۋاڭ سۇنسا ئوتۇن بولار، ئېتىڭ ئۆلسە گۆش بولار.
○ هايات چېغىمدا تىللىما، ئۆلگىنىمدە يىغلىما.
○ هەر كاللىدا هەر خىيال، تاز كاللىدا مىڭ خىيال.
○ هەركىم ئۆزىنى چاغلاپ، ئىش قىلىدۇ بېلىنى باغلاپ.
○ هەرىكىتى كېتىپ، بەرىكىتى قالار.
○ هارغاندىن هال سورا، گەپ سورىما.
○ هالاللىقنىڭ يولى بىر، هاراملىقنىڭ يولى مىڭ.
○ هالىغا بېقىپ هەشەم، داپقا بېقىپ سەنەم.
○ هايالىق كىشى ـ باهالىق كىشى.
○ هەر كىشى ئۆز غېمىدە، كور كىشى كۆز غېمىدە.
○ هەرىكەتتە بەرىكەت، بىكارچىلىقتىن نېرى كەت.
○ هەرىنىڭ هەسىلىمۇ بار، زەهىرىمۇ بار.
○ هەسەلنىڭ هەرىسى بار، گۈلنىڭ تىكىنى بار.

○ ھېيىتتاخۇن روزا تۇتۇپ، روزاخۇن ھېيىت ئوينايدۇ.

○ ھىيلە قىلغان تۇتىلار، توۋا قىلغان قۇتۇلار.

○ ھۇرۇننىڭ كۆڭلى كۇلگە تارتىدۇ، ئىشچاننىڭ كۆڭلى گۇلگە تارتىدۇ.

○ ھىيلە قىلغان تۇتۇلار، توۋا قىلغان قۇتۇلار.

○ ئوتنى سەل چاغلىما كۆيدۈرىدۇ، دۈشمەننى كىچىك دېمە ئۆلتۈرىدۇ.

○ ئوتقا چىدىغان ئوينايدۇ، پۇلغا چىدىغان چاينايدۇ.

○ ئوغرى تۇتقىن تۇماندا، ئۆلۈپ كەتمە گۇماندا.

○ ئوغرىدىن ۋاپا كۈتمە، ئوغىدىن شىپا كۈتمە.

○ ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ، ھوسۇل يىغىسەن قاچىلاپ.

○ ئوۋچىنىڭ قارچىغىسى بولسا، توشقاننىڭ نەزرىسى بار.

○ ئويلىماي قىلغان ئىشىڭدا، كۈندە غوۋغا بېشىڭدا.

○ ئويلىماي ئىش قىلساڭ، سانىماي تاياق يەيسەن.

○ ئويۇندىن ئويماق چىقتى، قازاندىن قۇيماق چىقتى.

○ ئويۇن يېسەڭ ئون كۈن يېتەر، قىرىپ يېسەڭ قىرىق كۈن.

○ ئوتتۇز چىشتىن چىققان سۆز، ئوتتۇز ئەلگە تارايتۇ.

○ ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن.

○ ئوڭ قولۇڭنىڭ ئاچچىقى كەلسە، سول قولۇڭ بىلەن تۇتۇۋال.

○ ئويدا ياتماي، دۆڭدە يات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ ئويلىماي سۆزلىسەڭ، ئاغرىماي ئۆلىسەن.
○ ئويۇپ يېسەڭ ئون كۈن يېتەر، قىرىپ يېسەڭ قىرىق كۈن يېتەر.
○ ئورۇق ـ تۇغقان تېپىشار، ياتقا بالا يېپىشار.
○ ئورۇق ـ تۇغقان يات بولماس، ئالتۇن ـ كۈمۈش دات بولماس.
○ ئۇسسۇل ئوينىيالمىغان قىزغا، ئۆينىڭ تارلىقى باھانە.
○ ئون يوق دېسەم زاڭ دەيدۇ، ھاردىم دېسەم ماڭ دەيدۇ.
○ ئۇيانغا باق، بۇيانغا باق، سەھەر تۇرۇپ قوشناڭغا باق.
○ ئۆتمەس پىچاق ئاسقۇچە، چىشلەپ يېگەن ياخشى.
○ ئۆچ كۆرسەڭ ئۆچەكىشىدۇ، تار يەردە تىرەجىشىدۇ.
○ ئۆزگىگە ئۆلۈم تىلىگۈچە، ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە.
○ ئۆزى بولالمايدۇ، بولغاننى كۆرەلمەيدۇ.
○ ئۆزىنى سورىغان شەھەرگە سۇلتان، ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتان.
○ ئۆلگەن بولسا ئېگىلىكىنى تاڭاي، تىرىك بولسا يارىسىنى تاڭاي.
○ ئۆلۈشكە چىدىساڭ ھال ئەت، كۈمۈشكە چىدىساڭ تال ئەت.
○ ئۆمىلەپ كىرگەن، دومىلاپ چىقار.
○ ئۆيدە بىر نان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى.
○ ئۆچكە تاغدا پۇل، ئۇزۇم باغدا پۇل
○ ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدا بول.
○ ئۆزگىگە ئۆلۈم تىلىگىچە، ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە.

○ ئۆزۈڭ ئۈچۈن كۈلەرسەن، يۇرتۇڭ ئۈچۈن ئۆلەرسەن.

○ ئۆزۈڭگە ياخشىلىق تىلىسەڭ، كىشىگە يامانلىق قىلـ-
ما.

○ ئۆزۈڭ يېمىسەڭ غېمىڭنى، قاغا چوقۇر نېنىڭنى.

○ ئۆزى قوڭغۇزدەك، گېپى توڭگۇزدەك.

○ ئۆزى ياۋاش، ئاغزى بەڭباش.

○ ئۆستەڭ يارىشىقى تال، قىز يارىشىقى خال.

○ ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ، ئەسكى تامدىن قوقاق.

○ ئۈلۈشىگە چىدىساڭ مال ئەت، كۈمۈشىگە چىدىساڭ
تال ئەت.

○ ئۆمرۈڭ ئۆتەر، ھۆسنىڭ ئۆچەر.

○ ئۆي ئالما، قوشنا ئال.

○ ئۆيۈڭ تار بولسىمۇ، كۆڭلۈڭ كەڭ بولسۇن.

○ ئۆيۈڭ ئۆستەڭ بويىدا بولسا، قاپىقىڭ قۇرۇق قال-
ماس.

○ ئۈزۈككە كۆز كېرەك، قىزغا سۆز كېرەك.

○ ئۈكەر يانغا ئۆتسە كۈزگە تەۋە، تۇماق گەدەنگە چۈشـ-
سە تازغا تەۋە.

○ ئۈگرە ئەتسەڭ تۈزۈك ئەت، ئېتەلمىسەڭ ئۈزۈپ ئەت.

○ ۋاپا تاق، جاپا جۈپ.

○ ئېپى كەلسە، سېپى ئۆزىدىن چىقار.

○ ئېتىم ياندىق كالام تارتماس، ئىككى كېلىن بىر ئۆي-
گە سىغماس.

○ ئېتىڭ ھارسا ھارسۇن، ئۈلپىتىڭ ھارمىسۇن.

○ ئېرىقنى ئويۇپ چاپ، سۇنى ئويناپ تۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ ئېزى ھەسەل، تولىسى بىمەسەل.
○ ئېسىڭ باردا ئېتەك ياپ.
○ ئېغىزدىن چىققان سۆز يەرگە سىپىلگەن سۇ.
○ ئېغىزىنىڭ نۇقتىسى يوق، تىلىنىڭ سۆڭىكى يوق.
○ ئېيتقان يەردىن قالما، ئېيتمىغان يەرگە بارما.
○ ئېرىقنى ئويۇپ چاپ، سۇنى ئويناپ تۇت.
○ ئېرىنسەڭ ئىشىڭنى كىم قىلار، ئۇيالساڭ سۆزۈڭنى كىم قىلار.
○ ئېشەك بىلمەس تۆشەك قەدرىنى، مۇشۇك بىلمەس سۆڭەك قەدرىنى.
○ ئېغىرلىق تاشقا يارالغان، يېنىكلىك قامغاققا.
○ ئېغىز ئايغاق، تىل تايغاق.
○ ئىچتىم شاراب، بولدۇم خاراب.
○ ئىززەت قىلساڭ ئىززەت كۆرىسەن، چايناپ يېسەڭ لەززەت كۆرىسەن.
○ ئىش بىلگەن ئىشنى ھاردۇرار، ئىش بىلمىگەن ئۆزىنى ھاردۇرار.
○ ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار.
○ ئىش ۋاقتىدا ھەييار، ئاش ۋاقتىدا تەييار.
○ ئىشىڭ تۈزەلمىسە، چۇشۇڭ تۈزەلمەس.
○ ئىش قىلىشتا بىلى بوش، گەپ قىلىشقا ئاغزى قوش.
○ ئىش كۆرمىگەن خام بالا، ئەقلى - ھوشى كەم بالا.
○ ئىش كۆرگەننى ئالما، بۆشۈك كۆرگەننى ئال.
○ ياتقان يېرىڭنى قاتتىق دېمە، ئىچكەن سۈيۈڭنى ئاچ-

چىق دېمە.

○ ياخشىدىن جاپا كەلمەس، ياماندىن ۋاپا كەلمەس.

○ ياخشىنىڭ شاراپىتى تېگەر، يامانىنىڭ كاساپىتى تېگەر.

○ ياخشىنى ماختىساڭ يارىشىدۇ، يامانىنى ماختىساڭ ئا ـ دىشىدۇ.

○ ياخشىنى يات ئىكەن دېمە، يامانىنى ئۆز ئىكەن دېمە.

○ يازدا ئېرىنچەك بولساڭ، قىشتا دۈمچەك بولىسەن.

○ ياش قېرىتماس، غەم قېرىتار.

○ ياش كېتىمەن دەپ قورقۇتار، قېرى ئۆلىمەن دەپ قورقۇتار.

○ يالاقچى يالاپ تويماس، غالچا غاجاپ تويماس.

○ يامان ئادەم يۇرت بۇزار، يامان هارۋا يول بۇزار.

○ يامانغا ئات بولغۇچە، ياخشىغا هاسا بول.

○ يامانغا ياغ ياراشماس، ئۆچكىگە يۇمغاقسۇت.

○ يامانلىقنىڭ يولى يېنىك، ياخشىلىقنىڭ يولى ئېغىر.

○ يامانىنى كۆرمەي، ياخشىنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

○ يامانىنى ئېشىكغا يولاتساڭ يولات، قېشىڭغا يولاتما.

○ يان يەر يەر ئەمەس، كىچىك بالا ئەر ئەمەس.

○ ياۋاش بولسا بوش دېمەڭ، يۇمشاق بولسا گۆش دېمەڭ.

○ يەرگە ئىشلە ئايانما، يوق ئامەتكە تايانما.

○ يولدىن ئازسىمۇ، يۇرتىدىن ئازماپتۇ.

○ يولى باشقا، مەنزىلى بىر.

○ يۇگۈرگەن قالار، بۇيرۇغان ئالار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



○ يۈز دوست ئاز، بىر دۈشمەن كۆپ.
○ يېقىن تۇغقان خىزمەتتە، يىراق تۇغقان ئىززەتتە.
○ يىغلىغاندىن سورىما، كۈلگەندىن سورا.
○ يىڭنە كىچىك بولسىمۇ، يېگىلى بولمايدۇ.
○ ياخشىنىڭ ياخشىلىقىنى چىقار كۆككە يەتسۇن، يا ـ مانىنىڭ يامانلىقىنى چىقار تۇزۇپ كەتسۇن.
○ يامان بىلەن بولساڭ يولداش، تېگەر بېشىڭغا تاش.
○ ياخشى ئادەم يامانلاردىنمۇ ياخشىلىقنى ئايىماس.
○ ياردەم قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ.
○ ياخشى دېھقان ئۇلاغنى باقىدۇ، يامان دېھقان قامچىنى قاقىدۇ.
○ يېمەيدىغان ھەسەل بار، يەيدىغان زەھەر بار.
○ يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.
○ ياخشىلىق يەردە قالماس، يامانلىق ئۆزدىن ئاشماس.
○ ياخشىنى كۆرۈپ پىكىر قىل، يامانىنى كۆرۈپ شۈ ـ كۈر.
○ يىراقتىكى تۇغقاندىن، يېقىندىكى قوشناڭ ياخشى.
○ ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم يوق.
○ يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن با ـ تۇر.
○ ياخشى بىلەن دوست بولساڭ يېتەرسەن مۇرادقا، يامان بىلەن دوست بولساڭ قالارسەن ئۇياتقا.

○ يولدىن چىقما، خاندىن قورقما.

○ يېنىدا بىر پۇڭ يوق، تۆگىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ.

○ ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق، يامان ئەر مالغا ئورتاق.

○ يىراقتىن قارىسام ئەلدىن ئارتۇق، يېقىندىن قارىسام ھاشىم تاتۇق.

○ يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس، ئىناق ئۆتكەن ۋەيران بولماس.

○ يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ.

○ يامغۇر ياغسا يەرنىڭ بەرىكىتى، مەرد تۇغۇلسا ئەلنىڭ بەرىكىتى.

○ يەر ھەيدىسەڭ كۆزدە ھەيدە، كۆزدە ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە.

○ ياز بولسا قىش بولمىسا، ئاش بولسا ئىش بولمىسا.

○ ياخشى بىلەن دوست بولساڭ ئېچىلار چېچەكلىرىڭ.

○ يامان بىلەن دوست بولساڭ يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

○ ياخشىلىق قىل، قولۇڭدىن كەلسە.

○ ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى.

○ ياخشىلىق بىر خۇش پۇراق گۈل، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاقىت كۈل.

○ ياخشىلىق كۆرۈنمەس، يامانلىق كۆمۈلمەس.

○ يىراق بولسا كىشىنىشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر.

○ ياخشى سۆز ھەسەلدۇر، يامان سۆز كېسەلدۇر.

○ ياخشىلىق قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوق قىلدىڭ.

○ يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولار، ئايال بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق بولار.

○ يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن قايتماس.

○ ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ، ئادەمنى تەربىيە تۈزەيدۇ.

○ ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن داد قالىدۇ.

# قوشۇمچە Ⅲ . مارجان سۆزلەر توپلىمى

△ ئالدى بىلەن سىز ئۆزىڭىزنى چۈشىنىڭ، قەدىرلەڭ! ئۆزىڭىزنى سۆيۈڭ، ھەربىر ئادەم بىردىن يولتۇز.

△ بىر ئادەمنى چۈشىنەي دېسەڭ ئۇنى سۆي.

△ ئىلمى يوق كىشى جېنى يوق مۇردىغا ئوخشايدۇ.

△ نادان كىشىلەرنىڭ ۋەدىسى يالغان بولىدۇ.

△ ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋانىنىڭ ئىشى.

△ تۇرمۇش خۇددى كۆيۈۋاتقان بىر تال سەرەڭگىگە ئوخشايدۇ، سەن ئەتراپىڭغا قاراپ ئۆز ئورنۇڭنى بەلگىلەپ بولغىچە، ئۇ ئاللىقاچان كۆيۈپ كۇل بولۇپ بولغان بولىدۇ.

△ دەرد ـ ئەلەم تېزلا ئۇنتۇلىدۇ، مەڭگۈلۈك بەھرىمەن بولۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ئۇمىدلا مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

△ دۇنيادا دېڭىزدىنمۇ بىپايان بىر مەنزىرە بار، ئۇ — ئاسمان. يەنە ئاسماندىنمۇ بىپايان بىر ئالەم بار، ئۇ — ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى.

△ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدۇر. ئىنساننىڭ ياشاشتىن مەقسىتى مۇشۇ ھەقىقەتنى بىلىش ئار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشمەكتۇر.

△ مېھرىبان ئانىنىڭ باغرى مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ياسالغان تۇرسا، ئۇنىڭدا ياتقان بالىنىڭ ئۇيقۇسى قانداقمۇ تاتلىق بولمىسۇن.

△ سىز بىلەن قايغۇدىمۇ، خۇشاللىقتىمۇ ئورتاقلىشالايدىغان بىر دوست تېپىش ھاياتلىقتىكى قىممەتلىك بايلىق.

△ ئىچكى دۇنياسى زىددىيەتلىك بولمىغان ئادەمنىڭلا زېھنى ئۆتكۈر، كاللىسى سەگەك بولىدۇ. ئۇ شۇنىڭغا تايىنىپ مۇقەررەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

△ روھىي كەمتۈكلۈك خۇددى جىسمانىي كەمتۈكلۈككە ئوخشاشلا ئەپسۇسلىنارلىقتۇر، بىر ئادەمدە تەسەۋۋۇر ياكى تەپەككۇر ئىقتىدارى كەمچىل بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ زېيىنى تېخىمۇ تېز بولىدۇ.

△ دانالىقنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئۆزىنى ئۆزى بىلىش، مىجەزىنى كۆندۈرۈش ۋە ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىشتۇر...

△ ياخشى مىجەز تالانت ـ قابىلىيەت ۋە بىلىمدىن كۆپ مۇھىم. نۇرغۇن ئادەمدە ۋاي دېگۈدەك بىلىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن.

△ خاراكتېر گۈزەللىكى مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ ئۇلى، خاراكتېر گۈزەللىكنى مۇستەھكەم قىلىپ مەنىۋى گۈزەللىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئوخشاشلا مەنىۋى گۈزەللىك قاتلاملىرىنى يېتىشتۇرمەي تۇرۇپ، خاراكتېر گۈزەل-

لىكىدىن ئىغىز ئىچىش مۇمكىن ئەمەس.

△ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈچ خاراكتېرى بار: باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنى، ئۇنىڭ ئۆزى ئۆزۈمنىڭكى دەپ بىلگىنى ۋە ئاخىرى، ئۇنىڭ ھەقىقىي بار خاراكتېرى.

△ ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى زىيان ياكى پايدا كەلتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بىلەن باشقىلارنىڭ بەختىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

△ كۈلۈمسىرەش چارچىغانلار ئۈچۈن ئارام ئېلىش، مۇڭغا پېتىپ قالغانلار ئۈچۈن كۈندۈز، ھەسرەت چېكىۋاتقانلار ئۈچۈن كۈن نۇرى، دەرد ـ ئەلەملەرنى تۈگىتىشتە شىپالىق دورا. ئۇنى سېتىۋالغىلى، تىلەپ تاپقىلى، ئۆتنە ئالغىلى ياكى ئوغرىلىۋالغىلى بولمايدۇ. باشقىلارغا بەخشەندە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس.

△ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھەتىنى، ئۇستازىنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىمىغان بالا تۇرمىنىڭ دەرسىگە قاتنىشىدۇ.

△ تارىخ ـــ ھېكمەت، تەربىيە، نەسىھەت بەرگۈچى بوۋاي.

△ ئۆتكەنكى تارىخ بىزگە ئۇستاز، بۈگۈنكى رېئاللىق يېتەكچى، ئەتىكى كېلەچەك مەسلىھەتچى.

△ سائەتكە قارا، سائەت ئىسترېلكىسى ئەڭ كىچىك بولغىنى بىلەن ئەڭ تېز ماڭىدۇ.

△ ئەگەر تۇلپارنىڭ بىر جۈپ قانىتى بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا يۈگۈرۈك تۆت پۇت ئاتا قىلىنماس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



△ قانچە يىراقتا قارىساڭ ئالدىڭدىكى توسالغۇلارنى شۇنچە تېز سۇپۇرۇپ تاشلايسەن.

△ ئۆتكەن كۈننىڭ ھېسابىنى قىلمىغان كىشى، تاپقان پۇلنىڭ ھېسابىنى قىلمىغان كىشىدىنمۇ بەك زىيان ئىچىدىدۇر.

△ ھەقىقىي ئالىمنىڭ بىلىمى ۋە تەپەككۇرى ئۆز دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ.

△ باشقىلاردىن رەنجىشنىڭ ئورنىغا مەن نېمە ئىش قىلدىم دەپ ئويلىنىپ باق.

△ بايۋەچچىلەر تۇتاملاپ پۇل خەجلەپمۇ تاپالمىغان شادلىقنى قەلبى ئويغاق كىشىلەر بىرەر بەت كىتاب ئوقۇپ، ھەتتا بىر ـ ئىككى مىنۇت خىيال سۈرۈپمۇ تاپالايدۇ.

△ بىر ئادەمنىڭ ساپاسىنى ئۆزىنى تونۇش تۇيغۇسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن.

△ ئىنسانلار ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشىنىڭ قاراڭغۇ بولىدىغانلىقىنى بىلگىنى بىلەن، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ قايسى ۋاقىتتا كېلىدىغىنىنى بىلگىنى يوق.

△ جەننەت بىلەن دوزاخ بىرلا جايدا بار، ئۇ بولسىمۇ خەلق قەلبىدە.

△ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ چېگراسى زېمىن ۋە جۇغراپىيەلىك چېگرا ئەمەس، بەلكى ئەقىدە چېگراسىدۇر.

△ مەھكۇملارنىڭ تەقدىرى بىر ئىزدا چۆرگۈلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

△ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ ئارىلىقى بىر

قەدەم، ئىزچىللىق مۇۋەپپەقىيەت، توختاپ قېلىش مەغلۇ-بىيەت دېمەكتۇر.

△ ئادەم قانچە ئوقۇسىمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان كى-تاب.

△ ۋاقىت قارىشى يوق ئادەم مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازى-نالمايدۇ.

△ ۋاقتى كەلگەندە كىتاب ئەڭ ئۇلۇغ لايىھەلىگۈچى، ئۇ ئىنسان روھىنى تۇيدۇرماي ياساپ چىقىدۇ.

△ پۇشايمان هامان پۇرسەتتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ئويغىنىش.

△ يىقىلىپ چۈشكەن يېرىدىن باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆرە تۇرغان ئادەم هامان بىر كۈنى يەنە يىقىلىپ چۈشىدۇ.

△ ئىنسان ماددىي جەھەتتىن يېمەكلىككە قانچە ئېھتى-ياجلىقلىقىنى بىلگىنىدەك، مەنىۋى قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە قانچىلىك بىلىمنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىلا، ئاندىن ئەقلىنى تاپقان بولىدۇ.

△ ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلمىگەن ئادەم مەڭگۈ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان مەغلۇبى-يەتچىلەردۇر.

△ ئىككى تۈز سىزىق بىر - بىرىگە بوي ئەگمىگەچكە، مەڭگۈ كېسىشەلمەستىن پاراللېل سىزىقلارنى هاسىل قىل-غان.

△ ئۆزىدىن ئۆزى خۇدۇكسىرەپ توپتىن قاچقاننى بۆرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمەس، ئۆزى يەيدۇ.

△ ئىت ھاۋ ... ھاۋ... دەيدۇ، ئوغرى قاچىدۇ. قوي مە... مە... دەيدۇ، بۆرە يەيدۇ.

△ ئەجداد ئىزىنى باس، يېڭى ئىز سېلىشنى ئۇنتۇما.

△ ئالتۇن نامراتلارنىڭ مېھنىتى، بايلارنىڭ زىننىتى.

△ سۇلھى كۆچلۈكلەرنى پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلسا، ئاجىزلارنى پۇرسەتكە ئىگە قىلىدۇ.

△ ماڭغان يولىڭىزدا ماڭغانلىقىڭىزدىن ھەرگىزمۇ مە-يۇسلىنىپ چۈشكۈنلەشمەڭ، بەلكىم مەنزىلگە تېزرەك يې-تىپ بېرىشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى ئۇ يول ئازراق بولسىمۇ سىزگە تونۇش.

△ ئېتىقادنى ئوڭ قولىدا، تەرەققىياتنى سول قولىدا ئېلىپ ماڭغانلار ھاياتلىق يولىدا تەمتىرىمەي ماڭالايدۇ.

△ دۇنيادا بەزىلەر قاتتىق قوللۇقىدىنمۇ ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ، بەزىلەر بولسا مۇلايىملىقىدىنمۇ ئىنسانىـ-يەتكە زاۋاللىق ئېلىپ كېلىدۇ.

△ ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىڭىز ئىز-زەت تاپىسىز، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىل-سىڭىز ھۆرمەت تاپىسىز، ئىككىسىنى بىرلەشتۈرسىڭىز قۇدرەت تاپىسىز.

△ جاھاننىڭ سىرلىرىنى ئاچىمەن دېسەڭ، جاھاندىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرۇشۇڭ كېرەك.

△ سەن ئۇزۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا، ھەرگىزمۇ كەينىڭدىكى نەرسىلەر چىرايلىق كۆرۈنۈپ قاراپ قالما، ئەگ

گۈزەل نەرسىلەر پەقەت ئالدىڭدىلا.

△ ھېس قىلىشىمچە، ئادەم يۈرىكىنىڭ ھەقىقىي يىغلاي-دىغان ۋاقتى ئىككى خىل بولۇشى مۇمكىن: بىرى، ئىدىيە-سىدىن ئۆتمەيدىغان ئىشلارغىمۇ مەجبۇرىي قوشۇلغان ۋاقتىدا؛ يەنە بىرى، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىدىن ئاي-رىلغان ۋاقتى.

△ ئاتوم بومبىسى چۈشكەن جاينىڭ تۇپرىقى ۋەيران بولسا، پىتنە - پاسات بومبىسى چۈشكەن جاينىڭ خەلقى ۋەيران بولىدۇ.

△ دۈشمەنلىرىگە قۇۋۇلۇق قىلغانلار دانا ھېسابلانسا، قېرىنداش، بۇرادەرلىرىگە قۇۋۇلۇق قىلغانلار ئىبلىس ھې-سابلىنىدۇ.

△ مېۋىلەر قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ئۆز تەمىنى تاپسا، ئادەم جاپا - مۇشەققەتتە تاۋلىنىپ ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تاپىدۇ.

△ ئۆز ئىشىغا ئىز باسار يېتىشتۈرمىگەن ئادەمنىڭ ئىزى بولمايدۇ.

△ پۇرسەتنى قولدىن بېرىش نادانلارنىڭ، پۇرسەتنى كۈ-تۈش يېرىم نادانلارنىڭ، پۇرسەتنى يارىتىش دانالارنىڭ سەزگۈزەشتىسى.

△ مېنىڭچە، ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا ئاسىيلىق قىلىش بى-لەن ئۆز ۋەتىنىنىڭ كەلگۈسىگە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ قىممىتى تەڭ. چۈنكى ئاشۇ ئوقۇغۇچىلار ۋەتەننىڭ كەل-گۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



△ جاسارەتنىڭ نىمىلىكىنى چۈمۈلىنىڭ ئۆزىدىن نەچ-چە ھەسسە چوڭ بولغان نەرسىلەرنى سۆرەپ ماڭغانلىقىدىن-مۇ كۆرەلەيمىز.

△ بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى — ئارمىيەسى بول-ماستىن، بەلكى ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىرىدۇر.

△ زېمىن ئۈستىدە مېڭىپ يۈرگىنىڭ يېرىم مەۋجۇتلۇ-قۇڭ، تەپەككۇر قىلىپ يۈرگىنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقۇڭ.

△ كۈچلۈكلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى باشقىلارغا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرمەسلىك.

△ باشقىلارنىڭ ساڭا ھەسەت قىلىشى سېنىڭ ئىقتىدار-لىقىڭنىڭ، باشقىلارنىڭ ساڭا نەسىھەت قىلىشى ئەمەلىيەت-تە سېنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىڭنىڭ ئىپادىسى.

△ جېدەل ـ ماجىرا نادانلىق بىلەن تەڭسىزلىكنىڭ ئى-پادىسىدۇر.

△ ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان ئادەم باشقىلارنىمۇ باش-قۇرالايدۇ.

△ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ خۇشاللىقى بىزنىڭ خۇشال-لىقىمىز، ئازابىمۇ بىزنىڭ ئازابىمىزدۇر. ئەگەر ئەجداد بى-لەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ئورتاق ھېسسىيات بولماي-دىكەن، تا بىر دۆۋە قەغەز پارچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

△ بەزىلەر تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ھاياتنى قەدىر-لەشتىن دېرەك بېرىدۇ، دېيىشىدۇ.

مەن دەيمەن: ھاياتنى قەدىرلەش پەقەتلا شۇمۇ؟

△ ھايات بىر يېقىلغۇ، سەن ئۇنىڭ يورۇقىدا دۇنيانى

كۆرسەن، روھىڭنى يۇيسەن.

△ گۈلگە مەپتۇن بولساڭ، ئۇنى ئۆز پايدىسىدىن جۇدا قىلما. گۈزەللىككە مەپتۇن بولساڭ ئۇنىڭ ئىختىراچىلىرىنى ئاسرا.

△ بىلىم، قابىلىيەت، ۋىجدان ۋە قىسمەتكە ئوخشاشلا، مۇھەببەت، گۈزەللىك، ساداقەت ۋە ئاقىۋەتلەرمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىم نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا، ئۇلارنىڭ رىقابىتىدىن چۆچۈيمەن. ئۇلارنىڭ مۇجەسسەملىكىنى ئىزدەيمەن.

△ نۇر ــ ئاسمان جامىدا جۇلا قىلغان، قارا بۇلۇتنى مەستلىكتىن قىزارتىۋەتكەن سېھىرلىك شاراب.

△ ھايات ــ ئۆلۈم دېڭىزىدا نۇر چېچىپ كېتىۋاتقان ماياكلىق كېمە.

△ ئۆلۈم ۋەسۋەسىسىنى يېڭىپ، ھاياتنىڭ نۇرانە تەبەسسۇمىدىن زوقلىنىمەن.

△ تىكەنسىز سىرىق چېچەكنىڭ مەپتۇن قىلارلىق خۇش پۇرىقى يوق.

△ دانىشمەن ئۇچۇن كېچىدە چىراغ ھاجەتسىز.

△ ئادەملەر ئۈمىد قالۇنى بىلەن ئۆتكەن ھاياتنىڭ ھەسرەتلىك مەرسىيەسىنى چېلىپ كەلدى، تارىخنىڭ ئۈمىد بىلەن كۈتىدىغىنى ئىنسانىيەتكە بېغىشلانغان زەپەر قەسىدىسى.

△ ئاسمان يىراقلىقى بولمىسا يۇلتۇزلار تەكتىكى ئۇزۇم، دېڭىز چوڭقۇرلۇقى بولمىسا مارجانلار بېغىمدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۆلجۈرگەن، ھىجران مۇشكۈلى بولمىسا سەن مېنىڭ ئالـ-دىمدىكى ھەيكەل.

△ غالىب زەپەر چوققىسىغا چىقتى، ئۇ زېمىن يۈزىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن نەزەر سالدى، ئارقىدىنلا ۋارقىراپ يىغلىدى. ئەتراپتىكىلەر بۇنى سەزمىدى.

△ ھاياتنىڭ ھەربىر پائالىيىتىدە، ھەربىر مەنپەئەتدار-لىق بوسۇغىسىدا، ھەربىر ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارد-سىدىكى جەڭدە بىلىم ئەخلاقتا، ھەقىقەت پەزىلەتكە ئايلىد-نىپ تۇرىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆز غورۇرىدا كەمتەر، ئۆز ئىززد-تىدە مەغرۇر.

△ ئۈمىد — دېڭىز سۈيىدە جىلۋىلەنگەن شەپەت شولى-سى.

△ ئۈمىد — يالقۇن باغرىدىن پەيدا بولغان شەپقەت ئىلاھى.

△ ئۈمىد — قەلبىڭدىكى بوشلۇقلارنى، ھاياتىڭدىكى مۇھتاجلىقلارنى تولدۇرۇپ تۇرغان خىيالىي سۈرەت.

△ ئۈمىد — ھەجمى يوقلۇق بىلەن ئارزۇنىڭ قوشۇل-مىسىغا تەڭ.

△ قەلبىڭدە مەڭگۈ ھاياتلىق قىممىتى سۆيۈنىدىغان جاۋاھىر بولمىسا، سېنىڭ ھەرقانچە پاراغەتلىرىڭمۇ يەنىلا پاجىئەدىن ئىبارەت، پاراغەتلىرىڭدىن مەغرۇرلانغۇچە، مە-نىسىزلىكىڭدىن نومۇس قىل.

△ پىچىرلايمەن، بەختسىزلەرنىڭ پاجىئەلىرى بولمىسا، بەختىيار مەلىكىلەرنىڭ شېرىن ھېكايىلىرى قەيەردىن ئا-

پىرىدە بولاتتى.

△ مەسخىرە ۋە ھاقارەت مېنى ئۆيالدۇردى، مەسخىرە ۋە ھاقارەت مېنى روھلاندۇردى، مەسخىرە ۋە ھاقارەت مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى، مەن ئۆنىڭدىن غۇرۇر ۋە شەرەپ ئىپ-لىپبەسىنى ئاچتىم.

**图书在版编目（CIP）数据**

中学基础知识速查速记手册. 语文：维吾尔文 / 艾力·胡加编写. — 乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2014.9

ISBN 978-7-5372-5878-4

Ⅰ. ①中… Ⅱ. ①艾… Ⅲ. ①维吾尔语（中国少数民族语言）-少数民族语文课-中学-教学参考资料 Ⅳ. ①G634

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第205936号

书　　名：中学基础知识速查速记手册. 语文
编　　著：艾力·胡加
责任编辑：亚力坤·阿不都萨拉木
责任校对：帕丽达·吾甫尔
出　　版：新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆八百印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2014年9月第1版
印　　次：2014年9月第1次印刷
开　　本：787×1092毫米　32开　11.75印张
书　　号：ISBN 978-7-5372-5878-4
定　　价：28.80元

发行科联系电话：（0991）2828206
联系电话：18999960141　　邮编：830001
印刷、装订有问题调换